

مەمتىلى زۇنۇن، تۇرسۇن نىياز

# ئاچا - سىڭىل

(ھېكايىلەر)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلەمەت ئوسمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# ئاچا - سىڭىل

(ھېكايىلار)

ئاپتورى: مەھتىلى زۇنۇن
تۇرسۇن نىياز

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت ئوسمان

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092 × 787 م.م 1/32، باسما تاۋىقى: 0.875 [illegible]

1985 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى

1986 - يىلى 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىراژى: 1—9700

---

كىتاب نومۇرى: 47—10264 باھاسى: 0.064 يۈەن

# مۇندەرىجە


## ھەمىتىلى زۇنۇن

### ئاچا - سىڭىل

ئۇچراشقاندا ........ 3
سۆيگۈ خەتلىرى ........ 19
بىر سېۋەت ئەنجۈر ........ 33
ھەقىقى جىنايەتكار ........ 39
ئىككى ئوقۇغۇچۇم ........ 65
باشلىقىمىكىن دىسەم ........ 82
سېرىق تال ۋاقتىدا ........ 89
ئېچىلغان تال ........ 106
ئاچا - سىڭىل ........ 114
پەزىلەت (پوۋېست) ........ 157

## تۇرسۇن نىياز

### ئۈمىت شامى ئۆچكەندە

چۈشىنىش ........ 251
ئەندىشە قىلماڭ ساقى ئاكا ........ 261
شەرەپ ئىگىسىنى تاپتى ........ 278
ئاقىۋەت ........ 286
شۇنداقمۇ كىشىلەر بار ........ 292
كۆڭۈل ........ 304
ئۈمىت شامى ئۆچكەندە ........ 321

مەمتىلى زۇنۇن

# ئاچا - سىڭىل

# ئۇچراشقاندا

## 1

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ھەيۋەتلىك قىزىل بىنا ئالدىدىكى كەڭ گۈلزارلىق تېخىمۇ جانلىنىپ كەتكەن. سەھەر قۇياشنىڭ سۈزۈك نۇرلىرى دەرەخلەر ئارىسىدىن يالتىراپ چۈشمەكتە. زۇمرەتتەك يوپۇرماقلىق رەڭگا-رەڭ گۈل چاناقلىرىدا مەرۋايىت شەبنەم لىغىرلاپ تۇراتتى. شوخ، تىنىمسىز كېپىنەكلەر بۇ گۈللەرنىڭ لەۋلىرىدىن سۆيۈپ - سۆيۈپ قاچاتتى - دە، بىردەمدىلا كوزدىن غايىپ بولاتتى. كىچىككىنە ئېرىقتىكى سۇپ - سۈزۈك سۇ قىرغاقتىكى كوپ - كوك چىملارنى يۇيۇپ سىلكىتىپ، نازۇك نەغمە - ناۋا ئاۋازىدەك شىرقىراپ ئاقماقتا ئىدى. بۇلبۇل ئاۋازى جانغا ھوزۇر، كوڭۈلگە ئىلھام بېغىشلاپ تۇراتتى.

ئىنستىتوتقا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان قوي كوزلۈك، ئەگىزگىنە بىر يىگىت بۇ گۈزەللىك دۇنياسىنىڭ خۇشبۇي ھاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى كوك تاشلىق دەپتەرنىڭ ۋاراقلىرىنى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى تەسىرات تۇن-

چىلىرى بىلەن بېزىمەكتە ئىدى. ئۇ، خېلىدىن بۇيان ئەدەبىياتقا ھەۋەسلىنىپ يۈرەتتى، ئىنىستىتۇتقا كەلگەندىن كېيىنكى بىردىن بىر ئارزۇسىمۇ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇش ئىدى. ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى قەلبىدىكى ئۈمىت - ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە چۇقۇرۇشۇپ كېلىپ، سەل يىراقتىراق ئولتۇرۇشقان بىر توپ قىزلارنىڭ خوشال كۈلكىلىرى يىگىتنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى جەلپ قىلدى. بۇلارمۇ ئىنىستىتۇت قوينىغا يېڭىدىن كەلگەن، بىر - بىرلىرى بىلەن يېڭىلا تونۇشقان قىزلار بولۇپ، تېخى فاكۇلتېتلارغا بۆلۈنمىگەن ئىدى.

ئۇلار ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرى، كۆڭۈل ئىستەكلىرى ھەققىدە قىزغىن سۆزلەيتتى، ئارىدا بىر قىز خىمىيە - بىئولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن ئىدى، يەنە بىر قىز تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇش ئارزۇسىنى بايان قىلدى. بىرسى ئاگرونوملۇق كەسپىنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتسا، يەنە بىرسى سەنئەت كەسپىنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«سىزچۇ؟» دەپ سورالغان سوئالغا: «ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇشنى خالايمەن» دەپ جاۋاپ بەردى كۈلكىلەرگە قوشۇلۇپ گەپ - سۆزلەرگە ئانچە قېتىلماي ئولتۇرغان قىز.

يىگىت بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا خۇرسەندىچىلىك ۋە خىيال ئىچىدە قالدى. «ئارزۇيىمىزنىڭ ئوخشاشلىقىدىنمۇ يىكى...» دەپ ئويلايتتى. ھەقىقەتەنمۇ قىزنىڭ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزىدىنلا ئۇ، قانداقتۇر بىر تونۇشلۇقنى ھېس قىلغان ئىدى. يىگىت تازا سەپسالغان ئىدى، چىرايىدىنمۇ تونۇشلۇق بەلگىلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ خىيالغا چۆكتى ۋە بۇ قىزنى قاچان، قەيەردە كۆرگەنلىگىنى ئەسلەشكە باشلىدى. بىر دەمەل ئۆتكەندىن كېيىن

قىزلار كۆلكە چاقچاق ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى ـ دە، قىزىل بىنانىڭ مەزمۇت پەلەمپەيلىرىدىن يۇقىرى ئۆرلەشتى ـ دە، كوزدىن غايىپ بولۇشتى. ئىمىشقىدۇ، ھامىقى زىلۋا بوياۋۇق، كۆۋا‑گۈنچەك قىز توپتىن ئايرىلىپ، يالغۇزغىنا ئولتۇرۇپ قالدى. يې‑گىتنىڭ كوڭلى ئارتۇق چىدالمايتتى. ئۇ، قىز تەرەپكە ئاستا‑غىنا يول ئالدى.

— ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇشنى خالامسىز؟ ـ دېدى گەپنى ئىمەدىن ۋە قانداق باشلىشنى بىلمەي قىزنىڭ يېنىدا بىر پەس تىڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، ـ بىر سىنىپداش بولۇپ قالىدىكەنمىز ـ دە؟

— ھە، سىزمۇ شۇنى خالامسىز؟

— ھەئە

يېزىدىكى بىر ئاز سەپكۈنلىرى قىزىرىپ پىشقان توقاچ ئۈستىدىكى سىيادانىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان بۇ قىز يىگىتكە تېخى‑مۇ تونۇش، تېخىمۇ يېقىن ۋە ئىسسىق كورۇنمەكتە ئىدى. قىزمۇ ئۆز كوڭلىدە بىرەر تونۇشلۇق ھېس قىلغاندەك، يىگىتكە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى ۋە كوزلىرى ئۇچرىشىپ قالغان ھامان يەرگە قارىۋالاتتى. يىگىتنىڭ سوئالى قىسقا ۋاقىتلىق جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— سىز قەيەردىن؟

— قەشقەر بەشكېرەمدىن

— بەشكېرەمدىن؟

— ھەئە

يىگىت بىر خىل ھودۇقۇش ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ تۇمان‑لىق خىياللىرى بىردىنلا يېرۇپ، روشەنلەشكەندەك بولدى.

— ئىسمىڭىز زەينەپمۇ؟

— ھەئە، زەي — نەپقۇ؟ — دېدى قىز ھەيرانلىق ئىچىدە بۇ يىگىتكە يېگىمۋاشتىن سەپسېلىپ.

— زەينەپ! — دېدى يىگىت ھاياجان بىلەن ۋە ئۇنىڭ ئىككى قولىنى مەھكەم تۇتتى، — زەينەپ، بىز قەيەردە ئۇچرىشىۋاتىمىز — ھە!؟

زەينەپ بىر ئاز تىگىرقاشتىن كېيىن:

— ھە، سىزمۇ — سىز؟ ياقۇپمۇ سىز؟ — دېگىنىچە ياقۇپنىڭ بېغىشىدىن قاتتىق تۇتتى. ياقۇپ گۈزەل قىز زەينەپنىڭ بولاقتەك ئويناق كوزلىرىگە تىكىلگىنىچە، يۈرىگىگە جۇدالىق ھەسرىتىنى سېلىپ ئوتكەن قاباھەتلىك ئوتمۇشنىڭ قاراڭغۇ قوينىغا پېتىپ كەتتى.

## 2

— ياقۇپ! ھەي ياقۇپ!

— خېش، — ئۇ ئېغىلدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

— سېرىق پاخلان قېنى؟ راستىڭنى ئېيت، نەگە يوقاتتىڭ؟!

ئارقا — ئارقىدىن بېرىلگەن بۇ غەلىتە سوئال ۋە قامچا تۇتقان خوجايىنىنىڭ سۆرلۈك ئەلپازى ياقۇپنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ نىمە دېيىشىنى، نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

— سوزلە، زۇۋانىسىز ئوغرى!

ئۇ، نىمىمۇ دېيەلىسۇن؟ كەچقۇرۇن قاتتىق بوران چىقىپ كەتكەنلىكتىن تورىلارنى بېقىۋېرىشكە ئامالسىز قالغان ياقۇپ، خوجايىنىنىڭ ئەركە ئوغلى ساۋۇت قارى ياخشى كورىدىغان، بوينىغا تۇمار — كوز مونچاقلار ئېسىلغان سېرىق پاخلانىنىڭ سۇ

ئىچىراتقىچە لايلاتمىغا - پېتىپ قالغانلىقىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ:

— بادۇر، قويلارنىڭ ئارىسىدا، — دېگەن سۆزنى ئاران ئېيتالىدى. خوجايىن غەزەپكە كەلدى:

— ھەم، بارەمش تېخى!... راستىڭنى ئېيتامسەن — يوق!؟ — دەپ ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇلغان زەھەرلىك قامچىلار ياقۇپنىڭ ئەتسىز دۈمبىسىنى يول - يول تىلماقتا، ئۇنىڭ ئاھۇ - پەريادى، مۇڭلۇق ئىڭراشلىرى ئەتراپقا يېيىلماقتا ئىدى.

قايسى ئانىنىڭ مېھرىۋان يۈرىگى ئۆز پەرزەنتىنىڭ نالە پەريادىغا بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ قاراڭغۇ ئۆيدە ئېغىر تولغاق ئازاۋى ئىچىدە ياتقان ئانا، ياقۇپنىڭ نالىسىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، يېرىم بىھۇش ھالدا ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى:

— بالام!...

— يوقال قەلەندەر!... شۇ سۆز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قوسىقىغا تەككەن ئېغىر پەشۋا زەربىسى بىچارە مەزلۇمەنى پۈتۈنلەي ھوشسىزلاندۇردى...

بۇران جەگە - ۋاسلىرى پۈتۈنلەي ئېبىلىشىپ كەتكەن بۇ خارابە ئۆگزىسىدىكى زىغىر پاخاللىرىنى ئۇچۇرۇپ، چىقىراپ ئۆتمەكتە، ياقۇپنىڭ كىچىككىنە يۈرىگى ئېيتقۇسىز بىتالەيچىلىك ئىچىدە مەھكەم سىقىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئانىسىنىڭ ياداڭغۇ يۈزلىرىگە، نۇرسىز كۆزلىرىگە تەلمۈرەتتى. ئانا ئاخىرقى قېتىم كۆزىنى ئاچتى ۋە جانسىز قوللىرى بىلەن ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ:

— ئەي خۇدا، قاراڭغۇ كېچىدە، قارا تاش ئاستىدا قارا

مۈرچىلار① نىڭ ھەركىتىنى كۆرگۈچى خۇدا، بىزدەك ئاجىز
بەندىلىرىڭنى كومەيۋاتامدىغانسەن؟ بىزدەك تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈ-
ۋاتقان بىگۇنا بەندىلىرىڭنىڭ ئاھۇ - پەريادىنى ئاڭلىمايۋاتام-
دىغانسەن؟ — دەپ ھەسرەتلىك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، — با-
لام، ياقۇپ ئاخۇن ... زەي - نەپ - خان... باللىرىم...

ئانىنىڭ يۈرىكى ھەركەتتىن توختىغان ئىدى. ياقۇپنىڭ
ئاھۇ - پەريادىنى بورانىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى يۇتۇپ كەتتى.

مىسكىن جىنازىنىڭ بۇ بەختسىز بوسۇغىدىن يۈرۈپ كەت-
كىنىگە ھەپتە بولۇپ قالدى. بىراق، ئۇنبەش كۆنلۈك ھاشاغا
كەتكەن ئىسمايىل ئاكامدىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. بىر
كۈنى پاكار ئىشىك غاچچىدا ئېچىلدى. ياقۇپ «دادا!...» دىگى-
نىچە ئورنىدىن ئېتىپ، ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.
ئىسمايىل ئاكام ئۇنىڭ تاسىمدەك تىلىنىپ كەتكەن دۈمبىسىنى
سىلاپ تۇرۇپ، ھاملدار ياش ئايلىنىڭ قانداق قازا تاپقانلىغى-
دىن خەۋەر تاپتى. مۇشتۇملىرى قاتتىق تۈگۈلدى، قىزىل قان ئۇ-
يۇپ قالغان قوشۇمىسى تۈرۈلدى، چىشلىرى غەزەپ بىلەن غۇ-
چۇرلاشقا باشلىدى. گويا يۈرىكىدىكى ئوتلىرى ئىككى كوزىدىن
يېنىۋاتقاندەك ئىدى:

— توختا، مۇناپىقلار!...

ئۇ، چەكسىز قەھرى - غەزەپ بىلەن ئايپالتىنى ئال-
دى - دە، ئىشىككە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى.

............

خوجايىنىڭ ئائىلىسىدە كېچە لەززەتلىك ئوتمەكتە، ھەم-
مىسى شىرىن ئۇيقىدا ئىدى، ئۇيىنىڭ جىمجىتلىغىنى پەقەت خوجا-

① مۇرچە — چۈمۈلە.

يىنىڭ ئىگىز - پەس خورىگى بىلەن يامغۇر تامچىسىنىڭ ساندۇق ئارقىسىدىكى جادا ھەرىگە چۈشۈپ، ئۇنى ئىرىگىلىتىشىلا بۇزۇپ تۇراتتى. بارغانسېرى كوپ ئۇتۇشكە باشلىغان تامچىلار كاكۇللارنى قومۇرۇپ، ھەرىنى تېخىمۇ قاتتىق چەكمەكتە ئىدى. بۇ تېنچسىزلىقتىن ئويغىنىپ كەتكەن كىچىك خوتۇننىڭ بالىسى چىقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. ئانىسى ئويغاندى ۋە گويا قورقۇنچلۇق چۈشنىڭ ئەمەلىيىتىنى كورۈۋاتقاندەك قاتتىق چوچۇپ كەتتى. ھەرىنىڭ تىنىمسىز ئىرىگىلىشى ئۇنىڭ كوڭلىگە تەشۋىش سالماقتا، ئىشىكلەرنىڭ جالاقلىشى قانداقتۇ بىر ئەنسىز چىلىكتىن دېرەك بەرمەكتە ئىدى... خوتۇن ئۇچۈن ھەممە نەرسە شۇنداق سىرلىق، قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. ئۇ ۋاقىرىۋېتىشتىن ئوزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئالقانچىلىك كاكۇل ساندۇق ئۇستىگە «گۇپپىدە» چۈشتى. قورقۇپ يۇرىگى جىغداپ تۇرغان خوتۇن «ۋايجان!» دەۋەتتى، بالا چىقىراپ كەتتى. چوچۇپ ئويغىنىپ كەتكەن باي ئالاقزادىلىك بىلەن ۋاقىرىدى:

— نىمە بولدى؟!

— قارىسىلا، — دېدى خوتۇن بىر ھازادىن كېيىن. تامچا ئوتكەن ۋە كاكۇل قومۇرۇلۇش تۇپەيلىدىن قارىيىپ كورۇنگەن جاينى كورسىتىپ ئاۋازى ئوچكەن ھالدا، — ئوغرى تام تېشىۋاتىدۇ!...

يەنە بىر پارچە كاكۇل جادا ھەرە ئۇستىگە چۈشتى. ئوغرىلار ئوگزىنىڭ بۇرجىگى تەرەپتىن تېشىۋاتىدۇ، دەپ چۈشەنگەن خوجايىن قورقۇنچ ئىچىدە دەرمانى ئۇزۇلگەندەك ۋاقىرىدى:

— ۋاي ئوغرى! ... ئوغرى!... رۇسۇل! تۇرسۇن!...

تاشقارقى ئۆيدىكى ئىككى ئوغلىدىن جاۋاپ چىقماستىنلا قوش قاناتلىق ئىشىك قاتتىق جالاقلاپ كەتتى. باي تەشۋىش ئىچىدە ئالدىراش كىيىندى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن «روسۇل، تۇرسۇن، ئوغرى!...» دېگەن سوزلەر ئۈزۈلمەي چىقاتتى. بىمەھەل ئويغانغان ئۇغۇللار ئىشىنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلىشتى – دە، چىن چىراقلىرىنى ياندۇرۇشتى. خوتۇن، كېلىنلەر ۋە بالىلار بۇلۇڭغا تىقىلىشتى. باي ئىككى ئوغلى بىلەن ئىشىك يېنىغا كەلدى ۋە ئىشىكنىڭ ئىككى يېقىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ دېمىنى ئاستاغىنا ئېلىپ تۇرۇشىغا قاتتىق پەشۋا زەربىسى بىلەن زەنجىرى ئۈزۈلگەن ئىشىك داغدام ئېچىلدى. مانا شۇنداق يامان – بىنەپ چاغدا كېلىپ قالغان ئىسمايىل ئاكام قايتماس غەزەپ بىلەن ئالغا ئۈستۈلۈپ، تېخى ئەمدىلا دەلىزگە قەدەم قويغان ئىدى، كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ گەجگىسىگە بىر كالتەك كېلىپ تەگدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ قانلىق جاراھىتى ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك بولدى – دە: «كېلە مۇناپىقلار!» دېگىنىچە ئايپالتىنى قەھرى بىلەن شىلتىدى. قاراڭغۇدا بىرسى «ۋايجان!» دەپ قالدى. ئارقىدىنلا يەنە بىر كالتەك ئۇنىڭ بېشىغىلا تەگدى. ئىسمايىل ئاكام ئايپالتىنى يەنە بىر مەرتىۋە ئايلاندۇردى – دە، ھالىدىن كېتىپ خىشلىق سۇپىغا يىقىلدى.

بايىنىڭ خوتۇن، بالا – چاقىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ: «ۋايجان!... ۋاي ئوغرى!...» دەپ ۋاقىراشلىرى پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالدى.

دادىسىدىن ئەنسىرەپ ئۆيدىن چىققان ياقۇپ بۇ ساراسىمىلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. ئۇ، يە ئالغا مېڭىشنى، يە ئارقىغا يېنىشنى بىلەلمەي، بىر جايىدىلا تۇرۇپ قالدى-

يېزا ئاھالىلىرى (ياش - قېرى ئەركىشىلەر) باينىڭ ھويلىسى تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ياقۇپنىڭمۇ كېتىۋاتقانلار سېپىگە قوشۇلغۇسى، باينىڭ ھويلىسىدا زادى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلگۈسى كېلەتتى. ئاخىرى ئۇ، پاتقاقلاردا بىر يىقىلىپ بىر قوپۇپ ئالغا يۈگۈردى.

باينىڭ ھويلىسىغا ئادەم لىق تولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئېچىنىش، مەيۈسلۈك، كۆزلىرىدىن ئەلەم ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇلار چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئارتۇق گەپ - سۆز قىلىشمايتتى ۋە ئۆز ئارا پىچىرلاشمايمۇ تۇرمايتتى. ياقۇپ قىستىلىپ يۈرۈپ، ئادەملەر توپىنى يېرىپ ئۆتتى، خىشلىق سۇپىغا يۆلەنگىنىچە ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئېقىپ، خۇدىنى بىلمەستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سىڭايان ئولتۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ: «دادا!...» دېدى - دە، ئۆزىنى ئاتتى.

— بالام! — دەپ ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى ئىسمايىل ئاكامنىڭ يېنىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ھۆسىيىن ئاغام، — يىغلىما بالام، يىغلىما، ئۇلار يالغۇز ئاناڭنىلا ئەمەس، پۈتۈن يۇرتنى تىرىك يۇتماقچى!...

ياقۇپنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى ئەزمەكتە ئىدى. غەزەپلەنگەن ئەھلى جامائەت مۇتىھەم باينىڭ «ئىسمايىل ئوغۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن كىرگەندە تۇتۇلدى» دېگەن سۆزلىرىگە زادىلا ئىشەنمەيتتى.

«ئىسمايىل ئاخۇن ئوغۇرلۇق قىلىدىغانلاردىن ئەمەس، — دېيىشەتتى ئۆزئارا، — گۈلنىساخانىنىڭ خۇن قەرزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىسمايىل ئاخۇنغا بۇ قارىنى چاپلاپتۇ - دە، مۇناپىقلار!...»

............

باينىڭ ئەچكەرىكى ئۆيىدىن «ۋايجان، ۋايەي» دېگەن ئەۋراشلار تېخىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. رۇسلىنىڭ ئۇڭ قولى بىلەكتىن سۇنغان، تۇرسۇنىنىڭ قىۋراق سوڭگىكى قاتتىق زەخىملەنگەن بولۇپ، ئۇيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلار بىلەن ئاۋارە ئىدى. خەلق ئۇلارنىڭ ھالىنى كورۇپ، ئاھ - زارىنى ئاڭلاپ «خۇيمۇ ئوبدان بوپتۇ!» دېيىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسمايىل ئاكام بىلەن ياقۇپنىڭ كېيىنكى كورگۈلۈكى توغرىسىدا قايغۇرۇشاتتى.

كالتەك - چوماقلىق ئىككى دوغا ھازىر بولدى. يېزا كاتتىۋاشلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىسمايىل ئاكامنى كالا ھارۋىسىغا بېسىپ شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى. ياقۇپمۇ يىغلاپ، ئارقىسىدىن ئەگەشكەن ئىدى، ھوسىيىن تاغام:

—— سەن قال، بالام، سەن قال، مەن داداڭ بىلەن بىللە كېرىمەن، سەن قالغىن، —— دەپ توستى.

ياقۇپ ئىلاجىسىز قېپقالغان بولسىمۇ، يۇرىگى چىدىمىدى - دە، ئۇن - تىنسىز ياش توكۇپ، كالا ھارۋىسىغا ئەگەشتى. ھوسىيىن تاغام ئۇنىڭ دولىسىغا قولىنى قويۇپ: «زەينەپ، ھەي زەينەپ!...» دەپ ۋاقىرىغان ئىدى، خېلىلا يىراقتا قالغان زەينەپ يۇگۇرۇپ كەلدى.

—— بالام، ياقۇپ ئاكاڭنى ئويگە ئېلىپ كەت. چاي - پاي ئىچىپ، ئىسسىنىپ تۇرۇڭلار. مەن ئىسمايىل ئاخۇنغا ھەمرا بولۇپ بارمىسام بولمايدۇ.

—— ماقۇل، —— دېدى زەينەپ ۋە ياقۇپقا قاراپ، —— يۈرۈڭ ياقۇپ ئاكا! —— دەپ ئۇنىڭ ئۇڭ قولىدىن تۇتتى.

............

«داداڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ» دىگەن گەپكە ئىشەنىپ قالغان ياقۇپنىڭ «دادام ئەتە چىقىدۇ، ئوگۈن چىقىدۇ» دەپ چىڭ تاما بىلەن كۈن ساناپ يۈرگىنىگە بىر ئاي بولاي دەپ قالدى. بۈگۈن ئاخشام يەنە بىرمۇنچە يىغلاپ - ئىسەدەپ، ھۈسەيىن تاغام بىلەن بەختىخان ئاچامنىڭ كوڭلىنى ئېزىپ، بىر ھازاغىچە سەۋرى - تەسەللى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۇخلاپ قالدى.

قاپ - قاراڭغۇ كېچە، ئۆي ئىچىنى چوڭقۇر جىمجىتلىق باسقان. ياقۇپ بولسا، ھوسەيىن تاغامنىڭ قولتۇغىغا كىرىۋېلىپ، يېنىك خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چۈشلىرى بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ، بەزىدە تىلغىنىپ كېتەتتى ۋە بەزىدە ھوسەيىن تاغامنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇزاققىچە قويۇپ بەرمەيتتى.

ئىشىك ئەندىشىلىك ئۇرۇلدى:

— ھوسەيىن تاغا! تاغا... — بۇ تونۇش ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى، — تاغا!...

ھوسەيىن تاغام بىلەن ياقۇپ تەڭلا ئويغىنىپ كەتتى:

— دادا!...

— ئىسمايىل ئاخۇن؟...

ھوسەيىن تاغام دەرھال ئىشىكنى ئاچتى. ئىسمايىل ئاكام ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشقاندىن كېيىنلا ياقۇپنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ قەھرى - غەزىۋى قىلچىمۇ پەسەيگەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ، ھەپسىدىن قانداق قاچقانلىقى توغرىلىق بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماستىن ئۆي ئىچىگە كوز يۈگۈرتىپ چىقتى — دە، دەمىنى كوتەرگىنىچە ئىشىكتىن چىقماقچى بولدى. ھوسەيىن تاغام ئېسىلىۋالدى:

— نەگە بارسەن يەنە؟

— ............

— توختىغىنا، نىمگە شۇنچە ئالدىرايسەن؟

— زادى بىر ھىساپلاشمىسام ئۇ قانخور بىلەن!

— شۇنچىلىك قىلغىنىڭمۇ يېتەر، ئۇكام. ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ-راق بىر بالاغا قالمىغىن يەنە.

ئاڭغىچە زەينەپلەرمۇ ئويغاندى. بەختىخان ئاچام گەپ-كە ئارىلاشتى.

— ئۇكام، ئەمدى بولار، رۇسۇلنىڭ قولنى، تۇرسۇننىڭ بىر پۇتىنى ناكا قىلىپ، مۇنچىلىك ساق قالغىنىڭمۇ يېتەر. ئەم-دى يەنە ئېيتىشىدىغان بولساڭ، ئۆزەڭمۇ ئامان قالارسەنمۇ؟

— مېنى ھامان مۇنداق قوياشمايدۇ،— دېدى ئىسمايىل ئاكام كەسكىن ھالدا،— مېنى بەرىبىر ئولتۇرۇشىدۇ. يېتىپ ئول-گەندىن ئېتىپ ئولگەن ياخشى... مەن پۇخادىن چىققىدەك ھىساپ-لىشىشىم كېرەك، پۈتۈن يۇرتنىڭ قېنىنى شوراۋاتقان بۇ قانخور بىلەن ھىساپلىشىشىم كېرەك!...، - ئۇ ئالدىرايتتى، ئىشككە قاراپ ئىنتىلەتتى.

— سەۋىر قىل، ئۇكا، سەۋىر قىلغىن. ئۆزەڭنى ئايىمە-ساڭمۇ گۈلنىساخاننىڭ كوز نۇرى— ياقۇپنى ئايا، ئۇكام، ئوغلۇڭنى يېتىم قىلما، سەۋىر قىل!...

ياقۇپ بىلەن زەينەپ بىزلارنىڭ سوھبىتىدىن ھېچنەرسە چۈشەنمەي، قارىشىپلا تۇراتتى. ئىسمايىل ئاكام ئاز جىمىقتىن كېيىن ياقۇپنىڭ ئوڭ قولىدىن تۇتتى:

— جاھاننىڭ ھەممىلا يېرى مۇنداق تار بولماس. يۈر!

— نەگە؟

— ۋاي، بۇ قانداق گەپ؟ بۇ ئۆششۈك پەسىلدە نەگە مانماقچى سىلەر؟ — ھۈسەيىن تاغام بىلەن بەختىخان ئاچام بەردەكلا سورىدى ۋە ئىسمايىل ئاكىمنىڭ بىلىكىگە ئېسىلادى.

— مەن ھەپسىدىن قاچقانمەن، بىر چىرىكنى بوغۇپ، تۇنجۇقتۇرۇۋېتىپ قاچقانمەن، — دېدى ئىسمايىل ئاكام خۇددى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر توپ چىرىكلەرنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالغاندەك ھولۇقۇپ، — مېنى تىنچ قويۇشمايدۇ. ئەمدى سىلەر بىلەن ئۇزاق تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۆلمىسەك، ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىدار كۆرۈشەرمىز، خەير - خوش!...

ھۈسەيىن تاغام بىلەن بەختىخان ئاچام ئىلاجىسىز ماقۇل بولۇشتى.

— بالام!— دېدى بەختىخان ئاچام ياقۇپنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ، — بىتالەي ئانائىنىڭ ئۈمىد ئارزۇسىنى ئۇنتۇما. ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە...

بۇلار ئەنە شۇنداق ئايرىلىشقان ئىدى.

## 3

— قانداق قىلىپ بۇ يەرلەردە يۈرىسىز؟ ئىسمايىل ئاكام ساقمۇ؟ نەدە؟ ...— دېگەن سوئال ياقۇپنى قاراڭغۇ ئۆتمۈشنىڭ تۇمانلىق قوينىدىن تارتىپ چىقاردى، — بىز قانداق قىلىپ بۇ ئالى بىلىم گۈلزارىدا ئۇچرىشىپ قالدۇق - ھە؟ — دېيىشتى زېنەپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك.

ياقۇپ ئايرىلىشتىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى قىسقىچە بايان قىلدى.

— بىز شۇ كېچە سىلەر بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ، ئا-
تامنىڭ قەۋرىستانلىغىدىمۇ ئانچە ئۇزاق تۇرمايلا كەتكىنىمىزچە،
ئەتىيازدا ئىلىخوغا كەلدۇق. دادام ھەربى سەپتە ئاشپەزلىك قىل-
دى. مەن ئوقۇدۇم.

— ئىسمايىل ئاكام ساقمۇ؟

— ساق. ھازىر سۇيدۇڭدە كوپىراتىپ مۇدىرى. ھوسىيىن
تاغام، بەختىخان ئاچاملار ساقمۇ؟

— ئانام سالامەت، — دىدى زەينەپ. ھوسىيىن تاغى-
نىڭ قازا تاپقانلىغىنى ئىزھار قىلىش ئېغىر تۇيۇلدى، ئېھتىمال،
بىر پەس جىم - جىم بولۇپ قالدى. مايسىدەك كىرپىكلىرىگە قون-
غان شەبنەم تامچىلىرىنى سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن بىردىنلا جان-
لىنىپ كەتتى، — قاردىڭا، ياقۇپ، بىز بىر - بىرىمىز بىلەن
دىدار كورۇشەرمىز دەپ ئويلىغانمىدۇق ؟ يەنە كېلىپ، مۇشۇنداق
گۈزەل بىلىم - مەرىپەت باغچىسىدا - ھە؟ ... ئازاتلىقتىن كې-
يىنلا مەنمۇ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. مانا بۈگۈن بۇ
يەردە تۇرۇپتىمەن. مەن سىزنىڭ ئىسمايىل ئاكامنىڭ ھايات ئې-
كەنلىگى، سىز بىلەن كورۇشكەنلىگىم توغرىسىدا بۈگۈنلا ئۈيگە
خەت يازىمەن. ئانام بۇنى ئاڭلىسا، قانچىلىك خوش بولۇپ
كېتەر!

ياقۇپ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى دەرت - ئەلەملىك
سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلمىغاندەك، زەينەپمۇ بۇلار مېڭىپ
كەتكەن سەھەردىلا بىرمۇنچە چىرىكلەرنىڭ يېزىغا چىقىپ «ئىسمايىلنى
تاپ!» دەپ ھوسىيىن تاغىنى ئۇرۇپ - قىيناپ، سولاپ قويغان-
لىغىنى، ئۇ، ئاشۇ ئازاپ - كۈلپەت تۈپەيلىدىن ئولۇپ كەتكەن-
دىن كېيىن ئائىلىدىكىلەرنىڭ قانچىلىك ئېغىرچىلىقلارنى باشتىن



كەچۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىدى.

— يېزىمىز ئالاھىدە ئۆزگىرىپ كەتتى، — دىدى زەينەپ سۆيۈنۈش بىلەن، — يازلىق تەتىلدە بارارسىز.

— ئەلۋەتتە بارىمەن...

بىلىم - ھىكمەت گۈلزارىدىكى ئاجايىپ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئۇلار بىر فاكۇلتېتتا بولۇندى. ھازىر ئۇلار بىر سىنىپتا بىر مەقسەت ئۈچۈن ئوقۇماقتا. مەن ياقۇپ بىلەن تولىمۇ يېقىن. بەزىدە چاقچاق قىلىپ سوراپ قويىمەن:

— ھە! ياقۇپ، قانداقراق؟

ئۇ، مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزنى ئېغىزدىن چۈشەرمەيدۇ.

— ئانامنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى!

1956 - يىل سىنتەبىر، ئۈرۈمچى.

❀❀❀❀❀

# سۆيگۈ خەتلىرى

## 1

رابىيە جىمجىت سىنىپ ئىچىدە چېكىسىنى تۇتقان پېتى كىتاپ بەتلىرىدىكى گۈلدەك ئىسىل قۇرلارغا پۈتۈن زېھنى بىلەن چوڭقۇر تىكىلگەن ئىدى.

— رابىيە، خەت كەپتۇ، خەت! — دىگەن جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن تەڭ، خوشال ئويغانغان بوۋاقتەك كۈلۈپ بېشىنى كوتەردى ۋە خەتكە ئېتىلدى.

خەت! ئەزەلدىن «يېرىم دىدار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بۇ نەرسە بىر - بىرىنى سېغىنغۇچى دىللار ئۈچۈن نىمانچە قەدىرلىك — ھە؟

بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى پارچە خەتنى تەڭ تاپشۇرۇۋالغان رابىيە بېسىپ بولالماس ھاياجان بىلەن خەت ئاپتورلىرىغا كوز سالدى - دە، ئۇنىڭ ئاپپاق ئالقىنىدا قەلبى سۆيگەن يىگىتى ياسىنىنىڭ چىرايلىق خېتى يالتىرىدى. «ئومۇرلۇكۇم» دىگەن يالقۇنلۇق خىتاپ بىلەن باشلانغان نۇرلارغا كوز تىككىنىدە، چىرايلىق پىچىرلاۋاتقان ياقۇت لەۋلىرىنى يېرىپ، سەدەپتەك پاقىرىغان ئاپپاق چىشلىرى ئۇنىڭ يارىشىملىق، نازۇككىنا

سىياقىغا تېخىمۇ زىننەت قوشۇپ، كۈلۈپ ئېچىلغان سەھەر غۇنچىسىنى ئەسلەتتى.

«ھەقلىق رەنجىشلىرىڭ بىلەن تولغان سۆيۈملۈك خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، دۇنيادىكى بىردىن بىر قىممەتلىك كىشىگە ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەت يېزىپ تۇرالمىغىنىمغا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خىجىل بولدۇم. چىن كۆڭلۈمدىن ئىشىنىشىڭنى سورايمەنكى:

«سەن مېنىڭ ھاياتىم، بەختىمنىڭ گۈلى،
سېنىڭسىز ئالدىمدا ئۆلۈمنىڭ يولى!..»

رابىيەنىڭ يۈرىكى رەڭگا ـ رەڭ گۈللەر ئارىسىدا ياسىن بىلەن تۇنجى قېتىم سۆزلۈشۈپ ئولتۇرغان چېغىدىكىدەك دولقۇنلىنىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. گويا ھەربىر ئالتۇن قۇرلار ھوسنىدىن ئەنە شۇ تونۇش، مېھرىۋان كۆزلەر كۆرۈنگەندەك بولاتتى. ساپ كۆڭلىدە بولسا، تەسۋىرلەپ بولماس خۇشاللىق. ئۇ، دىققەت بىلەن نۆۋەتتىكى قۇرلارغا كۆچتى: «قەدىرلىكىم! مەن ئابدۇراخماننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلمەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتىمىز ئارىسىغا تىكەندەك ئۈنۈپ قېلىشىدىن پەخەس بولۇشۇڭنى تەۋسىيە قىلىمەن...»

رابىيەنىڭ چىرايى بىردىنلا غەلىتە تۈس ئالدى. ھاياجانلىق كۆڭلىگە قانداقتۇ بىر غەشلىكنىڭ ئۇچقۇنى چېچىلغاندەك بولدى. «ئەجىبا، ـــ دەيتتى ئۇ تەئەججۈپلىنىپ، ـــ جان ـ جىگەر دوستىدىن مۇنچىلا گۇمانلىنىشقا نىمىلەر سەۋەپ بولدىكىنە؟ ئابدۇراخماننىڭ ماڭا ياخشىلىقتىن بولەك نىمىسى تەگدى؟ مىشۇ چاققىچە ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز ئەگىتمە گەپ ـ چاقچاق ئاڭلىغان

يېرىممۇ بولمىسا، نېمە ئۈچۈن پەخەس بولارمەن؟...». ئۇ، بۇ قېيىن سوئالغا جاۋاپ ئىزدىگەندەك، پۈتۈن دىققەت - ئېتىۋارىنى ئىككىنچى خەت ئۈستىگە مەركەزلەشتۈردى. بۇ خەت ئابدۇراخماننىڭ سۆيگىنى، رابىيەنىڭ سىرداش دوستى. ھازىر بولسا، ئۇز يۈرتىدىكى ياسىننىڭ خىزمەتدىشى بولۇپ ئىشلەۋاتقان رۇقىيەدىن كەلگەن ئىدى. «جېنىم رابىيە، سېنى كەچۈرگىن، ئاتا - ئاناڭ، ئۇرۇق - تۇققانلىرىڭدىن يىراقتا، قانداق خوشال - خۇراملىقلار ئۈچىدە كېلىپ - يايراپ يۈرگىنىڭدىن قەتئىينەزەر، مۇساپىرچىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان شارائىتىڭدا، ئۈگىنىش - ئۆرمۈشۈڭنىڭ غەلىبىسىگە بەدەل بولغىدەك خۇشخەۋەر - شادلىقلار توغرىسىدا يازماي، يۈرەكنى ئەزگۈچى كۆڭۈلسىزلىك - خاپىلىقلار توغرىسىدا يازغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈر!...». بۇ قۇرلار رابىيەدىكى پۈتۈن خۇشاللىقنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىغا مۇزدەك سۇ قۇيۇپ، ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغان چىرايىغا جىددىيلىك - تەشۋىش سوغا قىلدى.

«يۈرىكىمنى ئەلەم خەنجىرى بىلەن تىلغاۋاتقان بۇ ئىشلار ھەققىدە ئىككى قۇر خەت يازمىسام، ھەققىي سىرداشلىق ۋەدىمىزنى ئادا قىلالمايدىغانلىقىمغا تولۇق ئىشەنچ قىلغىنىمدىن كېيىنلا بۇ كۆڭۈلسىز خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم ... مۇشۇ خېتىم بىلەن قوشۇپ، ياسىننىڭ ماڭا يازغان ئىككى پارچە خېتىنى ئەۋەتتىم. ئۇنىڭ تەكلىپنامىلىرى بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ياسىننىڭ ئانىسى ئەۋەتكەن ئەلچىلەرنىڭ ئانام ئاغزىدىن «قىزىمىز نېمە دەيدىكىن، قېنى ئويلاپ كۆرەيلى، دېگەن جاۋاپنى ئېلىپ قايتقانلىقى ھەققىدە يېزىشنىمۇ ئىلگىرى لايىق كۆرمىگەن ئىدىم. لېكىن ...». رابىيەنىڭ يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت بەختسىزلىككە يولۇققاندەك قاتتىق سىقىلىشقا باشلىدى. نەپىسى ئېغىرلاشقاندەك بولۇپ،

غەزەپلىك كوزلىرىنى چوڭقۇر تىكىپ، خەتنى ئوقۇشىنى تېز داۋام-
لاشتۇرۇپ كەتتى. «ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىنىڭ ئىچىگە سېلىپ
قويغان بەزىبىر خەتلىرى سەۋەبىدىن قانچىلىك ئىزا - ئەلەمگە
گىرىپتار بولغىنىم ھەققىدىمۇ يېزىپ ئولتۇرغۇم، سېنىڭ كوڭلۇڭنى
ئەزگۈم كەلمىگەن ئىدى. دوستۇم! ئىشەنسەڭ خىزمەتداشلار ئال-
دىدا تولىمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىۋاتىمەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەم-
مىسىنى مەجلىستە ئوتتۇرىغا سالاي دىسەم، ئادەم دىگەننىڭ
ھەممىسى كىشىنىڭ كوڭلىنى بىرخىل چۈشىنىپ كېتەلمەيدىكەن.
مىش - مىش پاراڭلارنىڭ يۇرەكنى ئېزىشىدىن قورقىمەن.
تەشكىلگە ئېيتاي دىسەم تېخى ... بۇ كوڭۇلسىزلىكنى ئىزھار
قىلىشتا مېنى مەجبۇر قىلغان مۇنۇ خەتلەرنى تەپسىلى ئوقۇپ
چىققاندىن كېيىن، دوستانە مەسلىھەت بەرگىن ..»

رابىيەنىڭ كوز ئالدىدا ئوزىگە تېخىمۇ تونۇش بولغان
مۇھەببەتدىشى ياسىنىنىڭ ئىككى پارچە خېتى نەكشى يۇز ئاچتى.
قانداقتۇ بىر ھىكايە - رومان سەھىپىلىرىدىن تېرىۋېلىنغان ئاجا-
يىپ - غارايىپ سوزلەر بىلەن تولغان بۇ خەتلەر رابىيەنىڭ
يۇرىكىگە شۇنچىلىك ئەلەم قىلدىكى، ئۇ، شۇ كەچىگىچە كورۇپ
باقمىغان غەلىتە بىر ئەھۋال ئىچىدە قالدى:

«رۇقىيەم، سىز مېنىڭ بەختىمنىڭ گۇلى،
سىز بىلەن پارلاقتۇر ھاياتىم يولى ...»

رابىيەنىڭ ۋۇجۇدىدىن سەۋر - تاقەت ئوتى ئوچتى. ئۇ،
نەگە بېرىشىنى، نىمە قىلىشىنى بىلمىگەن ھالدا، ھەممە خەتلەر-
نى قاتتىق مىجىقلىغان پېتى ئىشىككە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى.

## 2

رابىيە بۇلبۇللار ناۋاسى بىلەن تولغان كەڭ گۈلزارلىق ئوتتۇرىسىدا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىلارغا مەقسەتسىز قاراپ، ئاسماندەك چەكسىز، دەريادەك تىنىمسىز خىياللار قاينىمىغا چوكۇپ ئولتۇراتتى.

— نېمانچە ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز؟ — دېگەن سوئالنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ مەجنۇنتالدەك تولغىنىپ كەينىگە قارىدى. ئۇ ئابدۇراخماننىڭ قاچان كېلىپ ئولتارغانلىقىنى تۇيمىغان ئىدى.

— ھېچ، — دېدى رابىيە مەيۇسانە قىياپەتتە. ئابدۇراخمان ئۇنىڭ ئىككى - ئۈچ كۈندىن بۇيان ئادەتتىن تاشقىرى شوك بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ئىدى. شۇڭا كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى:

— نېمە بولدىڭىز، رابىيە؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ - يە؟

— ياق، ھېچنېمە بولمۇدۇم.

— يوشۇرماڭ.

— سىزدىن نېمىنى يوشۇراتتىم؟

— ياق، بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتىسىز، رابىيە.

— قايسى ئىشنى؟

— بۇنى پەقەت ئۆزىڭىزلا بىلىسىز.

رابىيە ئابدۇراخمانغا ئۆز ئاكىسىدەكلا ئىشەنچ قىلاتتى ۋە ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. ئابدۇراخماننىڭمۇ ئۆز سىڭلىسىدەك كۆرۈپ مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ،

بەك ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدى، يۈرىكى قاتتىق سىقىلىشقا باشلىدى. «قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ كوڭۈلسىزلىكتىن ئۈنىمۇ خەۋەردار قىلايمۇ - ياكى ...» ئۇ، كەسكىن قارارغا كەلدى - دەرھال چىرايلىق قاتلانغان بىر سىقىم خەتنى ئاستانىسىنى ئۈزۈۋەتتى، ئۈياتچان كوزلىرىنى دەرھال يەرگە قاراتتى. ئابدۇراخمان بۇ خەتلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى ۋە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. «ئەجەبا، تېخى يېقىندىلا رابىيەسىز ياشىيالمايدىغان يىگىت، ئەمدىلىكتە رۇقىيەسىز ياشىيالمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ - يە؟ ئۈنىڭغىمۇ جان پىدا قىلىش، بۇنىڭغىمۇ جان پىدا قىلىش؛ ئۈنىڭ ۋۇجۇدىدا زادى قانچە جان باردۇر!...» ئۈنىڭ كوز ئالدىدىن بۇرۇنقى دوستلۇقىنىڭ جانلىق كورۇنۇشلىرى بىر - بىرلەپ ئوتۇشكە باشلىدى.

ئابدۇراخمان ئوتكەن يىلقى يازلىق تەتىلدە ئوز يۇرتىغا بارغان ئىدى. ئۇ، ئۇرۇمچىگە قايتىش ئالدىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەڭ يېقىن دوستى ياسىن بىلەن دولقۇنلۇق تۇمەن دەرياسىنى بويلاپ ئاستا كېتىۋېتىپ، كوڭۈل سىرىنى ئىزھار قىلغان ئىدى.

— ئاداش، ياسىن، — دىگەن ئىدى ئۇ بىر خەتنى دوستىغا ئۈزىتىپ ئوتتۇنۇش ئاھاڭىدا، — بۇ، ھەر كىشىنىڭ ھاياتىدىكى مۇرەككەپ ۋە ئىنتايىن نازۇك مەسىلە ئىكەنلىكىنى مەندىن ياخشىراق چۈشىنىسەن، بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئويلاپ، توغرا مەسلىھەت بېرىشىڭنى سورايمەن.

ياسىننىڭ پۈتۈن زېھنى خەتكە بېرىلدى. بۇ، ئابدۇراخماننىڭ مۇھەببەتنامىسىغا قايتۇرۇلغان جاۋاپ خەت ئىدى.

— باركاللا! — دىگەن ئىدى ياسىن ھاياجان بىلەن، —

رۇقىيە ھەقىقەتەن ياخشى قىز. خۇيىمۇ ئوبدان بىر جۈپ بولسا-
لەر - دە! بۇ ئىشنىڭ جەريانىدا قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ياردەم-
لىرىمنى ئايىمايمەن!

ياسىن رۇقىيەنىڭ تىلغا ئالغىدەك پەزىلەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى
دېگىدەك سوزلەپ بولغاندىن كېيىن، دوستىغا مۇراجەت قىل-
غان ئىدى:

— شۇنداق قىلىپ، يېقىندا ئۇرۇمچىگە كېتىسەن. بىزنىڭ
رابىيەمۇ كېتىمەن، دەپ يۇردۇ. سەن بولغانلىغىڭ ئۇچۇن كوڭلۇم
توق. مۇساپىرچىلىق يۇرتتا يالغۇزلۇق تارتىپ قالمىسۇن.

— بۇ ئوز ئىشىڭغۇ؟ رابىيەگە خەت يازغىنىڭدا بىزنىمۇ
بىر بۇرجىگىگە قىستۇرۇپ قويارسەن.

— ئوز دوستىنى ئۇنتۇش — گۇنا. قىستۇرۇپ قويۇش
دىگەن نىمىسى، ئوزەڭگىلا ئاتاپ ھەپتىمۇ - ھەپتە خەت يېزىپ
تۇرارمىنا!

— رۇقىيەمۇ پەقەت ئائىلىسىنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىغىنى
دەپلا خىزمەتكە چىقىپ قالدى. ئاز - تولا ياردەم بېرىپ
تۇرارسەن.

— ئەلۋەتتە. بۇ ھەققى دوستلۇق قەرزى ئەمەسمۇ؟

... ... ...

ئابدۇراخمان چەكسىز خىيال دېڭىزىنىڭ تەكتىگە چوكۇپ
كېتىۋاتاتتى. «كىچىگىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ، بىللە ئوقۇغان
شۇنچە يېقىن سىرداشلار ئەمەسمىدۇق؟ ئۇنىڭغا نىمە بولغاندۇ؟
رابىيەگە بەرگەن قەسەم - ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟
ماڭا قىلغان لەۋزىنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇ، ئۇنچىلا
نامەرت يىگىت ئەمەس ئىدىغۇ؟ ...»

— ئابدۇراخمان، — رابىيەنىڭ بىتاقەتچىلىك ئىچىدە ياڭرىغان ئاۋازى خىلغىچە سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى، — سوزلىسىڭىزچۇ! ياسىننىڭ مۇنداق قىلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن، — ئۇنىڭ سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلگەن قاپ - قارا كوزلىرى قايتىدىن ياشقا تولدى.

— «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ» دىگەن گەپ بىكار چىقمىغان، — دىدى ئابدۇراخمان، — ئۇ، بىزنىڭ ئىناق ساۋاقداشلىق هاياتىمىزدىن گۇمانلانغان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ سىزنى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ماڭا قارىماسمىكىن دەپ شۈبھىلىنىۋاتقان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا بىلىم سەۋىيىسى، مۇئاش دەرىجىسى ئوزى بىلەن تەڭ بولغان رۇقىيەگە ئىنتىلگەن بولۇشى ئەمەلىيەتتىن يىراق ئەمەس.

— مەن ئۇنىڭدىن ئۇستۇنلۇك تالىشارمىدىم؟

— سىزغۇ ئۇستۇنلۇك تالاشمايسىز. ياسىنغا ئوخشاش بىر قىسىم يىگىتلەرنىڭ ئوي - خىيالىنى ئۇنىڭدىن يىراق دىگىلى بولمايدۇ - دە.

— ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

— مېنىڭچە، يەنىلا سەۋر قىلىڭ، — دىدى ئابدۇراخمان تەمكىنلىك بىلەن، — رۇقىيە سىز بىزگە ۋاپاسىزلىق قىلىدىغان قىز ئەمەس. ئۇ ياسىننىڭ گۇمان - ئەندىشىلىرىنى توگىتىشكە، ئوز ئىزىغا چۈشۈشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. مەن بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمەن. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. ئىككى - ئۈچ ئايغا قالماي، مېنىڭ خىزمىتىممۇ، بەلكى، شۇ ياقلاردا بولۇپ قالار. ئۇ چاغدا رۇقىيە بىلەن ئىككىمىز سىلەرنىڭ ئىشىڭلارغا هەمكارلىشىمىز. گۇمان ئەندىشىلىرىنى سۇرۇپ قوغلىۋېتىدىك خەت

يېزىڭ. رۇقىيەدىن خەت كەلگەنلىگى ھەققىدە ئەلەم تەۋرەتمەڭ. پەقەت ئۆزىنىڭ خېتىگىلا چىرايلىق جاۋاپ قايتۇرۇۋېتىڭ.

— ماقۇل، — دېدى رابىيە يېنىككىنە نەپەس ئېلىپ، — مەسلىھەتىڭىزنىڭ پايدىسىنىلا كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. بۇ قېتىممۇ سىز دېگەندەك قىلاي.

3

ئىشخانىدا تەنها ئولتۇرغان رۇقىيەم، ياسىن پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا قوزغالدى.

— رۇقىيەم، نەگە؟

— نېرى تۇرۇڭ، ئالدىمنى توسماڭ!

— نىمانچە قاچىسىز، رۇقىيەم؟

— زادى نىمە دىمەكچىسىز؟ — دېدى جىددىيلىك بىلەن.

ياسىن بىر پەس گەپ تاپالماي قالدى ۋە سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ قايتۇردى:

— مەن سىزگە نىمە قىلدىم؟ نىمانچە قېچىپ يۈرىسىز؟

— يەنە نىمە قاپتۇ سىز قىلمىغان؟

— نىمە قىپتىمەن؟

— ئۆزىڭىزدىن سوراڭ!

ياسىن بىر ئاز دۇدۇقلاشتىن كېيىن ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى:

— كېلىڭ، ئولتۇرۇپ چىرايلىقچە سۆزلىشەيلى.

— سىز گەپنىڭ چىرايلىغىنى، ئىشنىڭ سەتىنى قىلىشقا ئۇستا، — دېدى رۇقىيە ئۈستەلنى يىراقراق تارتىپ ئولتۇرۇپ، —

سۆزلەپ دېدى.
— رۇقىيەم، كىشىنى ئۇنچىمۇ خارلىماڭ.
— كىمنى كىم خارلاۋېتىپتۇ؟
— مېنى سىز، سىزنى ئابدۇراخمان خارلاۋېتىپسىز، — دېدى ياسىن ئىشەنچ بىلەن.
— يالغان! — دېدى رۇقىيە كەسكىن هالدا، — چىن مۇھەببەتنى، ھەقىقى دوستلۇقنى، توغرا يولداشلىقنى نادانلارچە خارلاۋاتقان سىز، پەقەت ئۆزىڭىز!
ئادەتتە نۇمۇسچان ۋە مۇلايىم يۈرىدىغان رۇقىيە، ياسىن بىلەن مۇنداق پاراڭلارنى بىر قانچە قېتىم ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن-مۇ ياكى ئاچچىغى چېكىگە يەتكەنلىكىدىنمۇ ئۆزىنى ئانچە ئوڭاي-سىز سەزمىگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ياسىننىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى:
— ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداۋاتىمىز، رۇقىيەم، — دېدى ياسىن بىچارە قىياپەتتە، — ئابدۇراخمان بىلەن رابىيە ئاللى-قاچان بىرلىشىپ كەتتى، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى بىلمەيۋاتىسىز.
— يالغان!
— مانا بۇ پولاتتەك پاكىتقا نېمە دەيسىز؟ — ئۇ، مەي-دە يانچۇقىدىن بىر رەسىمنى ئېلىپ رۇقىيەگە ئۇزاتتى، — قارىماسىز، ئۇلارنىڭ مەنىلىك قارىشىپ تۇرۇپ كەتكىنىنى. بۇ ئەمدى سىلەرمۇ ئۆز لايىقىڭلارنى تېپىۋېلىڭلار، دىگىنى ئەمەسمۇ؟
— ئەجەپ قالتىس پاكىت ئىكەن؟ — دېدى رۇقىيە مىيىقىدا كۈلۈپ، — مۇنداق پاكىت كېرەك بولسا، مەرھەمەت، بۇنىمۇ كۆرۈڭ! — ئۇمۇ يېرىم يىلدىن بۇيان ساقلاپ يۈرگەن

بىر رەسىمنى ئۈزاتتى. بۇ ئەنە شۇ «پولاتتەك پاكىت» نىڭ ئوخشاش نۇسخىسى ئىدى.

— ئابدۇراخمان كەلگەن تەقدىردىمۇ بەرىبىر سىز - بىزگە قارىمايدۇ، — دېدى ياسىن بوش ئاۋاز بىلەن.

— نېمىشقا؟

— ئۇ، ئالى مەكتەپنى تۈگەتتى، بىز بولساق ... — ئۇ، ئۆچمىگە تىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئابدۇراخماننىڭ ياسىن توغرىسىدىكى قىياسى خاتا ئەمەس ئىدى. «ئابدۇراخمان بىلەن رابىيە ئالى مەلۇمات ئىگىسى بولۇپ قالدى، — دەپ ئويلايتتى ياسىن خىيالىدىن بۇيان، — ئىش ھەققىمۇ بىزنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئەركىشىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، خىزمەت ئورنى، مۇئاشى ئايالىنىڭكىدىن تۆۋەن بولسا، ئىززەت - ئېتىبارى بولامدۇ؟» بۇ كۆز قاراش بايىقى رەسىمنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تېخىمۇ مۇقىملاشقان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ «ئۆز خىلىم - ئۆز لايىقىم» دەپ ھېساپلىغان رۇقىيەنىڭ پېيىگە چۈشكەن ئىدى. رۇقىيەنىڭ ئاغزىدىن «ماقۇل» دېگەن جاۋاپ چىققان ھامان رابىيەدىن ئۈمىت ئۈزۈشكە تەييار ئىدى. بىراق، ئۇ شۇنچىلىك ماھىرلىغىنى ئىشلىتىپ يازغان دەبدەبىلىك خەتلەر، يالتىراق قەسەملەر رۇقىيەگە ھېچقانچە تەسىر قىلالمايتتى.

— قويۇڭ مۇنداق گەپنى! — دەيتتى ھامان كەسكىن رەت قىلىپ، — رابىيە سىز ئويلىغاندەك قىز ئەمەس. گۇمانىڭىزنى پىشىغا چىڭ ئېسىۋېلىپ، ئىمانىڭىزدىن ئايرىلىپ قالماڭ.

بۇگۈنمۇ ئۇ رۇقىيەدىن دەل ئاشۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ ئولتۇرماقتا ئىدى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» ئۇ، گويا

قېلىن جاڭگاللىقتا ئادىشىپ قالغان كومپاسسىز يولۇچىدەك ئېزىتقۇ خىياللىرىنىڭ قويۇق جاڭگىلىدا تەمتىرىمەكتە ئىدى. كوز ئالدىدىكى ھەممە يەر چەكسىز قاراڭغۇلۇقتەك، ھېچقانداق چىقىش يولى يوقتەك بىلىنەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىغا رۇقىيەنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئاز - تولا تەسەللى - تەربىيە بېرەي دەپ تۇرغىنىدا، تەڭتۇش يىگىتلەر-دىن بىرى كۈلۈپ كىرگەن پېتىچە:

— ياسىن، خۇشخەۋەر! — دېدى شوخ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن.

ياسىن چوڭقۇر قاينام ئىچىدىن ئۇخچۇپ چىققان چەۋەنداز-دەك بېشىنى بىر سىلكىدى - دە، كوزىنى يوغان ئاچتى.

— نىمە خۇشخەۋەر؟

— قولۇڭنى تارتىپ تۇر، سۇيۇنچىسىنى بەرمەسەڭ ئېيتمايمەن!

— نىمە ئالساڭ بېرەي، — دېدى ياسىن تەقەززالىق بىلەن، — ئېيت، سۇيۇنچىسىگە نىمە ئالىسەن؟ — ئۇنىڭ رۇقىيە ئالدىدا ئوز مەرتلىگىنى بىر كورسىتىۋېلىش نىيىتىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

— ئەنە — شىكەر شەنبە، ئوز ئويۇڭدە مېھمان قىلىسەن.

— ئاران شۇمىدى؟ بولىدى، پۇخادىن چىققىنىڭچە مېھمان قىلاي!

— سۇيۇملۇك رابىيەڭدىن خەت! — دېدى چاقچاقچى يىگىت ۋە بىر كونۋېرتنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، — لەۋزىڭدىن يېنىۋالما - ھە! — دەپ ئەسكەرتىپ قويغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئوڭايسىز بىر ھالدا قالغان ياسىن ئوز ئالقىنىدىكى كون-

ۋېرتنى نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى. رۇقىيە:

— ئاچماسىز، ئېچىڭ، خالىسىڭىز بىللە ئوقۇيلى! — دەپ قىستىدى ئوچۇقچىراي بىلەن، — قولىڭىز تىترەۋاتامدۇ؟ مەن ئېچىپ بېرەيمۇ - يا؟

ياسىن ھودۇقۇش ۋە قورقۇنۇش ئىچىدە كونۋېرتنى ئاۋايلاپ يىرتتى، لېكىن خەتنى ئالماي تۇرۇپ قالدى.

— خودۇكسىنىۋاتامسىز؟ — دېدى رۇقىيە، — بولدى، قارىماي تۇراي، ئوقۇۋېرىڭ. — ئۇ، ئورۇندۇقنى بىر نەچچە قەدەم كەينىگە سۈرۈپ، تۈنۈگۈنكى گېزىت سەھىپىسىگە كۆزىنى تىكتى، ياسىن ئۆز ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى:

«... ئابدۇراخماندىن پەخەس بولغىدەك ھېچنەرسىنىڭ يوقلۇغىغا. مۇھەببىتىمىز ئارىسىغا تىكەندەك ئۈنۈش ئۇنىڭ يىگىتلىك ۋىجدانىغا يات ئىكەنلىگىگە شەك - شۈبھىسىز ئىشىنىڭ. ئابدۇراخمان ئۆز يۇرتىمىزغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا تۇردۇ. كۆز ئالدىڭىزدا ئۇنىڭ رۇقىيە بىلەن توي بولىۋاتقان سائەتلەردە بىھۇدە گۇمانلىرىڭىز ئۈچۈن خىجىلمۇ بولارسىز ... ئۆزەمگە كەلسەم، كېيىم گەپ، ئاسمانغا چىقىپ كەتسەممۇ، مەن يەنىلا سىزنىڭ!... قالغان گەپنى يازلىق تەتىلدە بىر - بىرىمىزنىڭ دىدارىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كەڭ - كۇشادە سۆزلىشىۋالارمىز. جان دوستۇم رۇقىيەگە ئابدۇراخمان بىلەن مەندىن سېغىنىپ سالام دەڭ.

چەكسىز ئىشەنچ بىلەن: سىزنىڭ ...»

پۈتۈن جان - جىسمىنى ئوت - ھارارەت قاپلىغان ياسىن بۇ خەتنى «ئوقۇپ بېقىڭ» دەپ رۇقىيەنىڭ ئالدىغا قويدى - دە، ئۆز جايىغا پېتىپ ئولتۇرغىنىچە ئويغا چۆكتى: «ئاسمانغا چىقىپ كەتسەممۇ، مەن يەنىلا سىزنىڭ» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ۋاپادارىنىڭ شېرىن لەۋزىنى ياتلاپ. رابىيەنىڭ نۇرلۇق سىماسى

قويۇق بۇلۇتلار ئارىسىنى يېرىپ چىقىۋاتقان تولۇنئاي ـ دەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جىلۋە قىلماقتا ئىدى. ئالدىنقى يىلىنىڭ دەل بۈگۈن ـ كى كۈنلىرىدە ياسىن ئەنە شۇ ئايجامالنىڭ دىدارىغا تەشنالىق بىلەن بېقىپ: «سىز ــ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى تولۇنئاي» دېگەن ئەمەسمىدى؟ ئۇ، شۇ چاغدا مۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرگەنمىدى؟ ئۇنى بىر پارلاق چۆلگە ئۇچۇرۇپ كەلگەن زادى قانداق ئېزىتقۇ شامال؟...

خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ بولغان رۇقىيەم يىغىلىق ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— ئۇلار كېلەر ئاي ئوپچۇرىسىدە كېلىدىكەن. ياسىن سىز نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ گەپ قىلمايسىزغۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلاردىن مەرتلىك بىلەن ئەپۇ سوراڭ...

— ئالدى بىلەن سىزدىن ئەپۇ سوراي، — دېدى ياسىن يەرگە قاراپ، — سىزنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. بىر تالاي ئىزا ـ كۆلپەتكە قويدۇم.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى رۇقىيەم سەمىمىيەت بىلەن، — ياخشىسى، ئۇلارغا خەت يېزىڭ. خالىسىڭىز، ھازىرلا يېزىڭ.

— بولىدۇ. خەت يازاي، دوستلۇققا ئىشەنچ، مۇھەببەتكە ۋاپا قىلمىغان بىر گۇناھكارنىڭ ئىقرارنامىسىنى، ياق، توۋىنامىسىنى يازاي، يېڭى ھايات يولىغا دادىل قەدەم تاشلاش قەسەمنامىسىنى يازاي!...

ئۇ، قەغەز ـ قەلەم ئالدى. ئۇ، ئۆزى ئېيتقان يېڭى ھايات يولىغا قانداق مېڭىشنى ئويلىغان بولسا، قەلىمى ئاق قەغەزنىڭ قىزىل سىزىقلىرىنى بويلاپ شۇنداق تېز مېڭىپ كەتتى.

1957 ـ يىل ماي، ئۈرۈمچى.

# بىر سۆۋەت ئەنجۈر

I

ياتاق ئىشىكى ئاستاغىنا ئېچىلدى - دە، كۆك يوللۇق خۇرجۇننى مۈرىسىگە ئارتىۋالغان ئېگىز بويلۇق، چاساقال بىر كىشى كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— كەلسىلە.

بۇ خىزمەتدىشىمىز ئابدۇللىنىڭ دادىسى ناسىر ئاخۇن ئاكام ئىدى. بىز ئۇچۇق چىراي قارشى ئالدۇق. ئۇ، قولتۇقىغا قىسىۋالغان ئەنجۈر سىۋىتىنى ئاۋايلاپقىنا يەرگە قويدى. قىسقىغىنا تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن گېزىت قەغىزىنى شىرە ئۈستىگە يايدىم، پىچىنە تىزدىم، يېڭىلا ئەپكىرىپ قويغان ئاقناۋاتنى پىچىتىم، ناسىر ئاخۇن ئاكامغا بىر كاسا قادىم - دە، ئالدىراق سوروپ قويدۇم ۋە قەلەمتىراچنى ئۇنىڭغا يولەپ قويۇپ، تەكلىپ قىلدىم. ئاڭغىچە ناسىر ئاخۇن ئاكام خۇرجۇننى ئاچتى، قايماق سىلىپ ياپقان قاتلىما نان، قۇيماقلارنى ئالدىمىزغا قويدى:

— ئىلىڭلار، سەھەرنىڭ قاتتىق قۇرۇقارىغىمۇ ئېغىز تەگكۈزۈپ قويۇڭلار، — دەپ سۆزلىگەچ، ئىشىپ تۇرۇپ، ئەنجۈر

يوپۇرمىغى بىلەن يېپىلغان باغىمىز يۇمۇلاق سىۋەتنى ئالدى - دە، پەچان بىلەن ئېتىلگەن ئىزمىلىرىنى بىر - بىرلەپ يەشتى، — ئېلىڭلار، يىگەچ ئولتۇرۇڭلار.

مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن سېرىق ياغدەك ئەنجۈرلەر ئىشتىھامىزنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ شىرىنلىكى تىلدىن ئۆتۈپ، دىلغا لەززەت بېغىشلايتتى. ئابدۇۋېلى سوراپ قالدى:

— دادا، بېغىمىزنىڭ ئەنجۈرى شۇنچىلا مىۋە بەرگىدەك بولۇپ قالدىمۇ؟

— قويغانغا ئىككى يىل بولماستىنلا مۇنچە مىۋە بېرەمدۇ ئۇ؟ — دەپ جاۋاپ بەردى ناسىر ئاكام، — بۇ ئۆزى كېپقالغان ئەنجۈر، نەرقىنى سورىماي يەۋەرمەمسەن؟ — ئۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ يۇقۇرقى سوزىگە ئىزاھات بېرىشكە باشلىدى، — بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن بولغان ھېلىقى ئىش يادىڭدىمۇ؟ ئاشۇ بىزنى ئالداپ، شىم - كەمزۇرۇك بىلەن ئوتۇكۇڭنى ئېلىپ قاچقان ئادەم تەپكىلىپ بەردى.

— نىمە؟ — ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش بىلەن سورىدى ئابدۇۋېلى، — نەدە تۇتۇۋالدىڭ ئۇنى؟

كىم ئۇ ئىشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ يۈرىدۇ دەيسەن؟ تۈنۈگۈن ئويدە ئولتۇرساق، خېلى سالاپەتلىككىنا بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ناھايىتى ئوچۇق كوڭۇللۇك بىلەن ئولتۇرۇپ تىچلىق - ئامانلىق سورىدى، ئەھۋاللاشتى ھەم سېنى سورىدى. مەن ئۇنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كورگەندەك قىلدىمۇ - تونىيالمىدىم. ئاخىرى ئۆزىدىن سورىدىم.

— ھېلىقى بىر يىلى ئوغۇللىرىنىڭ نامىدىن خەت ئېلىپ كېلىپ، شىم - كەمزۇل، ئوتۇكلەرنى ئېلىپ كەتكەن ئادەم مەن

ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئۇزىنى تونۇشتۇردى. «بۇ هارامزادە يەنە نېمە مۇددىئا بىلەن كەلدىكىن» دەپ جەمەمدە ئويلاتاردىم.

— ئۇزلىرى بىلىلا، — دەپ خىجالەتچىلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — مەن شۇ ۋاقىتتا ئۆيلىرىگە كونا كىيىملەر بىلەن يالاڭئاياق كەلگەن ئىدىم. تۇرمۇش ئەھۋالىم ياخشى ئەمەس ئىدى. باللىرىمنىڭ ئۇچىسىدا تۈزۈككىنە قىشلىق كىيىملىرى يوق ئىدى. كېچە - كۈندۈز جاپا چېكىپ ئىشلىگەنگە لايىق بەھرى ئالالمىغاندىن كېيىن ئانچە - مۇنچە قىمارغا ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم ... بالىلىرىمنىڭ نالىسى، تەقۋادار مويسىپىتلەرنىڭ دۇئاسى، كادىرلار ۋە ئەزالارنىڭ تەنبىھ - تەربىيىسى نەتىجىسىدە ئاستا - ئاستا ئەمگەككە قاتنىشىدىغان، قاتناشقاندىمۇ تولۇق قاتنىشىدىغان بولدۇم. بىكار پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، پېپەك سۈپۈرگە ياسىدىم. بۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە لازىم بولىدىغان نەرسە بولغاچقا، بازىرىمۇ يامان ئەمەس بولدى. تۇرمۇشىمىزمۇ يىلدىن - يىلغا ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. ئانچە - مۇنچە نەرسىلەرنى ئېشىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل ئائىلىمىزدە ئۈچ ئەمگەك كۈچىگە خېلى ئوبدانلا دارامەت تېگىپ قالدى. ئەمدى بىر رازى قىلمۇپتەي دەپ كېلىۋىدىم، — دىدى ۋە خورجۇننى ئېچىپ، — ئاز بولسىمۇ بەش مىتىر چەپەرقۇت، — دەپ ئالدىمغا قويدى، — يېڭى ئوتتۇكتىن بىرنى ئېلىپ كېلەرمەن دىگەن ئىدىم، ئۈلگۈرەلمىدىم. ئاز بولسىمۇ مۇشۇ پۇلنى... — دەپ ئەللىك يۈەننى ئۇزاتتى.

— رەھمەت، بۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپمۇ كەتكەن ئىدۇق، پۇلنى يانچىقىڭىزغا سېلىپ قويسىلا، — دەپ ئالغىلى ئۇنىمىدۇم.

— ئۇنداق دىمىسىلە، ئەسلىدە مېنىڭ ئۈستىخىنى ھالالدىن

پېتكەن ئادەم ئىدىم. يوقسۇزلۇق ـ مۇھتاجلىق مېنى شۇ كويىغا سالدى. ئۆز ھاياتىمدا ئاماسىزلىقتىن قىلىپ سالغان ئاشۇ بىر يامان ئىش توغرىلىق ئاز ئازاپلانمىدىم. كىشى چۈشەنگەنچە، كۆزى ئېچىلغانچە ئىلگىرى قىلىپ قويغان بەزىبىر يامان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىدىكەن. ئۇنداق قىلماي ھەممىسىنى ئالسىلا، ـــ دەپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى پۇلنىڭ يېرىمىنى ئالدىم. ئاشقا تويغان ئىدىم، ئۇنىمىدى. كېتىش ئالدىدا ئىككى سېۋەت ئەنجۈرنى ئالدىمغا قويۇپ «ئۆزىمىزنىڭ بېغىمىزنىڭ ئەنجۈرى ئىدى، ئېغىز تېگىپ قويسىلا. ئامال قىلالىسىلا، بىر سېۋەتنى ئوغۇللىرىغا ئەۋەتىپ بەرسىلە» دەپ بىرمۇنچە ھۆزۈر قويۇپ كېتىپ قالدى. بۇ سېنىڭ نىسىۋەڭ...

ھېكايە ھەممىمىزنى قىزىقتۇردى. بۇنىڭ ئوتتۇمۇشىنى بىلگىمىز كەلدى.

ـــ قېنى، ئابدۇۋېلى، سۆز نۆۋىتى ساڭا كېلىپ قالدى، ـــ دېدىم مەن قىزىقىش بىلەن.

ئابدۇۋېلى ئېغىز ئاچتى.

## 2

يېڭى خىزمەتكە چىققان ۋاقىتلىرىم ئىدى، كۈز پەسلى، ئۆيگە بېرىپ، پىيادە قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. ياغلانمىغان چاقلىرى غىچىرلاپ تۇرىدىغان بىر كالا ھارۋىسىغا يېتىشىۋالدىم. ھارۋىكەش مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ سورىدى:

ـــ ئۇكام، نەگە كېتىۋاتىلا؟

ـــ يېڭى شەھەرگە.

ـــ يول خېلى بار، ھارۋىغا چىقىۋالسىلا.

مەن ئۆز كۆڭلۈمدە مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم - دە، چىقى-
ۋالدىم. ئۆيدىن ئالغاچ كەلگەن يەل - يېمىشلەرنى تىزىۋەتتۇم.
ھارۋىكەش بىزنى - تۇرقۇمغا، كىيىم - كېچەكلىرىمگە قاراپ
قويۇپ، خىزمەت ئورنۇم، مۇئاشىم، ئاتا - ئانام ۋە ئۇكا - سىڭ-
ىللىرىمنىڭ ئەھۋالىنى، ئىنچىكىلەپ سوراشقا باشلىدى. ھەممىسى-
نى ئېيتىپ بەردىم. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدىكى كىيىملىرىم بىلەنلا
ئىدىم. ئۇنىڭدىن قورۇنغاندەك بولدۇم - دە، قارا چېپەرقۇتتىن-
شىم - كەمزۇر تىكتۈرۈپ قويغانلىقىم، پەتاسىنى تورلاپ، تۈگمە
قاداپ ئۈلگۈرمىگەچكە كىيىۋالمايلا ئالدىراش يولغا چىققانلىقىم
ۋە ئۆتۈكنى كالتە چەم سالدۇرۇش ئۈچۈن موزدۇزغا بېرىپ
قويغانلىقىمدىن تارتىپ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىۋېتىمەن. شەھەرگە
يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇ باشقا يول بىلەن كېتىپ قالدى. ئونبەش-
يىگىرمە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئانام كەلدى ۋە يېنىدا شۇ
كونا چاپان بىلەن تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپلا سورىدى:
— نېمىشقا يېڭى چاپىنىڭنى كىيىۋالمىدىڭ، بالام؟
— ئەۋەتىپ بەرمىسەڭ نېمىنى كىيدۇ؟
— ئەۋەتىپ بەرمىسەك دېيىشىمنا؟ — دەپ سورىدى ئانام
ھەيران بولۇپ، — تېخىچە ئېپكېلىپ بەرمىدىمۇ؟
مەنمۇ جىددىي سورىدىم:
— كىمدىن ئەۋەتكەن؟
— بۇ قانداق گەپ؟ - دەپ جىددىي بولدى ئانام، —
كىرىنشەھەرگە مەجلىسكە بارىدىغان بولدۇم، شىم - كەمزۇل بىلەن
ئۆتۈكنى ئەۋەتىپ بېرىڭلار، دەپ بىر كىشىنى ئەۋەتىپتىكەنسەنغۇ؟
تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. ھېچكىملى ئەۋەتمىگەنلىكىمنى
ئېيتتىم. ئانام ئىشەنمىگەن قىياپەتتە:

— قويغىنا، بالام، ئۇ ئادەم كېلىپ، ئۆيدىكى ھەممىمىزنىڭ ئېتىنى ئاتاپ تېپچىلىق سورىدى، سالىمىڭنى يەتكۈزدى. مېھمان قىلدۇق. شىم - كەمزۇل بىلەن ئۇتۇگۈكىنى ھەم يەنە بىرمۇنچە توقاچ، يەل - يېمىشلەرنى بېرىپ ئۇزىتىپ قويدۇق. مانا ئۇزەڭ ئەۋەتكەن خەت.

ئانام ئۇزۇن قارا جۇيازىسىنىڭ يانچۇغىدىن بىر خەتنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. خەتتە ئاتا - ئانام، ئۇكا - سىڭىللىرىمنىڭ ئېتى تولۇق يېزىلغان ۋە مېنىڭ نامىمدىن سالام ئېيتىلغان. شۇنداقلا يۇقۇرقى نەرسىلەرنى خەت ئېلىپ بارغان كىشى ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىش تاپىلانغان ئىدى. ئاخىرىدا تېخى «بۇ - ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى، ماڭا ئىشەنگەندەكلا ئىشەنسەڭلار بولىدۇ» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن ئىدى.

— بۇ مېنىڭ خېتىم ئەمەس، — دېدىمەن كەسكىن ھالدا، — خەت تونىماسلىقىڭلاردىن پايدىلىنىپ كېتىپتۇ - دە! ...

ئالدانغانلىقىمىزنى بىلىپ، لېۋىمىزنى چىشلەپ قالدۇق. دادام بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بىر نەچچە بازار كۆزلەرى ئىزلەپ يۈردى. لېكىن ھېچقانداق ئىز - دېرەكى بولمىدى. ئارىدىن توپ - توغرا بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەن، بۇ ئىشنى ھەممىمىز ئۇنتۇپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا ئۇز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ، رازى قىلىپ كېتىپتۇ.

ئابدۇۋېلى سوزىنى تۇگەتكەندە، ناسىراخۇن ئاكام رازىمەنلىك بىلەن تەكلىپ قىلدى:

— قېنى، يېڭى باغنىڭ ئەنجۇرىگە باقمامسىلەر؟

بىز ئەنجۇر يېمىشكە يېڭىۋاشتىن كىرىشتۇق. ئۇ ئەمدى بىزگە تېخىمۇ تاتلىق بىلىندى ۋە ھەر بىرىمىزگە يېڭىچە لەززەت بېرىشكە باشلىدى.

1962 - يىل ماي، قەشقەر.

# ھەقىقىي جىنايەتكار



## 1

رەت - رەت سۇۋادىن تېرەكلەر ئارىسىنى كېسىپ ئۆتكەن ئەتىگەنكى قۇياش نۇرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ قۇم - تۇپراق يولىدا ئاستا، ۋەزمىن قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ خىيالچان چىرايىنى گاھى ئېنىق ۋە ئالىق، گاھى تۇتۇق ۋە سۇرۇن قىلىپ كۆرسەتمەكتە. قەددى - قامىتى، بوي - تۇرقى ۋە يېشى بىر - بىرىدىن ھېچ قانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئىككى كىشى يولدىكى سېرىق غازاڭلار ئۈستىگە ناھال ئىزلىرى-

نى قالدۇرۇپ سىزسىز ئالغا چامداتتى.

بۇلارنىڭ بىرى — ئاق سېرىق يۈزلۈك، بىر كۆزىنى قىسىۋالىدىغانراقى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى قوغداش بولۇمىنىڭ باشلىقى ئابدىقادىر؛ يەنە بىرى — قارىغا مايىل بۇغداي ئۆڭلۈك، ئاقساپراق ماڭىدىغىنى، ئۇنىڭ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ساۋاقدىشى ۋە يېقىن دوستى تۇرغۇن كېرىم. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار بىرلا چاغدا ئىككى مەكتەپكە يۈرۈپ كەتكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، تەلتۆكۈس ئاقلىنىش گۇۋاھنامەسىنى قولغا ئالغان تۇرغۇن كېرىم شەھەرگە — ئۆز ئىدارىسىغا يۈرۈپ كېتىدۇ. قوغداش بولۇم باشلىقى ئابدىقادىر بولسا، 9 يىلدىن بۇيان ئۆز نازارىتىدە مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن بۇ قەدىناس دوستىنى ئۇزىتىپ قويماقچى؛ ھەر ئىككى كۆڭۈلنى سۆز فونتانلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىككى بۇلاققا ئوخشىتىش مۇمكىن. لېكىن بۇ بىر جۈپ بۇلاق ھازىر شاۋقۇنسىز ئىدى، بۇلار سۇۋادان تېرەك ۋە نان جىگدىلەر سايە تاشلاپ تۇرغان دوقمۇشتا توختىدى.

— تۇرغۇن، — دېدى ئابدىقادىر ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — خەۋەر ئالالمىدىم، ئاسرىيالمىدىم، دۆلەت قانۇنى ۋە ئىنسانىي ۋىجدانىم ئالدىدىكى بۇرچۇمنى دېيەرلىك ئادا قىلالمىدىم...

تۇرغۇن كېرىم ئۆز دوستىنىڭ كېچىكمىدىنلا يالغانچىلىق، ناھەقچىلىققا چىداپ تۇرالمايدىغان ھەقىقى ۋىجدان ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. 9 يىللىق مەجبۇرى ئەمگەك ھاياتى ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت ئۇچقۇنلىرىنى مەڭگۈ ئۆچۈرۈپ بولالمايدىغان يالقۇنغا ئايلاندۇردى. چۈنكى، ئابدىقادىر پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئورگانلىرىدا خىزمەت ئۆتۈگۈچى خادىملارنىڭ

قانۇن ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان
بىلەتتى. پرولېتارىيات ئىنسانپەرۋەرلىكىنىڭ تېگى-تەكتىنى ئوب-
دان بىلەتتى. ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى كۆڭۈلدۈك تۇر-
مۇش جەھەتتىن سىقىش، خارلاش، جىسمانى ئازابلاشلارنىڭ
ھەممىسىنى ئۆز ھوقۇقى يەتكەن، سۆزى ئۆتكەن دائىرىدىچە قەتئىي
چەكلەيتتى. دۆلەت قانۇنىنى قوغداش سەۋدىيى بىلەن ئۆز بېشىغا
كەلگەن ئازابلىق قىسمەتلەرنى مەردانىلىق بىلەن يېڭىپ ئۆتەتتى
ۋە باشقىلارنىمۇ سەۋاتلىق بولۇشقا، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇقنى
كۆرۈشكە ئۈندەيتتى. ئەگەر ئۇنىڭ قاتتىق تەنبىھ-نەسىھەتلىرى
بولمىغان بولسا، چېكىدىن ئاشقان ئادالەتسىزلىككە بەرداشلىق
بېرەلمىگەن تۇرغۇن كېرىم ئاللىقاچان غەزەپلىك چۇقان-سۈرەن
كۆتۈرۈپ، رەھىمسىز كالتەك-چوماقلار ئاستىدا بىھۇدە ئازابلانغان
ۋە ھەتتا ئۆلۈپ-چىرىپ كەتكەنمۇ بولاتتى. ئۇ، بۇلارنى قانداق-
مۇ ئۇنتالىسۇن؟ ئابدۇقادىرنىڭ «تۈن كەينىدىن تاڭ ئاتىدىغانلى-
غىنى بىلمەمسەن؟ ساراڭلىق قىلما، نېرۋاڭنى ئاسرا، بەرداشلىق
بېرىش غەلىبە!» دېگەن سۆزلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالىسۇن؟
بۇ ئىلھام-رىغبەتلەندۈرۈشلەر ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى يېڭىۋاشتىن
نۇرلاندۇرغان ئەمەسمىدى؟

تۇرغۇن كېرىم ئۆز دوستىغا قول ئۇزاتتى. ئۇ «سەن ھەقىـ-
قەتەن قانۇن خىزمىتىگە مۇناسىپ ياخشى كادىر...» دېمەكچى
ئىدىيۇ، لېكىن پۈتۈن مىننەتدارلىقىنى پەقەتلا «قىلغان ياخشىلىق-
لىرىڭنى ئۆلگىچە ئۇنتۇمايمەن!» دېگەن بىر جۈملىگە يىغىنچاقلىدى.
شۇ چاغ بىردىنلا تورمۇز بېرىپ، ئون بەش قەدەمچە نېرىدا
توختىغان، ماشرەڭ بىرزىت بىلەن قاپلانغان جىپ ماشىنا ئۇنىڭ
دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. تۇرغۇن كېرىم بوغۇزىغا كېلىپ

قالغان سۆزنى يۇتۇۋېتىپ تۇرۇشىمىغا:

— ماشىنىمۇ كېلىپ قالدى،— دېدى ئابدىقادىر قەدىناس دوستىدىن ئايرىلىشقا چىدىمايۋاتقاندەك بىر ھالەتتە.

ماشىنا ئىشىگى ئېچىلىپ، ئوتتۇرا بويلۇق ياش بىر ساقچى چۈشنى ۋە ئىچىدىكى بىرىگە:

— چۈش!— دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ماشىنىدىن قولىغا كويزا سېلىنغان ئوتتۇز نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم چۈشتى. ئۇ، تۇرغۇن كېرىمگە بىر قارىدى-دە، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغۇنۇپلا قالدى. تۇرغۇن كېرىم ئۇنىڭغا بىر قارىدى. تونۇغاندەك قىلدى. سىنچىلاپ يەنە قارىدى-دە: «تەۋەككۈل ئەمەسمۇ؟» دەۋەتتى. ئۇ، بۇنى مۇنچىلا ئورۇقلاپ، تۈگىشىپ كەتكەن ھالدا كورەرمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدى. تەۋەككۈل تېخى توققۇز-ئون يىل ئالدىدىلا ئۇستىخىنى قوپال سېمىز، سۆۋادان تېرەكتەك غادىيىپ ماڭىدىغان، مەنسۇۋىدىن ھالى يوغان بىر كىچىك ئەمەلدار ئەمەسمىدى؟

«تەۋەككۈل، ئاخىرى ئۆز ماكانىڭنى تېپىپسەن-دە؟— دېدى تۇرغۇن كېرىم ئىچىدە.— ئاللابۇرۇن كېلىشىڭ لازىم ئىدى. كېچىكىپ قالدىڭ!...»

ئۇنىڭ خىيالىنى ئابدىقادىرنىڭ:

— ئەجەپ قاراپ كەتتىڭغا، بۇ قاتىلنى تونۇيدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېگەن سوئالى بولۇۋەتتى.

— قاتىل؟

— ھەئە، تەرەپبازلىق مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، ئادەم ئولتۇرۇشكە قاتناشقان ياردەمچى قاتىل!

— ئۆز ئانىسىغا قول ياندۇرغان بەتبەيلى مۇناپىقنىڭ قول-

ـدىن ھەر بالىلار كېلىدۇ ـ دە!

— دىمەك، تونۇيدىكەنسەن ـ دە؟

— تونۇيمەن، ناھايىتى ئوبدان تونۇيمەن.

— قانداق تونۇيسەن؟

— مانا مۇشۇنداق...

شوپۇر ماشىنىنىڭ قانداقتۇ بىر يەرلىرىنى تەكشۈرۈش بىلەن بەنت ئىدى. تۇرغۇن كېرىم ئۆز ھېكايىسىنى باشلىۋەتتى.

2

بولقا تۇتۇپ، تۆمۈر ئىكەكلەپ، قۇلۇپسازلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، بىر ئوغلىنى خىزمەتكە، بىر قىزىنى ئەرگە چىقارغان نىياز قارىم كەنجى ئوغلى تەۋەككۈلنىڭ سۈننەت تويىنى قىلىپ بولۇپلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان ئىدى. ئەمدى يېقىن مەھەللىلەرنىڭ ھەممىسىدە كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچ ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان مەشھۇر تۇغۇت ئانىسى ـ ئىبادەتخان ئانا ئۆز يۈرىگىنىڭ ساپ ـ ئىسسىق قانلىرىنى كۆز ئالدىدىكى بىردىن ـ بىر پەرزەنتى تەۋەككۈل ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا باشلىدى. «دادا خوۋلىغى كورەلمىگەن بالام» دەپ ئىچ ئاغرىتاتتى ئانا ۋە ھەر قېتىمقى نامىزىدا ئۇنىڭ ئومرى بىلەن بەختىنى تىلەشنى ئۇنتۇمايتتى.

تەۋەككۈلنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈشى ئۈچۈن توپ ـ توغرا يەتتە يىل ۋاقىت كەتتى. بۇ جەرياندا رەھمەتلىك نىياز قارىمدىن قالغان تۆمۈر ـ تەسەك، سەندەل، بولقا، قىسقۇچلارنىڭ ھەممىسى دىگىدەك سېتىلىپ تۈگىگەن ئىدى. ئۈزۈمچىگە خىز-

مەتكە چىققان چوڭ ئوغلى تەلئەت دەسلەپكى يىللاردا ئايمۇ-ئاي دېگۈدەك يېزىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق، بالا-چاقىلىق بولۇپ قالدى. قىزى بولسا، غۇلجىدا، ئەرىنىڭ قولىدا. ئۇمۇ ئارقا-ئارقىدىن تۇغدى ... ئىبادەتخان ئانا ئەمدى پۈتۈنلەي ئۆز ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراسىتىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، قەھرىتان قىشنىڭ شۇۋۇرغانلىق كېچىلىرىنى، ئەتىيازنىڭ جۇدۇن-چاپقۇنلۇق سەھەرلىرىنى، تىنجىق تومۇزنىڭ نەپەسنى بوغقۇچى چۈش پېشىنلىرىنى ھەر قايسى كوچىلاردا — تەۋەللۇت ئۈستىدىكى ئاياللارنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزەتتى. ئۇ يالغۇز تۇغۇت ئانىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېغىر ئۇسقان ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە شەپقەت ئانىسى ئىدى. ھەتتا ئۇ، سېزىكلىك ئىچىدە مېجەز-خۇلقى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئاياللىرىدىن بىزار بولۇپ ئىرىلىشىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ قالغان بىر تالاي ئەرلەرنىمۇ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن قايىل قىلىپ، قانچىلىغان ئائىلىلەرنى بۇزۇلۇپ كېتىش، قانچىلىغان ئوغۇل-قىزنى ئۆگەي دادا ۋە ئۆگەي ئانا قولىغا قېلىش خەۋپىدىن ساقلاپ قالغان ئىدى. چاچلىرى چالاشقان بولسىمۇ، ئىككى مەڭزىدىن قىزىللىق جىلالىنىپ تۇرىدىغان بۇ يۇۋاش كۆڭۈل، ئىشچان ۋە تەلەپچان ئانىنى ھەممە كىشى، بولۇپمۇ بالا-چاقىلىق كىشىلەر تولىمۇ قەدىرلەيتتى. ئاش تاماقتا يوللاپ تۇراتتى. ھېيتلىق نان يايىقانلار نان، قۇربانلىق قىلغانلار گۆش كىرگۈزمەي قالمايتتى. ئىبادەتخان ئانا بولسا، نانىنىڭ يېيىشىنى، گۆشنىڭ پىشىشىنى ئارزۇلۇق ئوغلى تەۋەككۈلگە ساقلايتتى.

تەۋەككۈل ئوتتۇرا مەكتەپ بىرىنچىسىغا دەسسىمىش لاياقىتىگە ئىگە بولالمىغاندىن كېيىن پۈتۈن كۈننى كەپتەرۋاز ئاغىنىلىرىنىڭ

ئۆگزىلىرىدە، دەريا بويلىرىدا ئۆتكۈزىدىغان بولدى. بەزىدە كۈن بويى ئۆيگىمۇ يولمايتتى، ئىبادەتخان ئانا بولسا، «سۇغا چۈشۈپ ئوينىۋاتامدىكىن» دەپ ئەنسىرەپ، پۈتۈن تۈمەن دەرياسى بويلىرىنى ئىزدىگەندەك كېزىپ چىقاتتى. بىرەر بالىنىڭ سۇغا چۆكۈپ كەتكەنلىگى ياكى ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچرىغانلىغى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئۆپكىسىنىڭ بوغىزىغا تىقىلىپ تىلىشىغا قارىماي، شۇ تەرەپكە چاپاتتى. يىغقىرىم ئىسسىق كۈنلەردە دەريا بويلىرىدا يۈرۈپ ئاپتاپ ئۇرۇپ كەتكەن تەۋەككۈل بولسا، چىرايى ئۆڭگەن، جاقىلداپ تىترىگەن ھالدا ئۆيگە پەيدا بولاتتى. ياكى قورقۇپ، ھودۇقۇپ كەتكەن بىر توپ ئاداشلىرى قوچقاچ كامارلىرىنى ماكان قىلىپ ياتقان ئاق يىلاننىڭ زەھەرلىك نەشتىرى بىلەن ھوشىدىن كەتكەن تەۋەككۈلنى بۇ ھويلىغا كۆتىرىپ ئەكىلىشەتتى. بالا دەردىدە يۈرىگى سۇ بولۇپ كەتكەن ئانا دوختۇرخانىمۇ-دوختۇرخانا يۈگۈرەيتتى ۋە ئوغلىنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ قان يىغلاپ تۇرۇپ نەسىھەت قىلاتتى:

— جېنىم بالام، ئوبدان بالام، كۆز ئالدىدىراق ئوينىغىن. قېرىغان چېغىمدا مېنى مۇنچە ئەنسىرەتمىگىن...

— ئەمسە كەپتەر ئېلىپ بەرگىن،—دېدى تەۋەككۈل بىر كۈنى ئانىسىغا،—ئۆگزىدىن نېرى كەتمەيمەن.

ئىبادەتخان ئانا ئىلاجىسىز ماقۇل بولدى، ئازراق پۇلمۇ بەردى. تەۋەككۈل توت جۈپ كەپتەر ئالدى، ئۆگزىگە ئىچكەركى-تاشقارقى قوما سالدى.

تەۋەككۈل راستىنلا ئۆگزىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇنىڭ كۈنى سېرەج تامنى بويلاپ پوم① قويۇش، باسماق توقۇش، ئەلەڭنى

① پوم—كەپتەر تۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ساپال قاپقان.

پۇلاكلىتىپ ئىسقىرتىش، كەپتەرۋاز ئاداشلىرى بىلەن ئاللىقانداق بۇغۇل، چىكەن، مايمۇنەك، بىجىنەك، ئالا قاغا، سىيا پەلەك دىگەنگە ئوخشاش كەپتەر خىللىرى توغرىسىدا شاۋقۇنلۇق پاراكلىنىشلار بىلەن ئوتىدىغان بولدى.

— بالام، چېپىڭنى ئىچىۋالغىن، — دەپ قايتا-قايتا چاقىراتتى ئانا.

تەۋەككۇل:

— مانا هازىر، — دەپ جاۋاپ بېرەتتى هەر قېتىم، لېكىن هويلىغا چۈشمەيتتى. ئىبادەتخان ئانا ئاخىرى نان چىلانغان چىنىنى كۆتىرىپ چىقاتتى-دە:

— بالام، ئاپتاپ ئوتۇپ كەتمىسۇن، ئىچىۋالغىن، — دەپ قولىغا تۇتقۇزاتتى. تەۋەككۇل ئىچىپ بولغاندىن كېيىنلا قۇرۇق چىنىنى ئېلىپ ئوگزىدىن چۈشەتتى.

ئاپتۇۋا-چىلاپچا، مىس لىگەن-چوگۈنلار ئىز دېرەكسىز يوقۇلۇپ ئۆي ئىچى قۇرۇغدۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە تەۋەككۇلنىڭ كەپتەرلىرى ۋە ئاغىنە-بۇرادەرلىرى كۈندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. ئىبادەتخان ئانىنىڭ مۇنچىلا كەپتەرلەرنى قاچان، قەيسى پۇلغا ئالغانلىغى توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا ئۇ «ئىككى قانات، بىر قۇيرۇق، كىم تۇتۇۋالسا شۇنىڭغا بۇيرۇق» دەپلا جاۋاپ بېرەتتى.

بىر كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ئوغلىنىڭ يېقىن دوستى خەت-خالنى ئېلىپ كەلدى. ئىبادەتخان ئانا بۇ خەتنى ئوقۇپ ئاڭلاپ، ناهايىتى هەيران قالدى. «جېنىم ئانا، — دەپ يازغان ئىدى چوڭ ئوغلى تەلئەت، — ئۇكامنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىغىڭنى بىلىپ، تولىمۇ ئەنسىرىدىم، بىئارام بولدۇم...

ئاز بولسىمۇ، ئەللىك يۈەن ئەۋەتكەن ئىدىم، تاپشۇرۇپ ئالغانسەن...» ئىبادەتخان ئانا ھېچقاچان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالمىغان ۋە تەلئەتنىڭ پۇل ئەۋەتكەنلىكىنىمۇ ئۇقمىغان ئىدى.

— ھۇ، قارا تىل! — دېدى ئانا زەردە بىلەن، — مېنى قاڭغىر قاخشاتقىنىڭ ئاز كېلىپ، ئاكاڭنىمۇ سىغىپ ئىچكىلى تۇرۇپسەن-دە؟ خەپ ئويىڭمۇ كېرەرسەن!

تەۋەككۈل ئويىگىمۇ كىردى. بىچارە ئانا بولسا «خۇدا، ئىنساۋىنى بەر!» دەپ دۇئا قىلىشتىن بولەك ھېچنېمە قىلالمىدى.

يىللار ئۆتتى. تەۋەككۈلنىڭ كىشىلەرنىڭ سىرەج تام، دورىلىرىغا قونۇۋالغان كەپتەرلىرىگە ئاتقان چالما-كېسەكلىرى قانچىلىغان ھەقەمسايىلارنىڭ دەرىزە ئەينەكلىرىنى چۇل—چۇل قىلىۋەتتى. قانچىلىغان باللارنىڭ قاش-قاپاقلىرىنى يېرىۋەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە يەنىلا شۇ بىچارە ئانا يۇمشاق سوزلەر بىلەن قايتا-قايتىلاپ ھوزۇر قويدى. ھەتتا بەزى بىشەم خوتۇن، نائەھلى ئەرلەردىن ئاڭلىغان ئاچچىق تاپا-تەنە، تىل-ھاقارەتلەرنىمۇ ئۇز ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. «ئاتىسى يوق ئوغۇل بالىنى بېقىپ چوڭ قىلماق ئەجەپمۇ تەس ئىكەن!» دەپ قوياتتى ئىبادەتخان ئانا ئىلاج تاپالماي.

تەۋەككۈل ئانىسىنىڭ يىغلاپ يۈرۈپ قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ زورى بىلەن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ قولۇپسازلىق، مىسكەرلىك، موزدۇزلۇق، تامچىلىق، ياغاچچىلىققا شاگىرتلىققا كىردى. ئۇ، قايسى ھۈنەر، قايسى ئۇستامغا شاگىرتلىققا كىرمىسۇن، ئاي-پەسىل ئوتمەستىن ئۇستىسىنىڭ «بېخىللىغى، قاتتىق قوللىغى» ئۇستىدىن شىكايەت قىلىشقا باشلايتتى ۋە ئاخىرى «ئۇچ كۈندە بىر ناشتا

قىلسامۇ، ئۇنداق ئوغرىنىڭ يېنىغا بارمايمەن!» دەپ قەسەم قىلاتتى.

ئىبادەتخان ئانا بىر قېتىم ئوغلىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيىۋېتىپ، ئۇنىڭ يانچۇقىدا قانداقتۇر كۈلگە بۇلانغان خېمىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان، قاقسىق بىر نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. «نىمە دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك،— دەپ ئۇلۇق-كىچىك تىنىدى ئۇ،— كەپتەر باققىنى ئاز كېلىپ خوراز سوقاشتۇرۇشقا ئۆتۈپتى. تاماكا چەككىنى ئاز كېلىپ، ئەمدى بۇنىڭغا ئۆتۈپتۇ-دە، خۇدا، ئۆزەڭ بىر نىمە دېرسەن!...»

ئىبادەتخان ئانا خوراز سوقۇشتۇرۇش جەريانىدىكى جىددىل—ماجىرا نەتىجىسىدە باشقىلار تەرىپىدىن چالا ئۆلۈك ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇلغان ئوغلىنى ئاياققا تۇرغۇزۇش ئۈچۈن بىر يېرىم ئايلىق ئۇيقۇ-ئارامىنى قۇربان قىلدى. ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئاخىرقى تىيىنلىرىنىمۇ سەرپ قىلىپ تۈگەتتى. ئۇ، خېلىلا يۇۋۇش، مۇلايىم بولۇپ قالغان تەۋەككۈلنىڭ سۇلغۇن چىرايىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتاتتى ۋە ئويلايتتى: «ئۇ 20 ياشقا كىرىپ قالدى. مېنىڭ ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى. ئويلۇك—ئوچاقلىق قىلىپ قويالماي كېتىپ قالسام ...ھەي، بىرەر تەشكىل قويىنىدا بولۇپ قالغان بولسا، قانچىلىك ئوبدان بولاتتى-ھە...»

ئاخىرى ئۇ، ئۆز كۆڭلىدە ئەڭ يېقىن كۆرگەن بىردىن بىر كىشىسى—تۇرغۇن كېرىمگە مۇراجىئەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

تۇرغۇن كېرىم بىر تۇرۇۋىنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىدىغان بۇ ھەقدەمسايىنى، بىر ئوغۇل، بىر قىزىنى ئۆز قولى بىلەن ساق-سالامەت تۇغدۇرغان بۇ تەجرىبىلىك تۇغۇت ئانىسىنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. ئۇنى

كورگەن ھامان ئۇن قەدەمچە نېرىدىن ۋەلىسېپىتتىن چۈشۈپ سالام بېرەتتى، ھال - ئەھۋال سورايتتى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشتا پۈتۈن كۈچىنى ئايىمايدىغان، بەرسە ئالىدىغان، بەرمىسە قول ئۇزاتمايدىغان بۇ كوڭلى دەريائى ئەزىم ئانىنىڭ تەۋەككۇلغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پۈتكۈل سەرگۈزەشتىسىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ئىبادەتخان ئانا ئۇز مۇراجىتىنى مۇنىۋ جۈملە بىلەن ئاياقلاشتۇردى:

— ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خوش بولۇپ قالاي، دادا راھەتتى كورەلمىگەن شۇ يىتىم ئوغلۇمنىڭ بېشىنى بىر سىلاپ قويسىلا.

— ماقۇل، مەن بىر ئامال قىلىپ كورەي، — دەپ جاۋاپ بەردى تۇرغۇن كېرىم ۋە ئاز كۈن ئوتمەستىنلا ئۇز ئىدارىسىغا ۋاقىتلىق ئىشچى ھېساۋىدا قوبۇل قىلدى. «تەشكىل قويىندا تەربىيە كورۇپ، ئادەم بولۇپ قالسا، رەسمىيلەشتۇرۇۋالارمىز» دەپ ئويلىغان ۋە بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغان ئىدى تۇرغۇن كېرىم. بىراق، بىر ۋەقە ئۇنىڭغا بولغان ھەمسىداشلىق ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسىنى شامال سوقىقان توزغاقتەك ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە تۇرغۇن كېرىمنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى تۇرۇۋىدىن ئەكىرگەن بىر چىملەك سۈنى ھويلىدا قويۇپلا:

— ئىبادەتخان ئاچام يېتىپ قاپتۇ. ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر دېيىشىدۇ، — دىدى.

— تۇرغۇن كېرىم ئىتتىكلا سورىدى:

— نىمە كېسەل ئىكەن؟

— ئوگزىدىن يىقىلىپ چۈشكەنمىش...

تۇرغۇن كېرىم بازاردىن 20 دانە تۇخۇم ئېلىپ كىرگەندە، ئىبادەتخان ئانا لايدەك ياتاتتى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى يېرىلا-

غان، قاش - قاپاقلىرى قۇلۇپتەك كۆك ئىدى. تۇرغۇن كېرىم مۇلايىملىق بىلەن هال - ئەھۋال سوراپ، كېسەللىك جەريانىنى سۈرۈشتۈرگەندىن كېيىن ئىبادەتخان ئانا:

— خۇدا ماڭا بالا بەرمەي، بالايى - قازا بېرىپتىكەن، جېنىمنى ئالىدىغان ئەزرائىلنى بېرىپتىكەن. بالا دەردىدە قۇرۇلۇپ كىچىككىنە بولۇپ قالدىم. قالغان جېنىمنى ئاخىرى ئۇ، ئۆز قولى بىلەن ئالىدىغان بولدى!... — دېدى - دە، ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى مۇنداق ھېكايە قىلدى:

تۈنۈگۈن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى توشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تەۋەككۈل ئۆگزىدىن چۈشمەپتۇ. ئىبادەتخان ئانا:

— بالام، ۋاقتىڭ ئۆتۈپ كەتتى، سەت تۇرىدۇ، خىزمىتىڭگە ماڭغىن، — دەپ ئالدىرىتىپتۇ. تەۋەككۈل بىر هازادىن كېيىن چۈشۈپتۇ ۋە:

— بۈگۈن — شېكەر شەنبە. كەچتە كېلەلمەي قالسام، جانۋارلارغا دان بېرىپ قوي، سۇ قۇيۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما، كەپتەرلەر ئۆگزىدە قالدى، سولۋەت! — دەپتۇ - دە، ئالدىراش چىقىپ كېتىپتۇ. بىرەر سائەت ئۆتەر - ئۆتمەستىن ئىبادەتخان ئانىنى بىر يەردىن چاقىرىپ كەپتۇ. ئىبادەتخان ئانا چاقىرىپ كەلگۈچى كىشى بىلەن بىللە خېلى ئۇزاق يول يۈرۈپ، بىر هويلىغا كىرىپتۇ - دە، تۇنجى تۇغۇت ئۈستىدىكى چوكانىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ. ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىك تۇغۇت ئانىسى بالىنىڭ تەتۈر كەلگەنلىكىنى بىلىپتۇ - دە، دەرهال دوختۇرخانىغا ئېلىپ چىقىش لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما چوكانىنىڭ دادىسى:

— خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئالىدۇ. تەقدىر بىلەن

ئۈنىشىشقا بولمايدۇ. بالىنى مىدىرلاتماسلىق لازىم، — دېگەن سۆزىدە تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. قىلىچتىن ئۆتكۈر، قىلدىن ئىنچىكە ھايات - ماماتلىق كۆۋرۈكى ئۈستىدە كېلىۋاتقان ياش چوكان بولسا، ھەربىر قىيىن ئۆتكەلگە دۇچ كەلگەندە، جېنىنى سىغدۇرىدىغان يەر تاپالماي ئىبادەتخان ئانىنىڭ بىلەكلىرىنى ئامبۇردەك قىسىپتۇ، بېغىشلىرىنى ئۇزۇۋالغىدەك قاساپتۇ. قىسقىسى چوكان بىرنى تۇغۇپ بولغىچە، ئىبادەتخان ئانا ئون تۇغۇتنىڭ ئازاۋىنى باشتىن كەچۈرۈپتۇ. بوۋاقنىڭ «ئىڭگە - ئىڭگە»سى ئاڭلىنىپ، پۈتۈن ئۆي - ھويلا خاتىرجەملىك - شادلىق قوينىغا چۆمۈلگەن چاغدا باش توخۇ چىللاپتۇ. ئىبادەتخان ئانا ئوغلىنىڭ تاپشۇرۇغىنى شۇ چاغدىلا ئېسىگە ئاپتۇ - دە، ئالدىراش يولغا چىقىپتۇ. چوكاننىڭ ئېرى ۋەلىسېيت بىلەن بوسۇغىغىچە ئەكىلىپ قويۇپ قايتىپتۇ. بۇ چاغدا، ناماز خۇپتەنگىچە ئىچىپ غەرق مەس بولغاندا ئۆز ئۆلپەتلىرى تەرىپىدىن تاشلاپ كېتىلگەن ۋە مەسلىك ئۇيقۇسىنى ئازگالدا ئۇخلاپ تۈگىتىپ گاراڭ ھالدا كەلگەن تەۋەككۈل ھويلا بىلەن ئۆگزە ئارىلىغىدا ئۆز قۇيرۇغىنى ئۆزى تالاۋاتقان ئىكەن.

— ھەي چاغاندا ئۆلىدىغان قېرى! — دەپ ۋاقىراپتۇ ئۇ ئىبادەتخان ئانا بوسۇغىدىن كىرىشى بىلەن تەڭ، — ئاق قۇيرۇق، قارا كۆز ئالا قاغام ① يوق! گورگە بارساڭمۇ، كەپتەرلىرىمنى سولاپ قويۇپ بارساڭ بولماسمىدى!؟

— مەن سېنىڭ ئالا قاغا - قارا قاغىلىرىڭنى ئەمەس، ئانا - بالا ئىككى جاننىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش كويىدا يۈردۈم.

---

① ئالا قاغا — كەپتەرنىڭ بىر خىلى

سېنىڭ ئۇ نەرسىلىرىڭ ئادەمدىنمۇ ئەتىۋارمىدى؟ — دەپتۇ ئانا زەردە بىلەن.

— مەن ساڭا نېمە دېدىم؟ ھەي، مەن ساڭا زادى نېمە دېدىم!؟ يۇر، كەپتەرلىرىم نېمە بوپتۇ، كورۇپپاق، يۇر! — دەپ چېچىدىن سۆرىگەنچە تاختا شوتىنىڭ بېشىغا ئېلىپ چىقىپتۇ تەۋەككۈل.

— ھوي نائەھلى، چېچىمنى قويىۋەت! چېچىمنى قويىۋەت، ھايۋان! — دەپ ۋاقىرىپتۇ سەۋرى - تاقىتى تۈگىگەن ئانا.

— نائەھلى دېگەن مانا! ھايۋان دېگەن مانا!...

تەۋەككۈل شۇ سۆزلەرنى دەپ تۇرۇپ، ئايىغىدا قۇرۇت ئۆلمەيدىغان بۇ يۇۋاش - مۇلايىم، كويۇمچان ئانىنى تاختا شوتىدىن ئىتتىرىۋېتىپتۇ ۋە مۇشت پەشۋا بىلەن ئاشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئىبادەتخان ئانىنىڭ شىكايىتىنى ئاڭلاپ، چەكسىز قەھرى-غەزىۋىنى باسالماي قالغان تۇرغۇن كىرىمنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز ھالدا بۇ سۆز چىقىپ كەتكەن ئىدى:

— بىر كەپتەر ئۈچۈن - ھە؟ ھۇ، ھايۋان!

## 3

ئەنە، ئۇ، دېكتاتۇرا قورالى ئاستىدا ئەنگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. تۇرغۇن كىرىم بولسا، شۇ مېھرىۋان ئانىنى چەكسىز سېغىنىش بىلەن ئويلىماقتا ئىدى.

— ئۆز ئانىسىنا - ھە؟ — دېدى ئابدۇقادىر خېلىغىچە سوزۇلغان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— شۇنداق، ئۆز ئانىسىغا، — دېدى تۇرغۇن كېرىم خىيالدىن ئويغىنىپ، — ئۇ، ئۆز ئانىسىغا يەنە مۇشت ئاتتى.

— يەنە؟

— ھەئە، — دېدى تۇرغۇن كېرىم ۋە ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

× × ×

ئىدارە تەۋەككۈلىنىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئالدىدا تۇرغان كۈنلەردە «مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقىلاپ» باشلىنىپ كەتتى. باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئۆز مۇددىئاسىغا يېتىشكە ماھىر بەزى كىشىلەر ئۆز ئانىسىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويغان بۇ تاش يۈرەك تەلۋىنى ئاسانلا پورەككە چىقاردى — دە، ئىدارىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق ھوقۇقدار — تۇرغۇن كېرىمگە قوش قىلىپ سالدى. تۇرغۇن كېرىم ئۇنىڭ رەھىمسىز قولىدا تارتقان بارلىق ئازاپلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تامامەن رازى ئىدىكى، مۇنۇ بىر ئىشنى ئۆلسىمۇ ئۇنتۇمايتتى ۋە كەچۈرۈم قىلمايتتى.

ئىدارىدا ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلاۋىي كومىتېت قۇرۇلدى. تۇرغۇن كېرىم يەنىلا ئىنقىلاۋىي رەھبەرىي كادىرلار ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ كومىتېتتىكى ئۈچ مۇئاۋىن باشلىقنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاممىنىڭ كۆڭۈل رايىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ «قىزىل ھاكىمىيەت» نىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى بولۇپ چىقىش ئېھتىمالى تاش بىلەن كېرپىك ئارىلىقىدىكى بىر ئىش ئىدى. بۇ، شۇنچە يىللار چىپىپ يۈرۈپ، تېخىچە رەسمىي ئىشچىلىق ئورنىغا

ئۆتەلمىگەن تەۋەككۈل ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ باش جۈرئىتلىق مەنسۇپنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش تاماسىدا قۇتراپ يۈرگەن ھىماتچىسى ئۈچۈن ناھايىتى چېكى تەھدىت ئىدى. «بەرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» بورىنى كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭلا ئۇلار «قىزىل ھاكىمىيەت ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇرژۇئا ۋەكىللىرى» نى تارتىپ چىقىرىش داۋرىڭىنى كۆتەردى. بۇ ھەقتىكى بىرىنچى پاي ئوقنى ئاتقۇچى يەنە شۇ تەۋەككۈل ئىدى. ئۇ، ئەنە شۇ خىزمىتى بەدىلىگە «ئامما دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش گۇرۇپپىسى» نىڭ باشلىقلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۈزلۈكسىز چوقان - سۈرەنلەر ۋە چېكى خەتلىك كېزىت قورشاۋى تۇرغۇن كېرىمنى ئاخىرى «ئۆگىنىش كۇرسى» دەپ چىرايلىق نام بېرىلگەن قاراڭغۇ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى.

بىر كۈنى تەۋەككۈل قاتارلىق كونا - يېڭى چوماقچىلار «كۇرس» مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە تۇرغۇن كېرىم سولانغان ئۆيگە بېسىپ كىردى. «كۇرس» مەسئۇلى بىر تالاي «ئۆزۈندە» ئوقۇغاندىن كېيىن:

— يېڭى جىنايىتىڭنى تاپشۇر! — دەپ ھەيۋە قىلدى.

نەچچە يىلدىن بۇيان مۇنداق پوپوزا - ھەيۋىلەرنى كۆپ كۆرگەن تۇرغۇن كېرىم ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەستىنلا جاۋاپ بەردى:

— قۇلۇپلانغان كىچىكىنە گۇندىخانانىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، قانداق يېڭى جىنايەت ئۆتكۈزۈشۈم مۇمكىن؟

— ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك .....

— بوۋاقلىق ۋاقتىم ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن. قۇرۇق ئىمىزگەنىڭ لازىمى يوق!

يەڭلىرى جەينەككىچە تۈرۈلگەن، مۇشتۇمى تۈگۈلگەن تە-
ۋەككۈل تاقەتسىزلىك بىلەن ۋاقىراپ شىرەنى مۇشتلىدى - دە:
— بۇ پولاتتەك پاكىتلارغا نىمە دەيسەن!؟ — دەپ بىر
پارچە خاتىرە رەسىمنى كۆرسەتتى، — بۇ كىم؟ جاۋاپ بەر،
بۇ زادى كىم؟ بۇ - چۆا!؟
ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرغىنى —
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق رەئىسى يولداش ليۇشاۋچى ئىدى. ئۇ،
ئالى پارتىيە مەكتىۋىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
ئالدىنقى رەت، ئوتتۇرىدا خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. 3 -
رەت ئوڭدىن تۆرتىنچى كىشى بولسا، تۇرغۇن كېرىم ئىدى. ئۇ،
بۇ رەسىمدىن بىر نۇسخىنى ئەڭ بەختلىك كۈنلەر خاتىرىسى ھە-
ساۋىدا خېلى يىللارغىچە ئەتىۋالاپ ساقلاپ كەلگەن، پارتىيە «9 -
قۇرۇلتىيى» نىڭ يولداش ليۇشاۋچى توغرىسىدىكى قارارى ئاش-
كارا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا «مەن — پارتىيە ئەزاسى؛ پارتى-
يە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا بويسۇنۇشۇم شەرت» دەپ ئويى-
لاپ، كۆزى قىيمىغان، يۈرىكى چىدىمىغان ھالدا كويدۇرۇپ تۈ-
گەتكەن ئىدى. ئەمدى بۇ رەسىم نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ بۇ-
نىڭ تېگىدە خەتەرلىك سۈيىقەستنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى چوڭ-
قۇر چۈشەنگەن تۇرغۇن كېرىم:
— بۇ رەسىم مېنىڭ ئەمەس! — دېدى جىددى ئاھاڭ-
دا، — ئۆزەمگە تېگىشلىك رەسىمنىڭ ئارقىسىغا مەن ئۆز قولۇم
بىلەن چىسلا يېزىپ قويغان!
— بۇمۇ سېنىڭ ئەمەسمۇ؟ — دېدى تەۋەككۈل «پارتى-
يە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا» دېگەن كىتاپنى كۆرسىتىپ.

— مېنىڭ ئەمەس! مەن سېتىۋالغان ھەرقانداق كىتابنىڭ بېرىنچى بېتىگە ئۆز ئىسمىمنى يازماي قالمايمەن.

— بۇ ئەكسىيەتچى تەشۋىقات ۋەرىقىسىنى ساڭا كىم بەرگەن؟ ساقلاشتىكى مەقسىدىڭنى ئېيت!

تۇرغۇن كېرىم شەپكىراپتا بېسىلغان، ئىچىدە نېمە بارلىقى مەلۇم بولمىغان بۇ كىچىككىنە كىتابچىغا نەپرەت بىلەن قاردى - دە:

— تونجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن! — دەپ دادىل جاۋاپ بەردى.

ئەۋەككۇل تەكەببۇرلۇق بىلەن ۋاقىرىدى:

— سەن قىزىل ھاكىمىيەت ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇرژۇئا ۋەكىلى، نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر سەن! بىلىپ قويغىنكى، بۇ نەق پاكىتلارنىڭ ھەممىسى باشقا جايدىن ئەمەس، دەل سېنىڭ سېسىق ئۇۋاڭدىن تېپىلدى!

— يالغان!

— يالغان؟ — دەپ مەسخىرە بىلەن تەكرارلىدى باش جورىنىلىق تاماسىدا ئۇتراپ يۈرگەن شەخسى. ئۇ، ھازىر «كۇرس» مەسئۇلى ئىدى، — قېنى، تىرىك گۇۋاھچىلار بىر سۆزلەپ باقسۇن!

ئۆزى بار، ۋىجدانى يوق گۇۋاھچىلار بىردەك چۇقان سالدى:

— بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق!

ۋەقە ئەسلىدە مۇنداق بولغان ئىدى:

تۇرغۇن كېرىمنى ئاسانلىقچە ئۇرۇپ يىقىتىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان ھىلىقى مۇئاۋىن جورىن ئەۋەككۇلنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، بۇ «پاكىتلار» نى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقازغان ۋە بۇنى تۇرغۇن كېرىمنىڭ ئۆيىدىن «تېپىپ چىقىش» نى ئورۇنلاشـ

تۇرغان ئىدى. تەۋەككۇل «ئامما دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش تۈرۈپپە-
سى» غا مەنسۇپ بولغان قولاق كەستىلەردىن تۇتىنى تالاپ،
تۇرغۇن كېرىمنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەن ۋە بۇ ئائىلىدىكى-
لەرنىڭ ھەممىسىنى ھويلىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆي ئاقتۇرۇشقا
كىرىشكەن ئىدى. قالغان قىرلاش كەستىلەر ئوتتۇن - كومۇرخانا،
ئاشخانا - سارايىنى، تەۋەككۇل بولسا، مېھمانخانىنى تەكشۈرگەن
ئىدى. ئۇ، ساندۇق - چامادانلارنى ئۆكتەي - توكتەي قىلىۋەت-
كەندىن كېيىن:

— نەخ پاكىت قولغا چۈشتى! بىز غەلىبە قىلدۇق! — دەپ
ۋاقىرىغان ئىدى. باشقىلار يۈگۈرۈشۈپ كىرگەندە، بايىقى «نەخ
پاكىتلار» تەۋەككۇلنىڭ قولىدا تۇراتتى.

— ئۇز كوزىمىز بىلەن كوردۇق! — دەپ تەكرارلاشتى
گۇۋاھچىلار، — ھەر قانداق يەردە دەيدىغىنىمىز شۇ!

تۇرغۇن كېرىم:

— سۈيىقەست! — دىدى غەزەپ بىلەن ۋە قول قويۇش-
نى قەتئىي رەت قىلدى.

تەۋەككۇل قاتارلىقلار:

— پاكىت — بەرىبىر پاكىت. بىز سىزنىڭ ئىقرار قىلى-
شىڭىزغا موھتاج ئەمەس! — دېيىشتى - دە، ئىشىكنى قاتتىق يې-
پىپ، شاراقلىتىپ قۇلۇپ سېلىپ كېتىشتى.

ئاردىن ئىككى سائەتتىن كوپرەك ۋاقىت ئوتكەن بولسىمۇ،
تۇرغۇن كېرىمنىڭ غەزىۋى بېسىلمىدى. ئۇ، ئويلىغانسېرى قاي-
نايتتى، قاينىغانسېرى ئورلەيتتى. دەل شۇ چاغدا تاشقىرىدىن سو-
ئال - سوراق ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇرغۇن كېرىم قوش قاناتلىق
ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىدى، ھېچكىمنى كورەلمىدى. پۈتۈن دىق-

قەت ئېتىۋارى بىلەن ئاڭلاشقا كىرىشتى.

— ئېلىپ كەلگىنىڭ نىمە؟ — بۇ — تەۋەككۇلنىڭ ئاۋا-
زى ئىدى.

— كۆك چوچۇرىسى.

«ئىبادەتخان ئانا، — دەپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ
كەتتى تۇرغۇن كىرىم، — ئاللاھىدە يوقلاپ چىقىپتۇ - دە، بى-
چارە!»

تەۋەككۇلنىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان سوزلىرى ئاڭلاندى:

— ھەي سىياسى قارغۇ، سەن زادى كىمنىڭ ئانىسى؟
ھەندەك بىر ئىنقىلاۋىي سولچىنىڭ ئانىسى نەدىكى بىر ئەكسىلئىن-
قىلاپچىغا تاماق توشۇپ يۈرىسەن. مېنىڭ سىياسى ئىستىقبالىم تو-
گىمەمدۇ؟! تېخى ئۇنىڭ ئامراق كۇچۇگىنىمۇ بىللە ئېلىپ چىققى-
نىڭنى، قارا!

«ھە؟ ئادالەتنىمۇ ئېلىپ چىققان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئوي-
لىدى تۇرغۇن كىرىم تېخىمۇ سۆيۈنۈپ ۋە جىددىيلىشىپ. ئۇ ئىشىك
قاناتلىرىنى بارلىق كۈچى بىلەن تارتىپ، يوچۇق دائىرىسىنى ئاز-
راق كېڭەيتتى. ئەمدى ئۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇل تەرىپىگە قاراپ بىر
نەچچە قەدەم مېڭىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلىگەن ئىبادەتخان ئانا بىلەن
ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى ئادالەتقىزنى ئېنىق كوردىلدى. تۇرغۇن كىرىم-
نىڭ ۋۇجۇدى ئىبادەتخان ئانىغا بولغان چەكسىز مېھرى - مۇھەب-
بەت ۋە بۇ تۇنجى نەۋرىسىگە بولغان ئامراقلىق ھارارىتى تەپ-
تىدىن بىردىنلا ئېرىپ كەتتى.

ئەلەم كۆرىشى ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە كوتىرىلگەن، ئىشىكتىن
باش چىقىرىش مۇمكىن بولمىغان خەتەرلىك تۈنلەرنىڭ بىرىدە
ئوز قولى بىلەن تۇغدۇرغان بۇ قىزنى ئىبادەتخان ئانا تولىمۇ

ياخشى كۆرەتتى. پۇرسەت تاپسىلا ئەپكېتىپ باقاتتى، ئويىنىتاتتى. ھەققانىيەت ۋە ئادالەت مۇدھىش ئاسارەت زىندانىغا مەھكۇم قىلىنغان قارا تۈنلەردە تۇغۇلغان بۇ تۈنجى نەۋرىسىگە ھەققانىيەت ۋە ئادالەتكە بولغان چوڭقۇر تەشنالىقىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە «ئادالەت» دەپ ئىسىم قويغان بۇ چوڭ دادىنىڭ ئامراقلىقىنى بولسا، سوز بىلەن ئىزھار قىلىپ، قەلەم بىلەن تەسۋىرلەش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شىۋىنىڭ ئۈچۈن ئۇزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى — تۇرغۇنى كېرەنى يوقلاپ كىرىش يولىغا قەدەم قويغان ئىبادەتخان ئانىمۇ ئادالەت قىزنى مەقسەتلىك ھالدا ئېلىۋالغان ۋە ھېرىپ - چارچاپ ھالى قالمىغىنىغا قارىماي، يول بويى كوتىرىپ چىققان ئىدى. ئوز ئانىسىنىڭ بىر «نەخ ئەكسىلئىنقىلابچى» دىن ھال سوراشقا چىققانلىقى، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ «كۈچۈكى» نىمۇ ئەتىۋالاپ كوتىرىپ چىققانلىقى تەۋەككۈلنىڭ سەپرايىنى قىرىق گەز ئورلىتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ:

— ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي چەك - چېگرا ئاجرىتىشىڭ كېرەك. كورۇشۇشكە رۇخسەت يوق! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئىبادەتخان ئانا نەسىھەت قىلىشقا، يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— بالام، مۇنداق نادانلىق قىلما! ئۈچ - تۆت يىلدىن بۇيان نەيزە - مىلتىق كوتىرىپ كېچە - كۈندۈز چېپىپ يۈرۈپ ئېرىشكىنىڭ مانا شۇ جىسەكچىلىك. تۇرغۇنجان ئورۇلۇپ كەتسە، ساڭا كالتە قوشۇنىڭ سېپى تېگەرمۇ؟ كوك تاشقا مىنەرسەنمۇ؟ ئەرشى ئەلاغا چىقىپ كېتەرسەنمۇ؟...

تەۋەككۈل ئالاقزادىلىك بىلەن تۆت ئەتراپىغا قارىدى ۋە يىگىرمە - ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدا بۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئۈچ - تۆت كىشىنى كورۈپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى چوقۇنىدىغان،

ھالقى مۇئاۋىن جۇرنىمۇ بار ئىدى. «مېنىڭ سىنىپىمى مەيدانىمنى سىناۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — سىناقتىن شۇنداق ئۆتەيكى...»

— سەن ماڭا مۇنداق شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقلىرىنى ئاتقۇچى بولما، — دەپ پوپوزا قىلدى تەۋەككۇل، — ئەككە بۇنى!

ئۇ ئىبادەتخان ئانىنىڭ سول قولىدىكى تۈگۈنچەكنى قىرپاللىق بىلەن يۇلۇپ ئالدى - دە، يېشىپ، چىنىدىكى چوچۇرىلەرنىڭ قارىنىنى يېرىشقا باشلىدى. ئىبادەتخان ئانا ئادالەتسىزنى يەرگە دەسسىتىپ قويۇپ:

— ھوي، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سوردى تەئەججۈپلىنىش ۋە رەنجىش بىلەن.

— تەكشۈرىمىز!

تېشىدىكى ئاق ئۈن، ئىچىدىكى يەنە يالتىزى؛ تەكشۈرىدىغان نىمىسى بار؟

— سەن سىياسى قارغۇ نىمىنى بىلىسەن؟ بىر تال چوچۇرە ئىچىدىمۇ سىنىپىي كۈرەش بار، بىلمەسەن، سىنىپىي كۈرەش!

ئىبادەتخان ئانا تېخىمۇ ھەيران بولدى:

— ئۇ نەرسەڭ كىتاپتا بولماي، چوچۇرە ئىچىدە نىمىش قىلىدۇ؟

— ئەستەغپىرۇللا ... ئەستەغپىرۇللا، نىمانداق ۋارا گەپلەرنى قىلىدىغانسىدۇ؟ ئانام دەپ يۈز - خاتىرە قىلمايدىغان بولسام!... — تەۋەككۇل يېرىلىپ كەتكىدەك ئەلپاز بىلەن ئانىسىغا مۇشت تەڭلىدى، — ياخشىلىقچە كوزۇمدىن يوقال!

ئىبادەتخان ئانا:

— ماقۇل، يوقاتسامۇ، ۋرغۇنجان بىلەن بىر كورۇشۇۋې-لىپ، قاچىنى بىكارلىتىپ، ئاندىن يوقلاي، — دەپ چىنىنى قولىغا ئالدى ۋە ئادالەتقىزنىڭ باشلىشى بىلەن تۇرغۇن كىرىم سولانغان ئۆي تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى. تەۋەككۇل سەينادا تۇرغان ئۈچ - ئوت كىشىگە يەنە بىر قارىدى - دە، «ئىنقىلاۋىي غەيرىتى» ئۇرغۇپ تاشتى.

— نەگە بارىسەن؟ توختا! — دەپ ئۈنلۈك ۋاقىرىغانچە يېرىپ، ئانىسىنىڭ گەجگىسىدىن سىلكىپ تارتتى. ئىبادەتخان ئانا ئۆرۈلۈپ، يۈز تۈزرانە تىزرۈپ:

— بۇ جاھان ئۆزۈن جاھان: مۇنچىۋالا ئىلىپ كەتمە! — دېدى.

— بوقال دەيمەن! نىماندان كوزۈمگە كىرىۋالىسەن؟!... — تەۋەككۇل شۇ سوز بىلەن تەڭ ئىبادەتخان ئانىسىنىڭ قوسىقىغا قاتتىق بىرنى تەپتى.

سەۋرى تاقىتى تۈگىگەن تۇرغۇن كىرىم بىرلا تارتىپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى ئۈزۈۋالدى - دە، ئوكدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى، بېشى كارۋات ئايىغىغا تېگىپ، كوزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئادالەت قىزنىڭ «دادا!...» دېگەن قورقۇنچلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ئورنىدىن دەس تۇردى. ئىبادەتخان ئانا «ۋاي» دەپ يىقىلىشى بىلەن تەڭلا ئادالەتقىز قۇلۇپلاتالىق ئىشىك تەرەپكە ئوزىنى ئاتقان ئىدى.

— توختا، كېچىك ئالۋاستى! — دەپ ۋاقىرىدى تەۋەككۇل قوزىچاققا ئېتىلغان ئاچ بورىدەك ئېتىلىپ كەلگىنىچە ۋە قىزنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇۋېلىپ، پىقىرىتىپ - پىقىرىتىپ شۇن-

ھاق ئاتتىكى، ئادالەتتىز يېگىرمە قەدەمچە يىراقلىقتا چۈشكەندىن كېيىنمۇ يەتتە - سەككىز قېتىم يۇمۇلاپ كەتتى. تۇرغۇن كېرىمنىڭ قەھرى - غەزەپلىك كۈچ - قۇدرىتى نەتىجىسىدە ئۈزۈلدىمۇ ياكى قاغا تۇمشۇق سۇغۇرۇلۇپ كەتتىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. ئىشىك داغدام ئېچىلدى. «ئۆلۈم يە كۆرۈم!» دەپ ئاخىرقى ئېلىشىشقا بەل باغلىغان تۇرغۇن كېرىم ئادالەتسىزنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئاغزى - بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كېلىۋاتقان بۇ سەبى بالا ھىلىلا پەرۋاندەك ئۆزىنى ئاتقان ئىبادەتخان ئانىنىڭ قۇچىغىدا بىھوش ياتاتتى. تومۇر قەپەزنى بوسۇپ چىققان بۇ قەھرىلىك يولۋاس — تۇرغۇن كېرىم «مەلئۇن!» دەپ بىر نەرە تارتتى - دە، ياۋۇز چىمبورە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىر چاغلاردا: «ئۇدۇنيا - بۇدۇنيا خوش بولۇپ كېتەي، دادا راھەتتى كۆرەلمىگەن شۇ يېتىم ئوغلۇمنىڭ بېشىنى بىر سىلاپ قويسىلا» دەپ يالۋۇرغان ئىبادەتخان ئانا ئەمدى يېڭى بىر مۇراجەتنى جاكالىدى:

— ئۇكام تۇرغۇنجان، ئۇدۇنيا - بۇدۇنيا خوش بولۇپ كېتەي، ئۆز ئانىسىغا پىت ئاتقان بۇ مەلئۇننى ئۇرسىلا! بالىلارغا رەھىمى يوق بۇ تاش يۈرەك نائەھلىنى ئۇرسىلا! بېشىنى سىلىغاننىڭ قولىنى چىشلەيدىغان بۇ ئىتنى ئۇرسىلا!...

## 4

تۇرغۇن كېرىم ئۆز ھېكايىسىنى مۇنداق تاماملىدى:

— شۇنداق قىلىپ، يولداش لىۋشاۋچىغا باغلىنىشلىق «چوڭ جىنايىتىم» ئۈستىگە قوشۇلغان «ئىنقىلاۋىي سولچىلارغا زەر-

بە بېرىپ ئۈچ ئالغان» دېگەن «يېڭى جىنايەت» مېنى بۇ يەرگە
ئېلىپ كەلدى. تەۋەككۇلنىڭ «سىناقتىن ئۆتۈپ» قۇجۇرىن بولغان-
لىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ يەنە قانچىلىغان ئادەملەرنى قاڭ-
قىر - قاخشاتقانلىقىدىن خەۋىرىم يوق. بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن بۇ
يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

ئابدۇقادىر مۇنداق دېدى:

— ئىنسانىيەت دۇنياسىدا مىڭ جىنايەت - تۈمەنمىڭ
جىنايەت بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۆز ئانىسىغا مۇشت ئېتىشتىنمۇ
ئېغىر جىنايەت يوق!

— توغرا، — دەپ تەستىقلىدى تۇرغۇن كېرىم ئارقىسىغا
بۇرۇلۇپ. تەۋەككۇل ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ گەۋدىسى تېخى
جايىدا بۇ ئىككەيلەننىڭ ناھالىلىق ئاياقلىرىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەل-
گەن سېرىق غازاڭلاردەك قۇم - تۇپراق ئىچىگە پېتىپ كېتىۋاتات-
تى، — بىزنىڭ تۇرمىلىرىمىز، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەي-
دانلىرىمىز دەل ئەنە شۇنداق ھەقىقى جىنايەتكارلار ئۈچۈن قۇ-
رۇلۇشى لازىم ئىدى.

ئابدۇقادىر چەكسىز ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېدى:

— مۇندىن كېيىن جەزمەن شۇنداق بولىدۇ. بىر ئۈچۈم
ھەقىقى جىنايەتچىلەر دەۋران سۈرۈپ، مىڭلىغان، مىليونلىغان ئاق-
كۆڭۈل، ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەر رىيازەت چېكىدىغان ئادالەتسىز
كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى!...

جىپ ماشىنىنىڭ موتورى گۈرۈلدەشكە باشلىدى، سىگنال
ياڭرىدى.

— يېڭى يۈرۈشنىڭ سىگنالى ياڭراۋاتىدۇ، خەير - خوش
دوستۇم!

سىياسى ئىستىقبالى يېڭىۋاشتىن نۇرلانغان بۇ پېشقەدەم ئىنقىلاۋىي رەھبىرىي كادىرلارنى بۈيۈك شانلىق سەپەر كارۋانلىرى تەشنالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. مىڭلىغان ئىبادەتخان ئانىلار، ئادالەتقىزلار كۈتمەكتە ئىدى. ئابدىقادىر بۇ جان - جىگەر دوستىنى خوشاللىق تەنتەنىسى ئىچىدە ئۇزىتىپ قالدى:

— خەيىر - خوش دوستۇم، خىزمىتىڭگە يېڭى غەلىبە تىلەيمەن!

1980 - يىل ئۆكتەبىر، قەشقەر.

# ئىككى ئوقۇغۇچۇم

1

ئۆمەكنىڭ مەخسۇس تاپشۇرۇقى بىلەن يولغا چىقىشىمغا ئىككى كۈن بولدى. ۋەزىپەم — پارتىيىنىڭ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىنكى دېھقانلار تۇرمۇشىنى چۈشىنىش ۋە تېپىك ئۈلگە تاللاپ، سەھنە نومۇرلىرى يېزىش ئۈچۈن ھول ھازىرلاش ئىدى.

17 يىللىق خۇشال - خورام كۈلكەم بىلەن ئاھۇ - پىغانلىق تۈگۈن - كىچىك تىنىشلىرىمغا گۇۋا بولغان بۇ كىچىكىنە ناھىيە تەۋەسىدە مېنىڭ قەدىمىم تەگمىگەن يېزا - مەھەللىلەر يوق دېيەرلىك. ئۇنىڭ چەكسىز قۇمۇشلۇقلىرى بىلەن داغلىق سۇ ئامبارلىرىلا ئەمەس، بەلكى قانداقتۇ سەۋەپلەر بىلەن پولات تاۋلاش ھەركىتىنىڭ ئوت گۈلخانلىرى ئىچىدە كۆل - قوقاسقا ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن ئامان قالغان قېرى قاپاق تېرەكلىرىگىچە ھەممىسى ماڭا بەشقولدەك تونۇش. چۈنكى، ئەنە شۇ 17 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا مەن كەزگەن يېزا، كەنت، مەن ئاتلىغان بوسۇغا، مەن سىرداشقان ئاتا - ئانىلار ئاز ئەمەس.

«نوز» ئۆستىدە كېتىۋېتىپ، يولغا سايە تاشلاپ تۇرغان

ئاسماق - ئاسماق نان جىگدىلەرگە زوق - ھەۋەس بىلەن تىكىلمەكتىمەن. يول ئۈستىگە قىزىل ياقۇت چاچقۇسىدەك چېچىلىپ كەتكەن جۇلالىق نان جىگدىلەرنىڭ بىرەر دانىسىنىڭمۇ ۋەلسىپىتىم چاقى ئاستىدا ئېزىلىپ كېتىشىگە كۆزۈم قىيمايدۇ، يۈرىكىم چىدىمايدۇ. جىگدە رەڭگى سۈزۈلمەستىنلا ئوغۇرلۇقچە يۇتۇپ، كۆل - قوقاس ئىچىدە پۇچىلاشقىنىمۇ ئۈلگۈرمەستىن يەپ كېتىدىغان ئاچكۆز بالىلار نەگە كەتتىكىن؟

ئەنە، ئاۋۇ، تۇۋاقتەك - تۇۋاقتەك باشلىرىنى كۆتىرەلمەي قالغان ئاپتاپپەرەسلەرچۇ؟ بىر زامانلاردا شياۋدۇيىنىڭ ماڭا «ئوغرىنىڭ دەستىدىن پەلەس تېرىغىلى بولمايدۇ» دەپ قاخشاپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟

ئەنجان تاملار سىرتىغا ساڭگىلاپ تۇرغان شاخلاردىكى ساپ - سېرىق، قىپ - قىزىل شاپتۇللار، پىشىپ يېرىلىپ كەتكەن كۆزلۈك ئاق توغاچلار، مەڭزى سۈزۈلگەن كۆك ئامۇت، قىزىرىپ كەتكەن نەشپۈتلار ... چىچىڭىدىن ئايرىلىپ بولغىچە چالما - كېسەكلەر بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ، قويۇنلىرىغا سېلىشقىنىمۇ ئۈلگۈرمەستىن شۇ يەردىلا يەپ تۈگىتىۋېتىدىغان ئاچ ئەرۋا بالىلار نەگە كەتتىكىن؟... ئۇنىڭ بالىلىرىچۇ؟...

كۆزۈم يولدا، يول قاسناقلىرىدا، خىيالىم كونا ئوقۇغۇچۇم قۇدرەت ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىدا ئىدى.

2

«ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قارشى تۇرۇش» ھەركىتىنىڭ چاڭ - توزاڭلىرى ئالەمنى قاپلىغان كۆز كۈنلىرىنىڭ

بىرىدە بۇيرۇققا بىنائەن سىنىپمى كۆرەشنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە دائىر «تىپىك نۇسخە» تېپىش مەقسىتىدە مۇشۇ مەھەللىدىن ئۆتكەن ئىدىم. ئىدارىنىڭ ئەللىك قەدەمدە بىر قېتىم زەنجىر تاشلاپ تۇرىدىغان ئەبجەق ۋېلىسىپىتى بىلەن يول يۈرۈش ماڭا پىيادە ماڭغاندىنمۇ ئېغىر ئىدى. كۆچكۈن قۇم بېسىپ كەتكەن يوللاردا سورەپ، كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ھالىم قالمىدى. ئاچلىق، بولۇپمۇ ئۇسسۇزلۇق بىلەن يول ئېزىكچىلىكى مېنى ئىسسىق قۇم دۆۋىسى باغرىدا بىر ھازاغىچە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. تاماكا ئۇرىدىم، ئەمما ئىچكە قۇم ـ توپا توشۇپ كەتكەن چاقمىقىمدىن بىرەر تال ئوچقۇنمۇ چىقمىدى. بۇنىڭ خۇمارى ھەممىدىن يامان كەلدى. ئويلا ـ ئويلا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ مۇشۇ مەھەللىدە ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم.

ئۇ ـ مېنىڭ ئون ئىككى يىل ئالدىدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچۇم قۇدرەت سىدىق ئىدى. ئۇنىڭ تالىق ھويلىسىدا، بىدىش ئاستىدا ئولتۇرۇپ، رەھمەتلىك سىدىق ئاخۇن ئاكام بىلەن ئۇزاق ـ ئۇزاق مۇڭداشقان ئىدىم. ئۆز قولۇم بىلەن بىدىشتىن ئۈزۈم، شېخىمدىن ئەنجۈر، شاپتۇل ئۈزۈپ يېگەن ئىدىم. رەھمەتلىك مەرھۇمساخان ئاچىنىڭ ئورامىتىپ پىشۇرغان ئوچاق نېنىنى خام قايماققا توگرىپ يەپ، راسا مەززە قىلغان ئىدىم... ئەنە شۇ ئاقكۆڭۈل، مېھماندوست، ئىسسىق چىراي ئاتا ـ ئانىلار، خوشلىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايۋاتقان قۇدرەت، داستىخاندىكى ئىسسىق ئوچاق نېنى، خام قايماق، بىدىشلەردە ئېسىلىپ كەتكەن خىلمۇ ـ خىل ئۈزۈملەر كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئۆزەمنى خېلى ھاردۇقۇم چىقىپ، يېنىكلىشىپ قالغاندەك سەزدىم ـ دە، ۋېلىسىپىتنى سۆرەپ يەنە يولغا چۈشتۈم. ئۆز ھەلەكچىلىكىم بىلەن بولۇپ كېتىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغىلى تاس - تاماس قاپتىمەن.

سالام بەرگەن يالاڭياق كىشى قولتۇغىدىكى چاۋار - چاتقالىق يۇلىنىڭ چېكىسىدە تويۇپ، ئالدىمغا كەلدى. مەن دەرھال دىيەنچۈكسىز ھارۋىنى دوڭغاق جىگدىگە يولەپ قويۇشقا ئۈلگەرگەن ئىدىم.

— مۇئەللىم، سىلىنىمۇ كورىدىغان كۈنلەر بولىدىكەن - ھە؟ — دەپ كېلىپ، ئىككى قولۇمنى ياغاچتەك قاتتىق، ئاشلانمىغان تېرىدەك يېرىك ئالقانلىرى بىلەن بىردەم سىلىدى - دە، يەنە شۇ قوللىرىنى چاڭگا ساقال ئاستىدا كورۇنىدىغان تالغان ئەتسىز يۈزلىرىگە سۈرتتى.

«مەن بۇ ئادەمنى نەدە كورگەن بولاتتىم؟ — دەپ ئويلايمەن ئوز ئىچىمدە، — بىرەر ئوقۇغۇچۇمنىڭ دادىسىمىدۇ؟ ياكى ياش ئەولاتلارغا سىنىپىي تەربىيە دەرسى ئوتۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، مەكتىۋىمىزگە ئېلىپ بارغان بوۋايلارنىڭ بىرەرسىمىكىن؟...»

— مۇئەللىم مېنى تونىمايۋاتىملا - ھە؟ — دەپ سورىدى بوۋاي چاناقلىرىغا پېتىپ كەتكەن نۇرسىز كوزلىرىنى كوزۇمگە تىكىپ.

— ئاكا، رەنجىمىسىلە، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلىنىپ، — مەن سوھبەتلەشكەن ئاتا - ئانىلار ئاز ئەمەس. قايسى ئوقۇغۇچىمنىڭ دادىسى ئىكەنلىكلىرىنى تازا ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن.

— مۇئەللىم! — دېدى بوۋاي ئىككى قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ، — مېنى راستىنلا تونىمىلا - ھە؟ تونىمىلا!... — ئۇنىڭ كوز چاناقلىرىغا تولۇپ كەتكەن ياشلىرى بىراقلا تېشىپ كەتتى - دە، يۇمران مايسىنى بېسىپ ئوتكەن ئېغىر سۇدەك قاپقارا، چاڭگا ساقىلىنى بېسىپ ئوتۇپ، قۇم - تويىلىق يولغا چۈشتى. ئۇ قاتتىق

ئازابلانماقتا ۋە ھاياجانلانماقتا ئىدى، — مۇئەللىم، مەن سىلى-
نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى قۇدرەت ئەمەسمۇ؟!

— نېمە؟ قۇدرەت!

ئۇزۇن يىللىق ئەلەملىك سەرگۈزەشتىلەر ئىچىدىن ئۆتمە-
گەن بولسا، ئۇدتۇر چېچىلىرى توكۇلۇپ كەتكەن، ئوچۇق مەيدىسى-
دىن ئۇۋۇرغىلىرى ۋاسىدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ يەر
ئىسلاھاتىنىڭ كۆرەش مۇدسى قولغا تەككەندىن كېيىنلا خەتنە
توي قىلىنغان، ئەدەبىلىكتە تولسا ئارانلا 30 ياشقا ئۇلاشقان،
چۈشتۈن ئۈستۈنورا مەكتەپ ھاياتىنى ئۆز قولۇمدا تاماملىغان ئىخلاس-
مەن ئوقۇغۇچىم قۇدرەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەن بولاتتىم. ئۇ تېخى
12 يىل ئاۋالدىلا چىرايىدىن ئەللىقلىق ۋە ئۇماقلىق يېغىپ تۇ-
رىدىغان ئاق - قىزىل يۈزلۈك، قوۋۇزلىرى كۆشلۈك، بىلەكلىرى
تومۇ ۋە كىچىك يىگىت ئەمەسمىدى؟ ساۋاقداشلىرى «تۈيىتۇجى»
(تويا تۇرتۇش ماشىنىسى) دەپ لەقەم قويۇۋالغان ئارقان تارتىش
باتۇرى قۇدرەت شۇمۇ؟ ئۇنىڭ بەستىگە ھوسۇن قوشۇپ تۇرىدىغان
پالۋانلىق ئىسكەت نەگە كەتتى؟ ئۇنىڭ ھەربىر ئوقۇتقۇچىغا
يوقۇرى نەلەپ بىلەن قارايدىغان بىر جۈپ قوي كۆزلىرىدىكى
جۇلالىق نۇر قېنى؟ ئۇنى مۇكچەيتىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن زا-
دى قانداق كۈچ!؟...

ئۇ، مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، سۆزسىز ماقۇللۇق بىلدۈر-
دۈم. ئۇ، يول چېتىگە قويۇپ قويغان چاۋىرىنى قولتۇقىغا قىستى-
دە، مېنى باشلاپ ماڭدى. رەمەتلىك سىددىق ئاخۇن ئاكامنىڭ
كەڭ ئىشايۋانلىق ھويلىسى، ھويلا ئىشىكىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى
نەشپۈت ئامۇت، بەدەشتىكى ئۈزۈملەر كۆز ئالدىمدا جىلۋىلىنىپ،
قاغزىمدا سېرىق سۇ كېلىشكە باشلىدى.

بىراق، مېنىڭ كىرگىنىم ئاقتامىلىق ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان يەككە - يېگانە بىر ئۆي بولۇپ چىقتى. سىرتىنى سۇۋالمىغان، ئۈستى زەمبىلدەك قوساق سېلىپ تۇرغان بۇ ۋەيرانىنى ئۆي دېگەندىن كۆرە، تاشلاندۇق ئېغىل دېيىش مۇۋاپىقراق ئىدى. ئۆينىڭ ئاق تېرەك، سېرىق سۆگەت ۋە قاغا جىگدە يادىرلىرىدىن تەركىپ تاپقان جەگىلىرى يادەك ئېگىلىپ تۇراتتى. ھەربىر جەگە بىردىن تۈۋرۈكنىڭ كۈچى بىلەن ئۈستىدىكى قوغۇن - قاپاقپىلەكلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چۈنكى، بۇ جەگە ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ ئەڭ چوڭى بوۋاق بالىنىڭ يوتىسىچىلىك، كىچىكلىرى بولسا، چوڭ ئادەمنىڭ بىلىگىچىلىك كېلەتتى. ئۆينىڭ بويى يەتتە - سەككىز قەدەم، توغرىسى تۆت - بەش قەدەمدىن ئاشمايتتى. پۈتۈن ئۆيگە سېلىنغان بىسات ئەسلى رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىككى پارچە كىگىز ئىدى. مەرەپكە يېغىپ قويۇلغان ماز يوتقان، قۇراق تەكىلەرگە كۆزى چۈشكەن ھەر قانداق كىشى «بۇ ئۆيدە پەقەت بىرلا كىشى تۇرمۇش ئۆتكۈزسە كېرەك» دېگەن ھېسسىياتقا كېلەتتى.

— ئۆيىمىز مۇشۇ، مۇئەللىم، — دەپ بىر ئېغىر تىنىۋالدى قۇدرەت، — ئاتا - ئانىمىزدىن، باغ ھويلا، ئۆي - ماكانىمىزدىن ئايرىلىپ، قۇرۇق جېنىمىز بىلەنلا قالدۇق، تۇرغان - پۈتكىنىمىز مۇشۇ...

ئۇ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەكلا جىم بولۇپ قالدى. داستىخان سالالمايۋاتقانلىقىدىن خىجىل بولۇۋاتامدىكىن دەپ ئويلىدىم - دە:

— قۇدرەت، داستىخان سال، سۇ ئېپكەل، — دەپ بۇيرۇپ، ۋەلىسپىتنىڭ ئارقىسىغا تېڭىقلىغان، ھازىر يېنىمدىلا تۇرغان ماش-

رەك بىرزىنىت سومكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتىم. ئاشلىق بېلىتى ئاشخانىدىن باشقا جايدا ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۈچ جىڭ ئۇنغا نان تېگىشىۋالغان ئىدىم. خامسۇق گىردىلەرنى ئۇ ئېلىپ كەلگەن قوناق ئۇنى يۇقى سۇپرا ئۈستىگە قويدۇم. قۇدرەت ئىككى تاۋاق مۇزدەك سۇ ئېلىپ كەلدى.

— 1963 - يىلىدىكى دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن پۈتۈن ناھىيىمىز بويىچە ئەڭ يۇقىرى نومۇر بىلەن ئۆتكەن ئوقۇغۇچى مەن ئىدىم، — دېدى قۇدرەت بىر بۇردا ناننى يۇتۇۋېلىپ ئەپسۇسلىنىش بىلەن.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدىم مەن، — بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالغان بىردىن بىر ئوقۇغۇچى سەن ئىدىڭ.

— ئۇ كۈنلەردە دادام ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئىدى. ئۇ، «خۇدا ئامانىتىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. سەن — باللارنىڭ چوڭى؛ ئۆز قولۇڭ بىلەن يەرلىكىمدە ياتقۇزۇپ قويۇپ كەتمىسەڭ، كۆزۈم يۇمۇلمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دېدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئوزۇقسىزلىق ۋە دىشۋارچىلىق ئىچىدە جۇدەپ، بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئانام بولسا «بويىتۇ، بارغىن بالام، سەن بولساڭمۇ دۇنيانىڭ سىرىتچىلىغىنى كۆرۈپ ئۆتكىن» دەيدۇ - يۇ، ئىچ - ئىچىدىن توكۇلىدۇ. چوڭى ئەمدىلا 14 ياشتا، كىچىكى 4 ياشقا كىرگەن ئىككى ئۇكام بىلەن ئىككى سىڭلىم «ئانامىمۇ ئارانلا تۇرۇۋاتسا، بىز قانداق قىلىمىز؟ دادامدىن كېيىن قالساق، بىز كىمگە يېلىنىمىز؟ كىمگە تەلمۈرىمىز؟» دېيىشىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پايتەخت ئالىي مەكتىۋىدە ئوقۇشتىن ئىبارەت كىشىلەرگە ئاسانلىقچە نېسىپ بولمايدىغان

بەخت - سائادەتنىڭ مېھرىدىن كېچىشىگە توغرا كەلدى. دادام قازا تېپىشى بىلەن تەڭ ئانام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە شۇنداق ئېغىر ھالدا تۇرۇپمۇ مېنىڭ بېشىمنى ئوكلاپ قويۇش كويىغا چۈشتى - دە، يۈز ئاچقۇ كۈنى يېرىم كېچىدە بەندىچىلىك قىلدى. ئەمدى پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكى مېنىڭ يەلكەمگە چۈشتى. دادامنىڭ نەزىر - چىراقلىرىدىن ئېشىپ قالغان ئاخىرقى ساغلىق بىلەن مەن مىنىپ يۈرگەن «كەپتەر» ئانامنى داۋالىتىش ئۈچۈن كەتكەن ئىدى. سىلە كورگەن ھېلىقى ئىگىز قارا ئىشەك بىلەن ئىشەك ھارۋىسىنىڭ پۇلى توي جەريانىدا خىراجەت قىلىنىپ تۈگىگەن ئىدى. ئانامنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈنلەي قەرز ھېسابىدا ئۆزىتىلدى. گادايلىق - غۇربەتچىلىك باسقانسېرى بەدەن ئاجىزلايدىكەن، ئاغرىق - سىلاق كوپىيىدىكەن. ئايلىم قاپ يودۇپ يۈرۈپ چۈشۈك كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ئۇكا - سىڭىللىرىم كىچىك، ئايلىم كېسەلچان. يەلكەمدىكى قەرز كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىۋەردى. دادام رەھمەتلىكتىن قالغان پېشايۋانلىق ھويلا - ئىمارەت ياغاچلىرىنىڭ ھەممە پۇلىنى جۇغلىسامۇ، قەرزىمنىڭ يېرىمى تۈگىمەيتۇ. سىياسەتنىڭ قاتتىقلىقى، ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىغىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئىككى ئۇكام تۇغۇلغان يۇرتىنى تاشلاپ، نەلەرگىدۇ كېتىپ قالدى. مەنمۇ بالىجانلىق بولۇپ قالدىم...

قىيا - چىيا يىغا ئاۋازى سوھبىتىمىزنى بۇزۇۋەتتى. كىرلىشىپ كەتكەن شاپاق دوپپىسىنى قولىدا چىڭ تۇتۇۋالغان يېرىم يالىڭاچ ئىككى ئوغۇل بالا بەس - بەس بىلەن يىغلىشىپ كىرىپ كەلدى.

— ھە، نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ ئەنسىزلىك بىلەن سورىدى قۇدرەت.

بەش ياشلاردىكى ئوغۇل ئىسەدەپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى:

— جەڭگەلدىكنە ئويناۋاتساق، شىاۋدۈيجاڭ ئۆردى!

«ئۆردى» دېگەن سۆز چىقىش بىلەن تەڭ ئۈچ ياشلاردىكى ئوغول بويۇن - گەجگىلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ يىغلاشتىن يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ دۈمبىسىنىڭ ئونلىغان يېرىگە قان دانچىلىرى ئۇيۇپ قالغان ئىدى.

— شوخا بىلەن ئۆردى! — دېدى ئوغول ئۆزىنى تۇتالماي ئىسەدەپ.

قۇدرەتنىڭ دېمى سىقىلدى، ئەتىمالىم، گەپ - سۆز قىلالمىدى، تۈپرۈگىنى يۇتتى.

جەڭگەدە تېخى سۆزۈلمىگەن تۇرسا، نېمىشقا ئۆردۇ؟ — دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— پۈتۈن ئەمگەك كۈچىنىڭ ئايلىق ئاشلىق نورمىسى 18 جىڭ يېرىك قوناق، — دەپ جاۋاپ بەردى قۇدرەت، — بالىلارغا بېرىلىدىغان كۈنلۈك نورمىغا ئاق قوچقاچمۇ تويمايدۇ. بالىلار نوك جەڭگەدە بىلەن قوسىقىنى كوللاش ئېمىدە، ئۇلار بولسا، جەڭگەدە بىلەن مال سەمرىتىپ، ئۆزلىرى بوداش ئېمىدە.

تولىمۇ ئىچىم ئاغرىدى. سۆيۈرىدىكى ناندىن ئىككىنى ئېلىپ، ئىككى بالىغا تۇتقازدىم. بالىلار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىر ماڭا، بىر نانغا قاراۋاتاتتى. گويا ئۇلار «بۇنى راستىنلا بىزگە بەرگەنمىدۇ؟» دەپ گاڭگىراپ قېلىشقان ئىدى.

— بۇ — سىلەرنىڭ. يەڭلار، بالىلىرىم، يەڭلار، — دېدىم مەن چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتىش بىلەن.

بالىلار قوللىرىدىكى جان قوتقازغۇچى خاسىيەتلىك نەڭگۈشتەرنى پارچىلاۋېتىشكە كۆزى قىيمىغاندەك چەكچىيىپ قارايتتى. «گەرچە نان دېگەننىمۇ كۆرىدىغان كۈنلىرىمىز بولىدىكەن - ھە؟»

دەۋاتامدىكىن - تاڭ ...

ناندىن يەنە بىرنى ئالدىم - دە، تەخمۇ - تەك پارچىلاپ:

— بۇنىمۇ يەڭلا، — دەپ ئۈزۈتتۈم.

باللار خۇددى رۇخسەت سوراۋاتقاندەك دادىسىغا تىكىلدى.

— يەڭلا، — دېدى قۇدرەت ئاستاغىنا باش لىڭشىتىپ.

شۇ سۆز بىلەن تەڭ كىچىگى ئاچكۆزلۈك بىلەن غاجىلاشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ، چوڭىمۇ ئاغزىغا سالدى.

— بۇنى مەن ئانامغا بېرىمەن، — دېدى كىچىگى قولىدىكى يېرىم ناننى كۆرسىتىپ، — ئاناممۇ گىردە كۆرمىگەن - ھە، دادا؟

— مەنمۇ ئانامغا بېرىمەن، — دېدى چوڭى ۋە دادىسىغا قاراپ، — سەن دىستىخاندىكىدىن يەيسەن - ھە؟ — دەپ قوشۇپ قويدى.

شۇ ئەسنادا، پەنجىرە، 45 ياشلاردىن ھالقىغان ياداڭغۇ، يالاڭاياق بىر ئايال كىرىپ كەلدى - دە:

— ئۇھ، تۇرغىنا رودىپاي! — دەپ ئۇششىمىدىكى قاپنى سۈپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە تاشلىدى.

— ئانا، گىردە نان! — دەپ ئىككى بالا ئۇنىڭغا ئېتىلىپلا باردى. ئايال بېشىنى كۆتىرىپ مېنى كۆرۈپلا:

— ۋييەي مەمتىلى مۇئەللىم، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى بۇ يەرگە؟ — دەپلا ئالدىمغا كەلدى ۋە چىراي - تۇرقىغا ماس بولمىغان بىر خىل شوخلۇق بىلەن، — سىلىنىمۇ كۆرىدىغان كۈنلەر بولىدىكەن - ھە؟ قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ، چوشقا باققۇزۇپتۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق، ھېلىم بولسا، ئوبدان تۇرۇپلا.

«بۇ ئايال كىم بولاتتى؟ — دەپ ئويلىنىپ قالدىم ئىچىمدە، — بۇنىمۇ تونىيالمىسام سەت تۇرمامدۇ؟ كۆزۈمدىن قېرىدىممۇ نېمە؟»

ئايال خىزدى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك سورىدى:

— مۇئەللىم، مېنى تونىيالمىلا - ھە؟ بىز 7 - سىنىپتىكى چاغدا بىر مەۋسۇم دەرس بەرگەن ئەمەسمۇ؟

ئالتە يىل ئوقۇتقان ئوقۇغۇچىسىنى تونىيالمايۋاتسا، ئالتە ئاي دەرس بەرگەن ئوقۇغۇچىسىنى قانداق تونۇيدۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قۇدرەت، — مۇئەللىم مېنى تېخى «ئاكا» داۋاتامدۇ؟

ئايال ئەپسۇسلىنىش ئورنىغا كۈلۈپ تاشلىدى.

— تايىنلىق، مېنىمۇ «ئاچا» دەۋالمىسىلا، مۇئەللىم. تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندە ئون توت ياش ئىدىم. مانا ھازىر ئون ئىككى يىل بوپتۇ، قانچە ياشقا كىرىپتىمەن؟

— 26 ياش؟ — دەپ تەئەججۈپلەندىم مەن ئۇنىڭ رەڭگى - رويىغا يەنە بىر قاراپ.

ئۇ، بولۇڭدىكى كونا ياغاچ ساندۇقتىن بىر خاتىرىنى ئالدى - دە:

— بۇ — ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى سۈرىتىم، — دەپ ماڭا كورسەتتى.

— ۋاي، زىنىنەتقىزمۇ سەن؟ — دېدىم مەن پېشانەمگە بىرنى ئۇرۇپ، — ئىگىزگە سەكرەش، ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش بايراقدارى ئىدىڭ. ھازىرمۇ يەنە شۇنداق سەكرىيەلەمسەن؟

— ئىككى رودىپاي شىللىمىزغا چاپلىشىۋالغان تۇرسا، قانداقمۇ سەكرىگىلى بولىدۇ، مۇئەللىم؟

— ئىككى رودىپاي؟ — دەپ سورىدىم مەن چۈشىنەلمەي.

— بىرى قەرز، ئىككىنچىسى قاپ! — دەپ بىگىز قولى بىلەن بايىقى قاپنى كورسەتتى زىنىنەت، — مۇشۇ ئىككى رودىپايدىن قۇتۇلالماي تالەمدىن ئۆتىدىغان ئوخشايمىز!...

## 3

شاۋقۇنلۇق ۋاراڭ - چۇرۇڭ خىيال يىپلىرىمنى ئۈزۈۋەتتى. ۋەلىسىپىتتىن چۈشتۈم - دە، كوۋرۇكنىڭ ئۇڭ يېقىدىكى جىڭگىللىكنە قوي يېقىشىۋاتقان بىر توپ باللارغا قاراپ ۋاقىرىدىم.

— باللار، قۇدرەت سىدىقنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىلەر؟

— بىزنىڭ ئۆيىمىزۇ؟ — دەپ سورىدى ئون ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئوغۇل ۋە شۇ سوز بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ كەلدى، — جۈرسىلە، مەن باشلاپ باراي.

ئانچىچە سەككىز ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بىر - بىرىدىن سېمىز ئانا - بالا ئالتە تۇياق قويىنى قوغلاپ يېنىمىزغا كەلدى - دە، مەندىن سەل - پەل ھېتقاپ تۇرغاندىن كېيىن:

— مەن باشلاپ باراي، — دېدى.

— سەن جىندەك تۇرۇپ بار، — دېدى ئاكىسى ۋە مېنىڭ ئالدىمغا چۈشتى.

— سىزۋەتنى ئالغاچ كەتمەمسە، — دېدى كىچىكى لىغمۇ - لىق ئوت - غازاڭ تولدۇرۇلغان سىزۋەتنى ئاكىسىغا تەڭلەپ.

بىز كەتتۇق. كىچىك ئوغۇل نىمىدىندۇ قىزغانغاندەك تۇرۇپ قالدى - يۇ، بىز ئانچە يىراقلاشماستىنلا قويلىرىنى سورۇپ - قوغلىغانچە، چاڭ - توپا توزۇتۇپ ئالدىمىزغا ئوتۇپ كەتتى. بىر زامانلاردا پىشىمغان قاغا جىگدىسى ئۆچۈن تاياق يېگەن باللارنىڭ شۇ ئىككەنلىكىنى ئوز كوڭلۈمدە جەزمەنلەشتۈرۈپ بولغىچە، بىر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. بادام دوپپا كىيىۋالغان، قويۇق قارا بۇرۇتلۇق، ئوزۇقراق بىر كىشى ئالدىراش چىقتى - دە:

— كەلسىلە مۆئەللىم، كەلسىلە.— دەپ ئەستىچىراي بىلەن
قارشى ئالدى. كىچىك ئوغۇل باشلاپ چىققان بولسا كېرەك، دەر-
مال تونۇدۇم.

— ھە، قۇدرەت، ئېچ تېرىدۇڭمۇ؟

— ئېچىلدۇق. ئۆزلىرىمۇ ئېچ كەپلا. ھويلىغا كىرسىلە، مۆئەل-
لىم ھويلىغا.

مەن ئۆتكەندە كىرگەن تاشلاندۇق ئېغىل سۈپەت ئۆيگە ئە-
مەس، خېلىلا ئازادە، كەڭ - كۇشادە بىر ھويلىغا كىرىپ قالدىم.
ھويلا باغ بىلەن تۇتاش بولۇپ، ئوتتۇرىنى پەقەت بىر مېتىردىن
ئېگىزرەك كۆككۆزلۈق تام توسۇپ تۇراتتى. ھويلا تەرەپ بىمدىش
بولۇپ، باغ تەرەپتىن چىققان ئۈزۈم تاللىرى كەڭ ھويلىغا يې-
يىلغان بىمدىشنىڭ بېرىمىدىن ئارىغىنى يېپىپ تۇراتتى. تويۇلغى-
نىغا ئەمدىلا ئۈچ يىل بولغان تاللارنىڭ ئىخلاسمەن باغۋەننىڭ
پەرۋىشىدە تېز ئۆسۈپ مۇنچە كىرگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.
ھويلىدىكى ھەممە نەرسىگە قىزىقىپ قاراۋاتقانلىقىمنى كورگەن قۇدرەت:

— جىرىسىلە، مۆئەللىم، ئالدى بىلەن بىرەر ئېگىلىگىمنى
بىر كورسىتىپ قويايى،— دەپ باققا باشلاپ كىردى. ئۈچ - تۆت
يۈزلۈك ھەجىمدىكى كىچىككىنە باغ يېڭىلا مىۋىگە كىرگەن ھەرخىل
كوچەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ مېنى ئوۋاي كەتكەن سېپىدىك
كىلىدىغان ئەنجۈر تۈۋىگە باشلاپ كەلدى - دە:

— مۆئەللىم، سىلە ئەنجۈرگە ئامراق ئىدىلە، ئۆز قوللىرى
بىلەن ئۈزۈپ، چاۋاكلاپ يېسىلە،— دەپ غولىنىڭ ئۈچىنى ئېگىپ
تۇردى. راسا قىيامىغا يەتكەن «شاخ مانتىسى» دىن يەتتە - سەك-
كىزنى ئىشتىھا بىلەن يەۋەتتىم. ئۇ مېنى بىر تۈپ كۆزلۈك ئاق
توغاچىنىڭ تۈۋىگە باشلىدى:

— بۇ — دادام رەھمەتلىك ياخشى كۆرىدىغان كۆزلۈك توغاچنىڭ ئۇرىغىدىن، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — سىلىنىڭ نەسىۋىلىرى قاپتىمۇ نېمە.

ئۇ، نازۇككىنا غول شاخنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ سىقىملاپ كۆچ بىلەن ئىغاتقان ئىدى، شاخنىڭ ئەڭ ئۇچىدا تازا ساغىرىپ پىشىپ يېرىلىپ كەتكەن توغاچتىن باش - ئالتىسى چۈشتى. ئاق يەكتەكنىڭ پېشىگە سۈرتۈلگەن توغاچلار ئۇنىڭ يوغان ئالقىنىدا قەھرىۋادەك جۇلالىنىپ تۇراتتى. مۇزدەك سوغاق، ھەسەلدەك شېرىن توغاچ جېنىمنى ياشارتقاندەك بولدى. قۇدرەت ئۆز قولى بىلەن ئۆلگەن قوقان گىلاس، ئالىرات، ئەش شاپتۇللارنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئەجرىنىڭ دەسلەپكى مەھسۇلىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

باغدىن چىققۋاتقىنىمىزدا باغ ئىشىكىگە ئۇدۇللاپ سېلىنغان ئېغىلدىن ئىشەكنىڭ ھاڭرىشى ئاڭلاندى.

— ئىشەك ئاپسەن - دە؟ — دېدىم مەن ئۇنىمۇ كۆرۈپ بېقىش ھەۋىسى بىلەن.

قۇدرەت ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. كۆرگەزمىگە قويۇشقا ياردىغىدەك بوز ئىشەكتىن بىرى ئۆزۈن قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ بىزگە قاراپ تۇراتتى.

— كىچىككىنە تەخەي ۋاقتىدا ئالغان ئىدىم، — دەپ چۈشەندۈردى قۇدرەت، — ئەمدىلا ئىككى چىشلىق بولدى. بېلىنىڭ قېتىشىغا ئۆلگۈرۈۋۈرەك بىر هارۋا قىلدۇۋالسام ...

قۇدرەت ئۆيگە باشلىدى. دەلىز، ئاشخانا، مېھمانخانىدىن تەشكىل تاپقان، ئاقلانمىغان بولسىمۇ، سىلىق سۇۋالغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي كۆزۈمگە خېلىلا ئىسسىق كۆرۈندى. يېڭى قارا كىگىز

پۈتۈن سۇپىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يېيىپ تۇرۇپتۇ. مەرەپكە تىزىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىلەرمۇ ئۈچ - تۆت كىشىگە يېتىدىغاندەك تۇراتتى. تەكچىدە بىر جۈپ چىنى چايدان، ئاز - تولا چىنە - تەخسە... ئۆيدىكى بىسات - جابدۇقلار يېقىندىن بويان مەن كۆرگەن بىرمۇنچە دېخان ئۆيلىرىدىكىگە قارىغاندا تېخى ئالغۇچىلىكى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئائىلىگە نىسبەتەن ئالاھىدە كۆتىرىلىشتىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى.

قۇدرەت ھېچقانداق قورۇنماستىنلا داستىخان سالالىدى ۋە يۇمشاق ئوچاق نېنىنى ئوشتىدى، چاي قۇيدى. ئۆي ئىچى پەياز ۋە چاي دورىسىنىڭ مەزىلىك پۇرىقى بىلەن تولدى.

باللار ئانىسىنى تېپىپ كەلدى. گۈللۈك دۇخاكلى كۆينەك، چەيزىرەڭ تاۋار ئىشتان، قارا خىروم ئاياق كىيىپ، بېشىغا تۇخۇم سېرىقى يۇڭ ياغلىق ئارتىۋالغان زىننەتخان خېلىلا ياشىرىپ قالغاندەك تۇراتتى.

باللار بولسا، داستىخاندىكى ئاپپاق ۋە يۇمشاق ئوچاق نانلىرىغا نەزەر - كۆزدىرىنمۇ سالماي، بىزنىڭ سوھبىتىمىزگە قۇلاق سالماقتا ئىدى.

— مۇئەللىم يېڭىدىن قەد كۆتەرگەن دېخانلار تۇرمۇشىدىن تېپىك نۇسخا تاللاپ نومۇر يېزىشقا كەپتۇ، — دەپ چۈشەندۈردى قۇدرەت ئۆز ئارا تېچلىق - ئامانلىق سورۇشۇپ بولغىنىمىزدىن كېيىن.

— بىزنى يازسىلا، مۇئەللىم، — دېدى زىننەت خۇددى ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىلىرىدىكىدەك ئەركىلەپ، — بىزنى يازسىلا، خوش بولۇپ قالايلى.

— سىلەرنى قانداق يازغىلى بولىدۇ؟ — دېدىم مەن ئۆي ئىچى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرقى - ھالىتىگە قاراپ.

— نېمىشقا يازغىلى بولمايدىكەن، مۇئەللىم؟ بىزمۇ يېڭىۋاشتىن قەد كۆتەردۇق، باي بولدۇق.

— باي بولدۇق؟ — قىزىقسىنىپ سورىدىم مەن.

— ھەئە، باي بولدۇق. كىمنىڭ باش پاتقىدەك ئۆيى بولسا، شىللىسىدا قەرزى بولمىسا، بىر نانني تۇتۇپقىنا خاتىرجەم يېيەلىسە، شۇنىڭ ئۆزى باي! — دېدى زىننەتخان ئوقۇتقۇچىسىغا ئەڭ توغرا جاۋاپ بېرىۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك روھلىنىپ، — بىر ئەمەس، ئىككىلا رودىپايدىن قۇتۇلدۇق، قوساق غېمىدىن خاتىرجەم بولدۇق، باللىرىمىزنى مەكتەپكە بېرەلىدۇق، ئۆي سېلىۋالدۇق. راست، تېخى باشقىلارنىڭكىدەك كېيىم تىكىش ماشىنىسى، ۋەلىسىپىت، ئۈنئالغۇ، رادىئولىرىمىز يوق. بىساتىمىزنىڭمۇ تايىنى يوق. بەش - ئالتە يىلغىچە سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ قالمىسا، مۇئەللىم، ئۇمۇ بولىدۇ. نى - نى بايلاردىن ئۆتۈپ كېتەلەيمىز!

مەن قۇدرەتكە سوئال نەزىرىدە تىكىلدىم. ئۇ:

— راست، مۇئەللىم، — دەپ ئىشەنچ بىلەن جاۋاپ بەردى ۋە، — سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولۇپ قالمىسىلا ... - دېگەن مۇھىم ئالدىنقى شەرتنى قوشۇپ قويدى.

داستىخاندا تۆت - تائام، ئۇدۇلۇمدا ئۇزۇن يىللىق سولچىل ھاۋا كېسىلىنىڭ دەردىدىن قۇتۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئىككى نەپەر دېخان ئوقۇغۇچۇم تۇرۇۋېتۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئەنە شۇ ئۇزۇن يىللىق زەئىپلىكنىڭ ئاخىرقى سېرىقچىلىقلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، قەلبىدىن ئىشەنچ ۋە سۆبات، كۆزلىرى-

دىن تولۇپ تاشقان ئۈمىتۋارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. مەن ئويلىدىم: ئۇلار جەزمەن باي بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. ئۇلار پارتىيە سىياسىتىگە، ئەمگەكچان ئىككى قولىغا ۋە يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، باي، پاراۋان گۈزەل يېڭى تۇرمۇش يارىتالايدۇ!...

1981 - يىل، ئىيۇل، قەشقەر.



# باشلىقىمىز دېسەم

ئىشىكنىڭ ئاستاغىنا چېكىلىشى خىيال بوشۇكىدە تەۋرىنىۋاتقان كاتىپنىڭ تېنچلىغىنى بۇزدى.

— كىرىڭ! — دېدى ئۇ، سوغاق نەزەر بىلەن ئىشىك تەرەپكە بېقىپ.

— سالام، يولداش كاتىپ!

— ھە، يەنە شۇ گەپمۇ؟

مېھمان ئىشىك تۈۋىدە تۇرغىنىچە جاۋاپ بەردى:

— ئەلۋەتتە شۇ گەپ.

— گەپ بەر، قۇلاق ئىككى. ھازىرچە ھەل قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس دېدىمغۇ؟

— يولداش كاتىپ، ئازراق ئىمكانىيەت قالدۇرسىڭىزچۇ؟

كاتىپنىڭ سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلىدى:

— مەن ئەزەلدىن قويرۇق قالدۇرۇپ ئۆگەنگەن ئەمەسمەن، — دېدى ئۇ ئۆششۈك پەسلىنىڭ كەچكى ھاۋاسىدەك سوغاق نەپەس بىلەن، — ئوقۇغۇچىلىق يېشىم ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، دەرس بېرىمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولماڭ!

مېھمان قاتتىق كۆڭۈل ئازارى ئىچىدە ئاچچىقىنى بىر تىنىدى - دە، ئارقىسىغا ياندى.

— خەير ... بوپتۇ!

ئىشىك سىلىققىنا يېپىلدى.

«قانداق بىزەڭ نېمە ئۇ! — دەپ غودۇراشقا باشلىدى كاتىپ، — تۈنۈگۈن بىر قارا سومكىنى كۆتىرىپ كەپتۇ. قاراپ تۇرسام، ئاغزىنىمۇ ئاچماستىن كۆتىرىپ چىقىپ كېتىۋاتامدۇ. تازا بىر پىخسىق نېمە ئىكەن - دە. تېخى ماڭا ئۆزىچە تەنبىھ بېرىپ كەتكىنىنى قانداق قىلاي! ...»

ئۇ ئاچچىقنى ئاچچىق بىلەن بېسىش قارارىغا كەلدى بولغاي، تاماكا ئوردى ۋە غەزەپ بىلەن سەرەڭگە ياقتى، تاماكىنىڭ ئىسىنى تۈرۈسقا قاراپ پۈۋلەۋاتقىنىدا، سىرتتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى:

«ھە، بەكرىمۇسەن؟ ئەھۋالىڭ قانداق؟ تازىمۇ ئۇسقان سۈرۈپسەن، سەمرىپ كەتكىنىڭنى، قارا! ...»

«بۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئاۋازىغۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى كاتىپ بىر تال چوغقا دەسسەپ سالغاندەك چوچۇپ، — كىمگە گەپ قىلىۋاتقاندۇ؟ بىزنىڭ بەي شىيەنجاڭغا گەپ قىلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە!»

ئۇ، يەنە قۇلاق سالدى، ھاكىمنىڭ: «كورۇشمىگىلى شۇنچە

يىللار بويىچە، يۈرسىلە، بىر دەم مۇڭدىشىۋالايلى» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ، ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئىشىكنى قىيا ئاچتى ۋە بەكرى ھاكىمنىڭ ھېلىقى كىشىنى باشلاپ ئىشخانا تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

«ئىسىت! ـ دەپ لېۋىنى چىشلىدى كاتىپ، ـ مەن .. ھەي، مەن نېمانچە دۆتلۈك قىلغاندىمەن! ...»

ئۇ، ماغدۇرسىزلاندى. گويا ئۇنىڭ ئۇستىخان ـ يىلىكلىرى سىزىپ كېتىۋاتاتتى، كۆز ئالدى بارغانچە قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى. ئاخىرى ئۇ ھالسىز تېنىنى قاتتىق ئورۇندۇققا تاشلاپ، ماڭلىيىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن شۇنداق سىقتىكى، ئەيۋەھدىناس، چويۈن ئامبۇرمۇ بۇنچە قاتتىق سىقالماس ...

كاتىپنىڭ چىرايى كۆز ئالدىدىكى گېزىت قەغىزىدەك ئاقىرىپ، بارغانچە قارامتۇل ـ سېرىققا ئايلىنىۋاتاتتى. يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار كاتىپ ئۈچۈن چىگىش ۋە مۇرەككەپ بىر تېپىشماقتەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

«بۇ كىشى شىەنجاڭنىڭ نېمىسىكەن؟ تۇغقىنىمۇ ـ يا؟ تۇغقان بولسا شۇنچە يىللارغىچە كۆرۈشمەي يۈرەرمىدى؟ ئۇنداق بولسا، چوقۇم يېقىن بۇرادىرى. توغرا، ياق، توغرا ئەمەس. ئۇ كىشى بەي شىەنجاڭنى «سەن» دەۋاتىدۇ. شىەنجاڭ بولسا «سىلى، ئۆزلىرى» دەۋاتامدۇ؟ يېقىن بۇرادەرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇنچە پەرقلىق مۇئامىلە بولمايدۇ ـ دە. ئۇنداقتا ئۇ كىشى باشلىق بولۇشى مۇمكىن، مۇمكىنلا ئەمەس، شەك ـ شۈبھىسىز باشلىق. بىزنىڭ بىرىنچى شىەنجاڭنى «سەن» دەۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇنداق ـ مۇنداق باشلىقلاردىن ئەمەس، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەنمىكىن؟ ۋىلايەتتىن بولغاندىمۇ، كىچىك باشلىق ئەمەس.»

تېپىشماق تېپىلدى.

كاتىپنىڭ ئەقلى ئاپتوماتىك ماشىنىدەك تېز ئىشلەشكە باشلىدى.

«توغرا! — دېدى ئۇ، — سەۋەنلىكنى تۈزىتىش يامان ئىش ئەمەس! ...»

ئۇ، يېڭىۋاشتىن روھلاندى، گويا مېڭىگە جان كىرگەندەك بولدى. ئۇ ئوڭ قولىنى دەرھال تېلېفون تۇرۇبكىسىغا ئۇزاتتى.

ۋەي ... ۋەي ... ھە — ھە، ئاڭلاۋاتىمەن. ۋەي، ۋەي، بىزنىڭ بەي شېنجاڭنى «سەن» دېدى، جۇمۇ. سەل چاغلاشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ ... ۋەي، ۋەي ... چېچى ئاقارغان، بېشىمدا چەمبەن دوپپا، ئۆزى ۋىجىكرەك، بىر پۇتىنى ئاياپراق دەسسەيدۇ ... ھە، ھە، ياخشىمۇ، ئالدىغا چىقىپ تۇرۇڭ! ...

كاتىپ تۇرۇبكىنى قويدى، ئالدىراشلىق بىلەن قەغەز، قەلەم ئالدى. قىزىل سىزىقلىق كىچىككىنە ئىش قەغىزىنى «جەزمەن، زۆرۈر، شەرت» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تولدۇرۇپ، ئۈندەش بەلگىسىدىن نەچچە ئونىنى قويۇۋەتتى. يېزىلىپ بولغان خەتنى يىراق تۇتۇپ ۋە كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ كۆرۈپ باقتى، قانائەتلەنمىدى. «خەت دېگەن باشلىقنىڭ سۈپىتىگە لايىق يېزىلىشى كېرەك — تە، — دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە قولىدىكى خەتنى يۇرلاپ - يۇرلاپ يەرگە تاشلىۋەتتى. — شۇنداق بىر يېزىۋېتەيكى ...»

ئالاھىدە كۆپەيتە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۈچىنچى قېتىم يېزىلغان خەت كاتىپنى تولۇق قانائەتلەندۈردى. ئۇ تامغىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپ راسا ھورداپ، ئاۋايلاپ باستى، مەخسۇس كونۋېرتقا سالدى ۋە تېزلىك بىلەن ئىشخانىدىن چىقتى. ھاكىم ئىش-

خانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىردىنلا قەدىمى ئاستىلاپ قالدى. «توختا! — دەپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — ئالدى بىلەن باشلىقنىڭ كەيپىياتىنى كۆزىتىپ باقاي. تېرىكىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالسام، تۈگەشكىنىم شۇ! ...»

كاتىپ بىنانىڭ كەينىگە ئۆتتى، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھاكىم ئىشخانىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلدى. پەردىنىڭ بىر-بىرىگە تۇتىشىدىغان جايىدىكى پىچاقنىڭ بىسىدەك تار قىسىلچاقتىن ئىشخانا ئىچىگە قارىدى. «باشلىق» يۇمشاق ئورۇندۇقتا، ھاكىم قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سۆزلەشمەكتە. ھاكىم ئىككىلا قولىنى تىزىغا قويۇپ، ئالدىغا بىر ئاز ئېڭىشىپ، پۈتۈن دىققەت-ئېتىۋارى بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى. «ئۆز دادىسىنىڭ ئالدىدىمۇ مۇنچىلىك ئەدەپ ساقلاپ ئولتۇرمىغان بولاتتى-ھە؟»

كاتىپ يەنە قارىدى: ئوتتۇرىدا قويۇلغان كىچىككىنە چاي شىرەسىدە قايناقسۇ تولدۇرۇلغان ئىككى دانە ئىستاكان تۇرۇپتۇ. كۈلدان ئەسلىدىكى جايىدىن يۆتكەلمەپتۇ. كاتىپ ئويلىدى: «بەي، شەيەنجاڭنىڭ تاماكا چېكىشكىمۇ پېتىنالمىغىنىغا قارىغاندا، بەك چوڭ باشلىق ئىكەن-دە؟»

كاتىپ شەپىسىز ئارقىغا ياندى، بايىقىدەكلا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشخانا ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئۇنى يېڭىۋاشتىن سۈر باستى. ئىشىكنى چەكمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى-يۇ، يەنە تارتىۋالدى، «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەپتۇ. مەيلى، كىرىۋېرەي، كوكسى-قارنى خېلى كەڭ باشلىقتەك قىلىدىغۇ؟ ...» دەپ ئويلىدى ئۇ.

كاتىپ ئاستاغىنا ئىشىكنى چەكتى.

— كىرىڭ.

كاتىپ كىردى. «باشلىق» قا بىر قاراش بىلەنلا ئۇنى يەنە سۆز بېسىپ، تىزىۋالغان سۆزلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلىپ كەتتى:

— باشلىق، ئۆزلىرىنى، ھە، ھە، رەنجىتىپ ... ئوقۇشتۇم، سۆزلەشتىم. بۈگۈن، ھە، ياق، ھازىر ... ھازىرلا رەسمىيەت ...

كاتىپ خەتنى ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. «باشلىق» ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدە يۈز بەرگە پەۋقۇلئاددە چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بايىقى سوغ چىراي تەكەببۇر، مەمەدانە شەخس ئەمەس، بەلكى تولىمۇ ئىللىق چىراي، كەمتەر، ئۆز كىيىمىنىمۇ ئوڭلاپ قىلالمايدىغان مومىن بەندە قاراپ تۇراتتى.

— رەھمەت، — دېدى «باشلىق» ۋە خەتنى سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

«باشلىق» نىڭ «رەھمىتى» كاتىپنىڭ كىچىكلىك كېسىلىگە شىپا بولغان ئىدى.

— ھۆرمەتلىك باشلىق، — دېدى ئۇ كۆناكارلارچە باش ئېگىپ، — مەن بىلمەپتىمەن، ئەپۇ قىلىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن. سىلى ئۆزلىرى بارغىچە ئۇلار ھەممە رەسمىيەتنى بېجىرىپ تەخلىپ قويىدىغان بولدى. ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە، مەن بىللە بارسام ... سىلى ئۆزلىرى بىزنىڭ بەي شيەنجاڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ بولغىچە، ئۆزەملا بېجىرىپ كېلەيمۇ - يا؟ ئۇچقاندەك بېرىپلا كېلەمەن ...

«باشلىق» كاتىپقا خۇددى سەھنىدە رول ئويناۋاتقان كومېدىيە ئارتىستىغا قارىغاندەك كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

— تونۇشۇپ قويۇڭ، — دەپ «باشلىق» نى كۆرسەتتى

بەكرى ھاكىم ئېھتىرام بىلەن، — بۇ كىشى مېنىڭ پىشقەدەم ئۇستازىم ...

— ئۇستازىم؟ — دەپ تەكرارلىدى كاتىپ ئىنتايىن زەئىپ ئاۋاز بىلەن.

— شۇنداق، مېنىڭ ئۇستازىم، — دەپ جاۋاپ بەردى بەكرى ھاكىم چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن، — ئۇك قولۇمدىن تۇتۇپ، «ئانا»، «ۋەتەن ...» دىگەن سۆزلەرنى يېزىشنى ئۆگەتكەن ئۇستازىم، ئۇلۇغ ئانا ۋە ئۇلۇغ ۋەتەن ئۈچۈن بارلىغىنى قۇربان قىلىش تۇيغۇسىنى تۇنجى قېتىم قەلبىمگە سىڭدۈرگەن ئۇستازىم! ...

«شاگىرتى باش شىيەنجاڭ بولغان يەردە، ئۇستازى نىمە بولماقچى؟» دەپ ئويلىغان كاتىپنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— پىشقەدەم ئۇستاز ھازىر قەيەردە ئىشلەيدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەپ تۇرۇپ.

بەكرى جاۋاپ بەردى:

— يەنىلا باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئوقۇتقۇچى.

كاتىپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى، لەۋلىرىگە خۇشامەت شېرىنىسىنى مۇنچە جىق سۈركىۋالمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز ھالدا بۇ سۆز چىقىپ كەتكەن بولاتتى:

— باشلىقىمكەن دىسەم ...

1981 - يىل 24 - سىنتەبىر، قەشقەر

# سىرتقال ۋاختىدا

## 1

تېرەكلەر قاراغۇلاشقان، كاككۇكلار ئەلنەغمە باشلىغان چاغ.

تېشىلگەن يوللار تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ داۋاملىق توپا، تاش - شېغىل توكۇپ، تىندۇرۇپ تۈزلەپ تۇرغىنىغا قارىماي، يەنىلا نارتوگىنىڭ ئۆركەشمەدەك ئىگىز - پەس بولۇپ كەتكەن ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۈچ - تۆت كۈنگىچە ئۇدا ئارىلىشىپ ياققان يامغۇر بىلەن سېرىق قار بۇ يېڭى تاشيولنى خېمىردەك يۇمشىتىۋەتكەن ئىدى. ماشىنا چاقى چۈشكەنلىكى يەردە بىر گەز چوڭقۇرلۇقنىڭ چۈنەك ھاسىل بولاتتى. ئاپتوۋۇزىمىز گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا قىڭغىيىپ، كالا ھارۋىسىدىنمۇ ئاستا ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئەسلىدە چۈش - پېشىن بىلەنلا كەلگىلى بولىدىغان بۇ ناھىيە شەھىرىگە شام - خۇپتەن ئارىلىقىدا ئاران كېلەلىدۇق.

— مېھمانخانا قەيەردىرەك؟ — دەپ سورىدى بىللە كەلگەن خىزمەتدىشىم ئابدۇرۇسۇل ھارغىن ئاۋاز بىلەن ۋە، — يېقىنراق، جانىغا ئەسقاتىدىغانراق بىر يەرنى تاپساق بولاتتى، — دەپ قوشۇپ قويدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى سومكا، ئۈچىسىدا ماشىرەڭ

تاشلىق جۇۋا، پۈتۈن ئەزايىمدىن تەر پۇرىقى كېلەتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئىككى سەپدىشىمىز قوشۇلدى:

— نەچچىدىن، قانداقلا بولمىسۇن، سىز بۇ يەرلىك. قۇيرۇغىمىزغا ئېسىلغىنىمىز - ئېسىلغان، ھە، — دېيىشتى ئۇلار.

— بولىدۇ، يۈرۈڭلار! — دېدىم مەن ئىشەنچ بىلەن ۋە سومكىلىرىمنى كۆتىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشتۈم.

راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ بىلىدىغىنىم بىرلا مېھمانخانا ۋە بىرلا كۈتكۈچى قىز ئىدى. «ئۇچىغا قارشى تۇرۇپ، بەرگە زەربە بېرىش» ھەركىتىنىڭ ۋەھىمىلىرى ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكەن كۈنلەردە ئۆز ئورنۇمدىكى «قىزىل ھاكىمىيەت» نىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن «ئىز قوغلاپ» بۇ يەرگە كېلىپ، دەل ئاشۇ مېھمانخانا كۈتكۈچىسى ئانىقىزنىڭ ئىنتايىن ساپ، سەمىمى كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. ياتاققا ئورۇنلىشىپ بولۇشۇم بىلەن تەڭ پاكىز لوڭقا بىلەن ئىسسىق سۇ ئېلىپ كىرگەندىكى مەسۇم چىراي، «كىر - قاتلىرىڭىزنى يۇيۇپ بېرەي» دەپ تەلەپ قىلغان چاغلىرىدىكى شەرمى - ھايالىق قىياپىتى كۆڭلۈم بەتلىرىگە ئۆز ئەينى بويىچە سىزىلىپ قالغان ئىدى. بۇ قېتىم يەنە خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن جەنۇپقا قاراپ يولغا چىققان چېغىمدىن باشلاپلا بۇ ئاغزى چىلەك، ئايىغى يېپىنەك، ئاقكۆڭۈل، مەيۈسچىراي قىزنى بىر كۆرۈۋېلىشقا ئالدىرىغان ئىدىم.

مېھمانلارغا ياتاق بېلىتى كېسىۋاتقان ئاق - قىزىل يۈزلۈك، ئۇزۇن چاچ ئايالنىڭ ئەنە شۇ ئانىقىز ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۇ چاغلاردا ئۇ، ماشرەڭ خادانى يوپكا - پىلاتى كىيىۋالغان، كالتە چاچلىق، ئاق - سېرىق يۈزلۈك ئورۇقىنا بىر قىز ئەمەسمىدى؟ ئەندى قاراڭلار، كوكرەك ۋە بىلەكلىرىنىڭ

شۇنچە كەلگ يېشىل پوپايكا ئىچىگە پاتماي قالغىنىنى!

— تونىماي قالدىڭمىز - ھە، نەجمىدىن ئاكا؟ — دېدى ئانىقىز قېرىنداشلارچە ھال سوراشتىن كېيىن، — ئۇ چاغلاردا بالا ئىدۇق، ئەمدىلىكتە ئانا بولدۇق. «دولەت يۈزى ئاق» دېگەن گەپ راست ئىكەن، ئاز - تولا دولەت كوردۇق، سەمرىدۇق، ئاقاردۇق. سىزمۇ ھېچقانچە ئۆزگەرمەپسىز. بىر كورۈپلا تونۇۋالالىدىمىغۇ؟

بىلەت كېسىپ بولغاندىن كېيىن كۆتكۈچى قىزلارنى چاقىرغان ئىدى، ئىككى قىز: «ھە، ئانىقىز ئاچا» دەپلا يۈگرەپ كەلدى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، نەجمىدىن ئاكا، ھازىر بىز دېگەن ھەم ئانا، ھەم قىز ھەم ئاچا بولۇپ كەتتۇق، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ئانىقىز ۋە ئۇنىمەننىمىزغا قارىماي، سومكىلىرىمىزنى كوتىرىپ، قىزلار بىلەن ئالدىمىزدا ماڭدى.

— تاغىڭىزغا تېلېفون بېرىپ قويايمۇ؟ — دەپ سورىدى بىزنى توت كىشىلىك ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن.

— نىمە دېسەم بولار؟

— ئىككىلەنمەڭ، بۇ قېتىم جەزمەن ئۆزى ئىزلەپ كېلىدۇ!

— مەيلى، — دېدىم مەن يەنىلا شۈبھىلىنىپ.

ئانىقىز كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. سەپەرداشلىرىم لەززەتلىك ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولغىلى نەۋاخ. مەن تېخىچە ئاچچىق سەزگۈزەشتىلەر چولىدە قۇيۇندەك يېقىراپ يۈرمەكتىمەن.

## 2

1970 ـ يىلى كۈز.

ئانىقىز بىلەن دەل مۇشۇ ياتاقتا تەنھا سۆزلەشكەنمەن:

— راست، باياۋاتلىقمۇ سىز؟ ئاغام يۇنۇس موللامنى بىلەمسىز؟

— بىز بىلەن تام خوشنا تۇرسا ...

.. ........

«ھەممىنى ئۇمۇمنىڭ ئېلىۋېلىش شامىلى» بىزنى تۇغۇلغان يۇرتىمىزدىن ئۇچۇرغانچە، ئاۋرال ئېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە ئاپىرىپ قويغان ئىدى. دادام «72 خىل ھۈنەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغان» ئادەم بولغاچقا، قايسى يۇرتتا قايسى ھۈنەر ئاقسا، شۇنى قىلىپ يۈرۈپ ئۇننەچچە قىشنى ئۆزاتتى ۋە ئىلىغۇ قۇچىغىدا ماكانلىشىپ قالدى. ئەھلى جامائەت ئىچىدە يۈز - ئابرۇيىمۇ تاپتى، ئاز - تولا مال - دۇنيامۇ تاپتى. رەسمىي نوپۇسقا ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا ئۆز يۇرتتا قالغان ئىنىسى يۇنۇس ئاغامغا بىر نەچچە نۆۋەت خەت - خالتا ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىرەر پارچە جاۋاپ خەت ئاپشۇرۇۋالالماي تولىمۇ ئىت - ئىت بولاتتى. مەن سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ۋەزمىنىغىنا بىر خالتىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ «ئاغامنى نەدىن بولسۇن ئىزلەپ تېپىڭ، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن بىر كۆرۈپ كەلگىن» دەپ قايتا - قايتا تاپىلىغان ئىدى.

ئانىقىز بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جىم بولۇپ كەتتى.

— بارامسىز؟ — دېدى ئۇ ئىممىدىندۇ ئۇكايسىزلانغان قىياپەتتە، — مەشەگىلا چاقىرتساق بولماسمۇ؟

— خەيرىنسا ئانامنى، ئاكا - ئۇكىلىرىمنى كورمەي كەتسەم، دادامغا نىمە دەيمەن؟ قەدەم جايىمىزنى، بوۋىلارنىڭ قەۋرىستانلىغىنى زىيارەت قىلغاچ كەتمىسەم بولامدۇ؟

— قاچان يولغا چىقىسىز؟

— ئەتە سەھەردىلا ماڭساممىكىن دەيمەن.

— ئارىلىق يىراق، بىر يىرىم سائەتلىك يول دەڭا. بىرەر ئىشەك ھارۋىسى تاپقىلى بولسىمۇ، كاشكى!—... ئۇ خىلىخچە جىمىپ قالدى. كېيىن گويا بىر ئامال تاپقاندەك سوزلەشكە باشلىدى، — نەجمىدىن ئاكا، مەن بۇگۇنلا دادامغا تېلېفون بېرىۋېتەي. دادام موللا ئاكامغا يەتكۈزسە، ئەتە - ئوگۇنگىچە بىر ئامال قىلىپ ئىشەك ھارۋىسى تېپىپ كېلەر.

بۇ مەسلىيەتكە نائىلاج ماقۇل بولدۇم. ئەتىسى كەچكىچە ھەمچىيەرگە چىقماي كۇتتۇم، ئوگزنى كۇتتۇم، كەلمىدى. ئۇچىنچى كۇنى سەۋرى - تاقەت رىشتەم قات - قېتىدىن ئۇزۇلدى. خالتا قاچىلانغان سومكىنى ئالدىم - دە، يولغا راۋان بولدۇم.

«مانا كېلەر، ئەنە كېلەر» دەپ يولغا تەلمۇرۇپ ئولتۇرۇپ، چۇشلۇك غىزالىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئىكەنمەن. يېرىم سائەتتىن ئوشۇقراق ماڭغاندىن كېيىنلا ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدىم. سومكىنى ئۇ قولۇمدىن بۇ قولۇمغا يوتكىگەنسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇچتەك يېنىك يېلىڭ چاپىنىمۇ ئوز كارامىتىنى كورسىتىپ، يەلكىلىرىمنى ئوغۇت تاغىرىدەك باسماقتا. پۇتلىرىم توگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ...

تۇغۇلغان يۇرتۇمغا كەلگەندە، زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئوسمۇرلۇك چاغلىرىمدىكى ئەسلىمىلەر ئىزى بويلاپ مېڭىپ ئاغامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قال-

دىم. چۈنكى، ئۇ چاغلاردىكى گۈمبەزسىمان، چوڭ قالپاقلىق مىخلار قاتار - قاتار قېقىلغان تۆمۈر ھالقىلىق، قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازا ئورنىدا قوي ئېغىللىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ۋادەكلىك «ئىشىك» تۇراتتى. سىرتتا تۇرۇپلا پۈتۈن ھويلا - ئىمارەتلەرنى بىمالال كۆرگىلى بولاتتى. ئەنە، قاغجىراق ھويلا تاشلاندۇق گۆرۈستاننى، بىر - بىرىگە يانداش ئىككى ئۆي ئۈستى چۈشۈپ كەلگەن قوش گۈمبەزنى ئەسلىتىپ تۇرۇپتۇ. تورۇس، ئىشىك، پەنجىرە دېگەنلەرنىڭ ئىزى تۇرۇپتۇ، ئۆزى يوق. پەقەت ئۆز دەۋرىدە سامانلىق قىلىنغان كىچىككىنە ئۆينىڭ شادىلىق پەنجىرىسىدىن چىققان غوۋا ئوت شولىسى بىلەن مورىسىدىن چىقىۋاتقان بۇرۇقتۇم ئىس بۇ ئۆيدە ئادەم بارلىقىدىن بەلگە بېرىپ تۇرۇپتۇ.

«شۇمۇ - ئەمەسمۇ؟»

تەلپۈنگە، ئوغۇت سېۋىتى كۆتەرگەن ئىككى ئوغۇل كېلىپ قالدى.

— ئاشۇ ئۆي شۇ! — دەپ تەڭلا جاۋاب بېرىشتى ئۇلار مېنىڭ سوئالىمغا.

دىدار كۆرۈشۈش تەشنالىقى ئالدىرىتاتتى. ھاياتلىق بەلگىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ..

ئاغزىمنى ئېچىشىم بىلەنلا كىرگەن ئاچچىق تۈتۈن ئۆپكەمنى ئۆرتىۋەتتى. قارا كىزىك كېسىلى بىلەن يېتىپ قالغان مومايىنىڭ ئاۋازىدەك زەئىپ - ئىمجان بىر سادادىن كېيىن ئاران تەسلىكتە كۆزۈمنى ئاچتىم. دومچىيىپ، ئولتۇرۇپ، مورا ئوچاقتا سېلىنغان ئاللىقانداق شاخ - شۇمبىلارنى پۈۋلەۋاتقان موماي ئاران تەسلىكتە بېلىنى رۇسلاپ ئورنىدىن تۇردى:

— كەلسىلە ...

— ئانا، خەيرى ئانا! — دەپ ۋاقىرىدىم مەن ئىككى جەينىكىمدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، — مەن نەجىمىدىن! ...

بىز «خەيرى ئانا» دەپ ئاتاپ ئادەتلىنىپ قالغان بۇ دۇمچەك «دوماي» مېنىڭ ھىساۋىمچە، بۇ يىل 45 ياشلارغا كىرگەن ئىدى.

— بالام مەن مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم، — دەپ بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى ئۇ، — بىز مۇشۇنداق بولۇپ قالدۇق!... يۇسۇپ ئاخۇن، سەيلىخانلار تېچلىقمۇ، بالام؟

مەن ئۇلارنىڭ ئامان ئېسەنلىگى ۋە سالاملىرىنى يەتكۈزدۇم. پۇۋۇلەپ تۇرمىغاچقا، ئوچاقتىكى ئوت كۆزىنى يۇمغان، پوقۇن ئۆيدە پىلىلداپ تۇرغىنىدەك ھېچنەرسە يوق ئىدى. خەيرىنسا ئانامنىڭ رەڭگى - روھىنى زادىلا كۆرەلىدىم. ئۇ، بايىلا ئوز ئاستىغا سېلىپ يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان كونا قوي تېرىسىنى مەن تەرەپكە يۆتكەپ قويدى - دە:

— جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرغىن، بالام. مەن موللا ئاكاڭنى تېپىپ كېلەي، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

كۈتتۈم، كۈتتۈم، كەلمىدى. دۈتخانىدا ئەرۋادەك يالغۇز ئولتۇرۇۋېرىشتىن زېرىكتىم. ئاللىقاچان تارتىشىشقا باشلىغان ئۈچەيلىرىم ئۆزۈلگىدەك ھالغا كەلدى. «بۇمۇ ئوز ئۆيۈمغۇ؟ تارتىنىپ ئولتۇرۇپ ئاچلىق ئازاۋى تارتقىچە بىرنىمە تېپىپ غاجىلىغاچ تۇرمايمەنمۇ؟» دەپ ئويلىدىم - دە، كەينى - كەينىدىن سەرەڭگە يېقىپ ئۆيان - بۇيان قاراشقا، ئاخىرىدا ھەممە يەرنى قېزىشقا باشلىدىم. بىر داس قوناق خېمىرى بىلەن سۇپىرىدىكى تۇت - بەش تۈچۈم قوناق ئۇنى ۋە نېپىز توغراپ قويغان بىر تاۋاق

چامغۇردىن بولەك ھېچقانداق يېگۈلۈك دىدارىنى كۆرۈشكە مۇۋەپ-
پەق بولالمىدىم. ئوچاقتا ئىسسىقلىق قازاننىڭ تۈۋىگىنى ئېچىپ
باقتىم. خۇدانىڭ قۇرۇق سۇيىمۇ پىژىلداشتىن توختاپ قاپتۇ.
«ئوماچ ئەتسە كېرەك،— دەپ ئويلىدىم مەن،— ئاشتىن كېيىن
ئوچاقتا نان ياپىدىكەن - دە؟ ...»

يېگۈلۈكتىن ئۈمىدىم ئۈزۈلگەندىن كېيىن باتار جايىمدىن
ئەنسىرەشكە باشلىدىم، بۇ كىچىككىنە دۇتخانىمدا تۈزۈككىنە سېلىن-
چا - يېپىنچا كۆرۈنمەيتتى. ئانىقىزنىڭ مېنى بۇ يەرگە كېلىشتىن
توسۇشىدىكى مۇددىئاسىنى ئەمدىلا چۈشەندىم ۋە تاغام بىلەن دى-
دار كۆرۈشۈپ، دادامنىڭ سوغىسىنى ئالدىدا قويۇۋېتىپلا يولغا
راۋان بولۇش قارارىغا كەلدىم.

يەنە بىر سائەتنەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، تۇققانلىرىمنىڭ
سايىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئۈن - تىنىشىمۇ ئاڭلانمايدۇ. بىتاقەتچىلىك
مېنى «دەرۋازا» ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇيان - بۇيانلارغا مې-
ڭىپ باقتىم.

«ئەنە، تاغام كېلىۋاتىدۇ! ...»

يىراق، مەن قوچاقلىۋالماقچى بولۇپ ئالدىغا بارغان بۇ
كىشى تاغام ئەمەس، بەلكى ئانىقىزنىڭ دادىسى ئابباس ئاكام
بولۇپ چىقتى. تولىمۇ قىزغىن تىنچ - ئامانلىق سوراشقاندىن كې-
يىن كېلىش مۇددىئايىمنى بايان قىلغاچ:

— شۇنچە يىل كۆرۈشمىگەن قان - قېرىنداشنىڭ بالىسىغا مۇشۇن-
داق مۇئامىلە قىلامدۇ؟ قېچىۋالغىنى نىمىسى؟ ناھىيىمدىن بۇ يەرگە پىيا-
دە كەلمەك ئاسانمۇ؟ ياكى مەن يىگانى - ئىچكىلى كەلمىسەم! ... مېنىڭ
كېلىدىغانلىقىمدىن بىخەۋەر بولسا كاشكى!... — دەپ قايناپ كەتتىم.

— ھەي قاتتىقچىلىق، ھەي قاتتىقچىلىق، ئۇرۇق - تۇققان،

قان - قېرىنداشلارنىمۇ بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان قاتتىق-چىلىق! — دەپ ئىندا قىلدى ئابباس ئاكام ھەسرەتلىك ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ ۋە ئەھۋالنى قىستىچە چۈشەندۈردى، — يۇنۇس ئاخۇنغا خەۋەرنى مانا مەن يەتكۈزگەن. ئۇ خوشلىقىدىن پايپەتەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمما بەش - ئون جىڭ ئاق ئۇنىنىڭ يولىنى قىلالماي ... ھەي بىچارە - ھەي بىچارە! ...

— ئۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۆز بالىسى ئەمەسمۇ مەن؟

بۇ ئامراق ئاكا - ئۇكىلار، — دەپ يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئابباس ئاكام، — قارىخانىدا ئاز - تولا ئوقۇغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ھۈنەرلەرگە كامىللىقى، قوللىرىنىڭ ئەپ-چىللىكى بىلەن «موللا» دەپ نام ئالغان ۋە ئاقىنى كەڭ — سېخىيلىقى بىلەن ئابروي قازانغان ئىدى. ئىنشائاللا، دادىلىرى يۇسۇپ ئاخۇن ئۆز رىسقى - نېسىۋىسىنى تاغ ئارقىسىدىن تاپتى. ئۇنىڭ نەچچە نۆۋەت خەت - خالىتا ئەۋەتكەنلىكىدىن، يۇنۇس ئاخۇننىڭ بىرەر قېتىممۇ جاۋاپ قايتۇرالماي ئىت - ئىت بولۇپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋىرىم بار. مانا بۈگۈن بىر ئوبدان يوق-لاپ كېپلا، تۇرۇۋەرگەك ئالدىلىرىغا چىقمىسا بولامدۇ؟ لايىقلىرىدا ئۇ-زىتىپ قويمىسا بولامدۇ؟ ...

ئابباس ئاكامنىڭ سوزى كوڭلۇمدىكى سىرلىق تۈگەنچەك-نى بىراقلا يېشىۋەتتى. بايىقى غەزەپ ئاچچىقىم چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتىشقا ئورۇن بوشاتتى. بۇ يەردە قانچە ئۇزاق تۇرسام، تا-غاملارنىڭ قەلبىدىكى خىجىللىق يارىسى شۇنچىلىك يوغىنايدىغان-لىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم - دە، تېزرەك كېتىش قارارىغا كەلدىم. ئويدىكى سومكىنى دەرھال ئېلىپ چىقتىم ۋە خالتىنى ئۇزاتتىم:

— بۇنى ئۆز قوللىرى بىلەن بېرىپ قويسىلا. ئويىدە قو-

يۈپ كېتىۋېرەي دېسەم ئىشىك - تۈڭلۈكلەرنىڭ تايىنى بوقتەك تۇرىدۇ. كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بوۋاملارنىڭ زەرەتگاھلىرىنى تاۋاپ قىلغاچ كىرىپ كېتەي.

— زەرەتگاھلىق؟! — دېدى ئابباس ئاكام پەس ئەمما قەھرى - غەزەپلىك ئاھاڭدا، — تۇغۇلۇۋېلىپلا ئۆلۈشنى ئۇنتۇپ قالغان بىر قىسىم نائەھلىلەرنىڭ كاساپىتىدىن زەرەتگاھ ساق قالدىمۇ بۇ يەردە؟ بىر دەم جىنازا - تاختىرىۋانلارنى چېقىشىۋاتقان، بىردەم ھەدىگەرلىكنى بۇزۇپ يەر ئېچىشىۋاتقان، تىرىككە كۈن يوق، ئۆلۈككە ئارام!

............

## 3

كاككۇك - كاككۇك، كاككۇك ...

«نەۋاقتا كۆز يۇمدۇمكىنە؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم چۆچۈپ ئويغىنىپ. يېڭىدىن ئاسفالىتلاشتۇرۇلغان چوڭ يول ياقىسىدىكى رەت - رەت سۆۋادان تېرەكلەرگە قونۇۋالغان ئەلنەغمىچى كاككۇكلار ئۆزلىرىنىڭ سېھىرلىك ناخشا ساداسى بىلەن مېنى ئىسسىق ئۇيقۇ بوشىكىدىن ئاستىغىنا يەشتى - دە، ئىختىيارسىز ھالدا ماشىنا ۋە «يەل تاپان» تىراكتورلار بىلەن تولغان كەڭ سەيناغا ئېلىپ چىقتى. ماي ئېيى سەھەرىنىڭ جانغا ھوزۇر بەخش ئەتكۈچى ساپ، خۇشپۇراق ھاۋاسىدىن راھەتلىنىپ، كاككۇكلار ناۋاسىغا قۇلاق سالغاچ، ئۇچۇقچىلىقتا تونەپ چىققان بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدىغان بۇ سەيناغا كۆز تاشلايتتىم ۋە تەپەككۇر قىلاتتىم:

ھېلىقى يىلى كەلگەن چېغىمدا ياتاق بېلىتى ئېلىشقا قادىر بولالمىغان بىر تالاي يولۇچىلارنىڭ ماشىنا - تىراكتورلارنىڭ ئاستىدا تۈننى تاڭغا ئۇلىغانلىقىنى كورگەن ئەمەسمىدىم؟ بىرمۇنچىلىرىنىڭ كىچىككىنە سېلىنچىسى تۈگۈل بېشىغا قويۇپ ياتقۇدەكمۇ بىر نەرسىسى يوق ئەمەسمىدى؟ ھۆكۈمەتنىڭ «تومۇر دەپتىرى» گە ئىسمى يېزىلغاندىن كېيىنلا ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالغان بەزى تاش يۈرەكلەر بىرەر يۈز غۇلاچ رېزىنكە ناسوس - شلەنكىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سۇ چېچىپ، زەھەرلىك تىللار بىلەن تىللاپ، سۈرۈپ يۈرۈشكەن ئەمەسمىدى؟ ئەنە شۇ يېرىم كېچىلەردە نالە - پەريات كوتىرىپ، پەنىھان جاي تاپالماي تەمتىرەپ يۈرۈشكەن بىچارە يولۇچىلار نەگە كەتتىكىنە؟ ...

مېھمانخانا ئاشخانىسىدىكى يېپ - يېڭى كەيپىيات مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

يولۇچىلار بىلەن بىللە باشقا خېرىدارلارمۇ تەڭ غىزالىنىدىغان بۇ ئاشخانىغا ئاشۇ يىلى تۈنجى قېتىم كىرگەندە، ئاشلىق بېلىتى بىلەن پۇلنى تولەپ، كىچىككىنە چەك ئاپتىمەن - دە، بۇلۇڭ تەرەپتە ئالا - چۇقان سېلىشىۋاتقان مەس - چالا مەسلەرنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. دىمىسىمۇ، پۈتۈن ئاشخانىدىكى بىردىن - بىر بوش ئورۇن شۇ ئىكەن. «ھېلى كېلەر، مانا كېلەر» دەپ قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن. بىرەر كۈتكۈچىنىڭ قارايدىغان نىيىتى يوق. ئاخىرى ئۇستام قېشىغا باردىم - دە: «ئۇستام مەن كېلىپ ئولتۇرغىلى نەۋاخ!» دەپ چەكنى تەڭلىدىم.

— نەخسە قېنى؟ — دەپ سورىدى ئۇستام چىرايىنىمۇ ئاچماستىن.

— تەخسە؟ — دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— ھەئە، تەخسە! — دېدى ئۇستام قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، — بەش موچەن تۆلەپ، ئاۋۇ يەردىن تەخسە ئېپكېلىڭ، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە سېتىپ چىقىپ كېتىسىز!

ئۇستام كورسەتكەن تۇشۇكتىن سېتىۋالغان، كىچىك داغقانىڭ ياغاچ تۈۋىقىغىلا ئوخشايدىغان بۇ تۆپ - تۈز ساپال ئۈستىدە ئاش توختايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس ئىدى. ئۇستام ئوتتۇرا قولىدەك يوغان، چىمچىلاقتەك قىسقا - ئۈزۈك «لەغمەن» دىن يېرىم سىقىم قوندۇردى - دە، تۈزۈككىنە ئىسسىق ئۇتمىگەنلىكىگە مانا مەن دەپ كورۇنۇپلا تۇرغان بەسەي شورپىسىدىن بىر چومۇچ توكتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خۇددى يولۇغا گوش باسقاندەك، سېرىق قوناق جىڭمومىسىنىڭ يېرىمىنى پاتۇردى - دە، قولۇمغا بەردى. ئاشنى تاپسام چوكا يوق، بىر جۈپ چوكا تېپىپ كەلگىنىمدە بولسا، ئاش يوق. ياپ - ياش ئىككى قەلەندەر يالىغاندەك پاكىزلەپ قويغان ھەلقى «تەخسە» نى يېگىمۋاشتىن يۇيۇپ، قايتىدىن چەك ئېلىپ، ئۇستامنىڭ قېشىغا بارغىنىمدا:

— نەلىكسىز؟ بىز قوغلاپ چىقىرالمايۋاتقان بىر نىمىلەرنى ئازراق مېھمان قىلىڭ جۇمۇ! — دەپ دوق قىلغان ئىدى ئۇستام.

بۇگۇنچۇ؟ ئۇستامنىڭ قاپىقىدىكى توكمۇ ئېرىپ كېتىپتۇ. چىرايىدىن كۈلكە ياغىدۇ، ئاغزىدىن ھەسەل! سوزغان لەغمەنلىرىنىڭ تارىدەك جىرىڭلاپ تۇرغىنىغا قارىماسىلەر؟ قورۇغان سەيلىرىنىڭ مەززىلىكلىگىچۇ تېخى!

گىژىلداپ تۇرغان بىزەك چىۋىنلەرنىڭ نىجاسەتلىرى بەلەن كومۇلۇپ كەتكەن دەبدەبىلىك شوئارلارنىڭ ئورنىنى ئەدەپ-

ئەخلاق توغرىسىدىكى يېقىملىق، جانغا ئەسقاتىدىغان ئىبارىلار ئىگەللىگەن. ئۇزۇن بەندىكلەرگە قونۇۋېلىپ ئالا-چۇقان كۆتىرىدىغان ھاياسىز مەس-چالا مەسلەرنىڭ كولەڭگۈسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. شۇنچىلا تىلەمچىلەر نەگە كەتتىكىنە؟ ئاشخانا بوسۇغىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ بولغىچە ئاپپاق خالات كىيگەن ئاتەش چىرائي كۈتكۈچى خانىملار ۋالىلداپ تۇرغان ئورۇندۇقلارغا تەكلىپ قىلىپ، نىمە يېيىشىمىزنى سوراپ تۇرغان ۋە شۇ ھامانلا ئاتنىڭ قېنىدەك دەملەنگەن چاينى ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇزۇتۇۋاتقان. ئۆتكەندە پەقەت ھىلىقىدەك غەيرى نۇسخىلىق لەغمەن بىلەن جىگمولا-سەيدىن باشقا نەرسە ئىشلىمەيدىغان بۇ ئاشخانىدا ئەمدى مېھمانلار خالىغان تاماقنىڭ ھەرقانداقى تەييار...

تەسىراتلار دەرياسىغا چۆمۈلۈپ ئاشخانىدىن چىقىۋاتقىنىمدا ئانىقىز:

— تىلىمغۇن بىرىپ قويدۇم، — دىدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قاچان؟

ئاخشام ئۇزى بىلەن سوزلەشتىم. بۈگۈنلا كەلمەكچى. ياتاقداشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىر يەرگە ماڭغۇزماي تۇتۇپ تۇرسۇن دەيدۇ.

— تولا چاقچاق قىلماڭ، ئانىقىز، — دىدىم تولۇق ئىشەنچ قىلالماي.

— چاقچاق؟ - دەپ ياندۇرۇپ سورىدى ئۇ بىزنىڭ ياتاق ئالدىدا توختاپ، — ئۆتكەندىكىدەك دىدار كۆرۈشەلمەي، دۇت يەپ، ئىس چىقىرىپلا قايتىپ كېلەرمەنمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ. بۇ چاقچاق بولماق، قويىدىن بىرنى سويۇپ، مەزىلىك شورپا سې-

لىپ تەييار قىلىپ قويدى دەڭا، ئىشەنمەيۋاتامسىز – ھە؟ بارغاندا كورسىز: ئۆتكەنكى خارابە ئورنىدا يېپ – يېڭى توت ئېغىزلىق ئۆي، ھويلىدا بېدىشكە پاتماي قالغان تال، يەنە بەش دەدەم ماڭسىڭىز، رەڭگا – رەڭ چېچەكلەپ كەتكەن باغ ... ئۆتكەنكىدەك كۆز ۋاقتىدا كېلىپ قالغان بولسىڭىز – زە! ...—— ئۇ، قاتتىق ھاياجانلىنىشتىن كېيىن ھازىرقى سۆزىگە ئىزاھات بەردى، — ھازىر بارسىڭىزمۇ كۆز پەسلىنىڭ لەززىتىنى كۆرەلەيسىز. يۇنۇس موللام دىگەن، قاراڭ، بۇ يىلقى قوغۇننى كېلەر يىلى قوغۇن پىششىغىچە، كوك ئامۇت، نەشپۇتلارنى ئامۇت پىششىغىچە ساقلايدىغان ئادەم. مۇنداق دىسەم، تومۇرنى ئىكەكلەپ يەيدىغان بېخىلمىكىن دەپ قالماڭ. مېھماندوستلىقىدىن، قولى ئوچۇق – سېخىلىقىدىن شۇنداق قىلىدۇ. مەھەللىمىزدە قارا قىشتا مىۋە – چىۋىگە سېزىك بولغان ئاياللار، ئەتىيازدا زۇكام بولۇپ قالسا كوك ئامۇت يېيىشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يۇنۇس موللامنى ئىزلىشىدۇ دەڭا. ياز، كۆزنىڭ ھەممە نازۇ نېمەتلىرىنى ئالدىڭىزغا توكۇۋەتمەيدىغان بولسا، قۇلۇغۇمنى ساپالدا كېسىپ بېرەرمىنا! ...

دەل شۇ چاغدا كولدۇرمىلىق ئىشەك ھارۋىسىنى يورغىلاتقان ھالدا بىر مويسىپىت دىخان كىرىپ كەلدى. ئادەم دىگەنمۇ بىر – بىرىگە شۇنداق ئوخشامدىغان؟ مەن خۇددى دادامنى كورگەندەك بولدۇم – دە، كىچىكلىكىمدە ئادەتلىنىپ كەلگەن تىلىم بويىچە «موللا ئاكا!» دەپلا ئۇزەمنى ئاتتىم.

— بالام! ...

ئۇزۇنغىچە قاتتىق قۇچاقلىشىشلار ۋە يېنىپ – يېنىپ ھال سوراشلاردىن كېيىن باشتىن – ئايىغىچە سەپسىلىشقا باشلى-

ـجيم. دادامدىن توپ - توغرا بەش ياش كىچىك بولغان بۇ تا-
غام، هازىرقى ئەپتىدىن قارىغاندا، دادامدىن بەش - ئالتە
ياش چوڭدەك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن - ئۇسكىلەڭ قاش بىلەن سا-
ناقسىز قورۇقلار ئىسكەنجىسىدىكى كىچىكرەك قوي كوزلىرى خۇد-
دى دادامنىڭ كوزىدەكلا ئىسسىق ۋە نۇرلۇق ئىدى. ياش قۇرا-
مىغا ماس كەلمىگەندەك هالدا قىسقا ياسىتىۋالغان ساقال - بۇرۇت-
لىرىدىكى ئاقلار دادامنىڭكىدىن كوپرەك، ئىككى مەڭزىدىكى قىزىل-
لىق بولسا، دادامنىڭكىدىن قېنىقراق كورۈنەتتى. بېشىدا ئۇۋچى-
لارنىڭكىدەك تۇلكە تۇماق، ئۇچىسىدا ئۇزۇن قارا چەپەرقۇت
تون، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاق يەكتەك، بېلىدە پىياز كوكى تاۋار
بەلۋاغ، پۇتىدا كارۋانچى ئوتۇك، پۇتۇن تەقى - تۇرقىدىن
قارىغاندا، قېرىغىنىغا تەن بەرمەي، ياشلىق تاماسىدا تۇرۇۋاتقان-
لىقى كورۇنۇپ تۇراتتى. بەخت سائادەت ۋەسلىگە مۇيەسسەر
بولغاندا، «ياشىرىپ كەتتۇق!» دەپ غۇرۇرلىنىپ، ياش، ئوتتۇرا
ياشلىقلار ئىسكەتكە كىرىۋالىدىغان قېرىلار ئازمۇ؟

— بالام، بول، بۇرادەرلىرىڭنى چاقىرىپ چىق، — دەپ
ئالدىراتتى تاغام، — خەيرى ئاناڭنىڭ تۇت كوزى مولدۇرلەپلا
قالدى.

— كېسەلمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئەنسىرەپ.

— نىمە دەۋاتىسەنوي، يولۇڭغىلا قاراپ قالدى دەۋاتىمەن،
يولۇڭغا! بىردەم - يېرىمدەم هايال بولۇپ قالساق، بىكاردىن -
بىكار ئوزى كېلىدۇ!

— ئوزى كېلىدۇ؟

— بالام، ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ ئانىڭىزدىن سوراپباقىڭنا
بولمىسا! بۇ يەرگىلا ئەمەس، ئېلىخوغىمۇ پىيادە بارالىغىدەك ماغ-

دۇرى بار ئۇنىڭ! شۇنداقمۇ، ئانىقىز؟ سەن تېخىچە ئۆتكەندىكى دۈمچەك موماينى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈۋاتقان ئوخشايسەن. خەيرى ئاناڭ دىگەن‌ھازىر پەرىزات بولۇپ كەتتى دىگىنە، قاناتلىق پەرىزات!

تاغامنىڭمۇ داۋامىدەكلا قىزىقچى ئىكەنلىگى چىقىپ تۇراتتى. گەپ-سۆزىگە زوقۇم كېلىپ، ئانىقىزنىڭ قولىغا ئاستىغىنا پىچىرلىدىم:

— ئۆتكەندە مۆشۈنچىلىك قىزىق گەپ ئاڭلىغان بولساممۇ، هاردۇغۇم چىقىپ قالار ئىدى.

ۋۇلغىنىڭ مۇنچىلىك ئۆتتىكىلىگىنى مەن نەدىن بىلەي؟

— ئۆتكەندە دىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى تاغام، — بەش بالا نان دەپ تۇرسا، ئەزرائىل جان دەپ تۇرسا، قانداقمۇ قىزىق گەپ قىلالىغىلى بولسۇن؟ «تۇقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ، يوقلۇقتىن ئۇھ» دىگەننى بىلمەمسە؟ ... ماڭ، بالام، ئاغىنىلىرىڭنى چاقىر. قالغان گەپنى ئۆيدە دىيىشمىۋالارمىز.

ياناقداشلىرىمنى چاقىرىپ چىقتىم. قاشقىسىغا تۇمار، كۆز-مۇنچاقلار، بويۇن ۋە سۆڭگەكلىرىگە تۈچ كولدۇرمىلار ئېسىلغان ئات-خېچىرغا بەرگۈسىز يوغان بوز ئېشەك تۇياقلىرى قىچىشىۋاتقاندەك تىپىرلاپلا تۇراتتى.

— قېنى، چىقايلى، — دىدى تاغام تەكەللۇپ بىلەن قوش قەۋەت قارا كىگىز سېلىنغان هارۋىنى كۆرسىتىپ، بالام، ئانىقىز، ئۆزلىرىمۇ چىقسىلا.

— خوش، رەھمەت، — دەپ ئۇزۇرخالىق بىلدۈردى ئانىقىز بۇ بەردىكى خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىغى ۋە ئادەمنىڭ ئازلىغىنى سەۋەپ قىلىپ.

— خەير، بوپتۇ، هۆكۈمەتنىڭ خىزمىتى ئەممەسمۇ؟ — دەپ رازىلىق بىلدۈردى تاغام ۋە بىزنى هارۋىغا چىقىشتا يەنە ئالدىراتتى.

— ھە - قېنى، چىقايلى، — دېدىم مەن تاغامغا قوشۇلۇپ.

خىزمەتدىشىم ئابدۇرۇسۇل مېنى چەتكىرەك تارتتى - دە، يالغۇزلا چىقىپ كىرگىنىمنىڭ يولى بارلىغىنى ئېيتتى ۋە چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— ھازىر سېرىقتال ۋاقتى، دېخانلارنىڭ يىلىغى ئۈزۈلگەن چاغ، ئۇلارنى خىجالەتچىلىكتە قويساق بولماسمىكىن ...

بۇ گەپنىمۇ تاغام ئاڭلاپ قاپتۇ.

— نېمە - نېمە؟ سېرىقتال ۋاقتى؟ — دەپ يېنىشلاپ سورىدى يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن، — بىزنىڭ ھازىرقى سېرىقتال ۋاقتىمىز ھەرقانداق زاماندىكى «تالقان توكتى» چاغلاردىن يۈز ھەسسە ياخشى! ھېلىغۇ توت مېھمان ئىكەن، قىرىق مېھمان بولسىمۇ ئالدىغا چىقالىغۇچىلىكىمىز بار بىزنىڭ! يەنە بىر بوران چىقىپ قالمىسىلا، خۇدايىم بۇيرۇسا، كېلەر قېتىم كەلگەن چېغىڭلاردا، لاپ گەپ ئەمەس، توت يۈز مېھمان ئالدىغا بەخۇدۇك چىقالايمىز! ...

شەكسىز قايىللىق بىلەن ھارۋىدىن جاي ئالدۇق. سەھەر شەپىغىدەك چىرايلىق كۈلۈپ ئۈزىتىپ قالغان ئانىقىزغا قاراپ چەكسىز مەمنۇنلۇق بىلەن دېدىم مەن:

— خوش، ئانىقىز! ...

ئۈزۈن قولاقلىق جانىۋار بىرخىل يورغىلايتتى، تۈچ كولدۇرما يېقىملىق جاراڭلايتتى، ھاياجانلىق قەلبىمدە كەڭ كۆشادە دەۋرىمىزگە مېھرى - مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تاشقان شات - بەختىيار تاغامنىڭ بايىقى سوزلىرى ياڭرايتتى:

— بىزنىڭ ھازىرقى سېرىقتال ۋاقتىمىز ...

1982 - يىل كۈز، قەشقەر.

# ئېچىلغان تال

«ئاباس ئاكام ئات سېتىۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر مەھەللىمىز ياشلىرىنى، بولۇپمۇ قىزىقچىلىقتا نامى چىقىپ قالغان ئىككى يىگىتنى تولىمۇ قىزىقتۇردى ۋە سۆيۈندۈردى.

ئورۇق - ئېگىز، پاكار - سېمىز ئىككى يىگىت سۈيى ئاللىقاچان مۇزلاپ كەتكەن سېمونت كۆۋرۈك ئۈستىدە تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. بازاردىن قايتقان يولۇچىلاردىن «كېلىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ كۆڭۈل ۋاراقلىرىغا ئاللىقانداق چاقچاقلارنى خاتىرىلەيتتى - دە، ئۆز ئىچىدە كۈلۈشەتتى. ئۆمرى بەزمە - مەشرەپلەردە داپ چېلىپ مۇقام توۋلاش ۋە چاقچاق قىلىش بىلەن ئۆتكەن بۇ ھۆرمەتلىك موسىپىتنى چاقچاق بىلەن يېڭىۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى يىگىتلەر تولۇق چۈشەنسىمۇ، يەنىلا «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، بىر ئېلىشىپ باققۇسى، ئۇنىڭ سۆز چەۋەندازلىقىنى ئۆگىنىۋالغۇسى كېلەتتى.

— بوۋا، — دېگەن ئىدى ئاۋۇ خورمارەڭ توقۇلما قولاقچا كىيىۋالغان قومۇشتەك ئورۇق، ئېگىز، سەپكۈنلۈك يىگىت ئەزالار ئەمدىلا ئەتىگەنلىك دولقۇنغا چىققان ۋاقىتتا، — مەن سىزنى ئېشەك ئېتىپ مىنىپ چۈشەپ قاپتىمەن.

— چۈش دېگەن تەتۈرىگە ماڭمىدۇ، — دېگەن ئىدى بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن، — سېنى مەن مېنىڭدىكەنمەن. بوپتۇ، مۇنچە باشقا كىرگەندە مېنىپمۇ يۈرمەي، بۈگۈن مەن كۆتىرىدىغان تاغارنى ئۆزەڭلا كۆتىرىۋەتمەمسەن. بۇ چاقچاق بىرىم كېچىدە ياڭرىغان ۋەھىمىلىك تومۇر كارناي ئاۋازىدىن چوچۈپ ئويغىنىپ ئېتىز بېشىغا چىقىشقا مەجبۇر بولغان ماغدۇرسىز ئەزالار چىرايىدە بىردەملىك كۈلكە كولەڭگىسى پەيدا قىلغان ئىدى. ئاڭغىچە يەنە بىرەيلەن سوراپ قالدى:

— ئىككى ئىت تالىشىپ چۈشەپ قاپتىمەن، بۇ نىمە گەپ؟

سوئال سورىغۇچى شۇ مەزگىلدە دادۇي تەۋەسىدە جىددى ھوقۇق تالىشىۋاتقان داڭدار ئىككى ئىسيانچىنىڭ بىرى ئىدى. ئاپباس بوۋاي ئۇنىڭغا يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاپ بەردى:

— توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆشكە جاڭگال: سەنمۇ ئەلۋەتتە تالىشىپ چۈشەيسەن - دە.

ئەزالارنىڭ ئاغرىغىغا مەلھەم بولغان بۇ جاۋاپ ئۇنىڭ بېشىغا بالا، جېنىغا جازا بولدى. مەزكۇر شەخسى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە غەلىبە قىلغان كېيىندىن باشلاپلا ئاپباس ئاكامغا خورلۇق بولمىدى. يۈزلەرچە توي - مەشرەپلەردە ئۆز كارامىتىنى كورسەتكەن قەدىناس داپنىڭ گەردىشى ئەمدى ئۇنىڭ بويىنىغا سېلىنغان دەھشەتلىك تاقاققا ئايلاندى. ئەترەتمۇ - ئەترەت ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىنغان بوۋاينىڭ بېشىدا «فېئودالىزم تەرغىباتچىسى» دېگەن قارا خەت يېزىلغان ئىككى غۇلاچ قەغەز قالپاق تۇراتتى. ئايغى ئۈزۈلمەيدىغان رەھىمسىز كۈرەش، قاخشاتقۇچ زەربىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە قانلىق جاراھەت، ئاغزىغا تىلسىملىق پېچەت سالغان ئىدى.

دەۋر ئۆزگەردى، يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتى ئۆزگەردى. بوۋاينى ياخشى كۆرىدىغان خۇلۇم-خوشنىلار ۋە ئۇنى پىر-ئۇستاز سۈپىتىدە قەدىرلەيدىغان بىرمۇنچە ياشلار ئۇنىڭغا قول-قانات بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بوۋاينىڭ مەسئۇلىيەت ئېتىزىغا بىرەر ھارۋا ئوغۇت توكۈۋەتكەچ ئۆتسە، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ بىرەر قېتىملىق سۇ نۆۋىتىنى ئۆتۈنەتتى، شۇنداق قىلىپ، ئونبەش يىلدىن بۇيان بويتاق ئۆتكەن، بىرەر ئىت-مۈشۈك چاغلىق بىرنىمىسىمۇ بولمىغان بۇ پىشقەدەم سازەندىنىڭ زىرائەتلىرى پۈتۈن يۇرت-مەھەللە بويىچە ئەڭ ئوخشىغان زىرائەتلەردىن بولۇپ قالدى. نېنى پۈتۈن بولۇۋىدى، «ئىككىنچى قولۇمغا ئالىدىغان بولسام...» دېگەن قەسەمنى ئېسىدىن چىقىرىپ، قەدىناس ھەمراسىنى يېڭىۋاشتىن قولغا ئالدى. ھەممە سازلارنىڭ ئېپىۋىنى ياپقۇچى بۇ خاسىيەتلىك ساز شۇ مەھەللىدىكى توي-تۆكۈن، بەزمە-مەشرەپلەردە تۆرگە چىقتى.

كۈن قىزىغانسېرى ئاپتاپپەرەس بېشى شۇنچە مەغرۇر كۆتىرىلگەندەك، سىياسى ھارارەت ياخشىلانغانسېرى دىخانلارنىڭ قەددىمۇ كۆتىرىلىپ كەتتى. ئاللىقاچان مۇھتاجلىق كېيىنىگە ئۆرۈلۈپ، ئاھ-نادامەت گورۇستانلىقىغا دەپنە قىلىۋېتىلگەن چېلىش، ئوغلاق تارتىش، بەزمە-مەشرەپ قاتارلىق ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەر يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كۆز ئېچىپ، مىنىۋى ھايات سورۇنىدىن تېگىشلىك جاي ئالدى.

يىگىتلىك ئاۋازى بىلەن داپ ئۇرۇش جەھەتتىكى پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارىنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالالىغان بوۋاينىڭ ھەققەتەنمۇ كۆڭلى تۇغقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللار غېرىبسىنىپ ياتقان ھوجرىسى گويا سەلتەنەتلىك قوبۇلخانىغا ئايلانغان ئىدى.

توي، مەشرەپ، بەزمە - باراۋەتلەرگە چىللاپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياخشى جابدۇلغان ئات - ئېشەك، بەزىلىرى كىگىز - شىرداقلار ئۈستىگە كورپە - يېكەنداز سېلىنغان ئېشەك هارۋىلىرىنى ئەپكېلىشىپ، بوۋاينىڭ مەرھەمەت قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. «بىرەر ئۇلاغ - ئۇلىغىم بولسا، ئۇلارنى مۇنچە ئاۋارە قىلارمىدىم؟» دەپ خىجىل بولۇپ، ئاخىرى ئات سېتىۋېلىش قارارىغا كەلگەن ئىدى ئۇ.

— ئەنە، كېلىۋاتىدۇ! — دىدى ئىگىز بويلۇق يىگىت بويىنىنى سوزۇپ، — تۇلۇمدەك بىر قارا ئات بىلەن كېلىۋاتىدۇ!

— قېنى - قېنى؟ — دەپلا چاققانلىق بىلەن كوۋرۈك گىرۋىكىدىكى كونا ئۈزۈندە مۇنارىسى ئۈستىگە چىققان سېمىز يىگىت زوق - شوق بىلەن سوزلەشكە باشلىدى، — بېشىدا قارا تۇماق، ئۈستىدە قارا تېرە ياقىلىق قارا جۇۋا، ئاستىدا قارا ئات؛ ئاپپاق ساقال پەرىشتىگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ئۇ؟

راست، ئاتمىش ياشقا ئۇلاشماستىنلا ئۇچىتەك ئاقىرىپ كەتكەن بېدىدەك ئۈزۈن ساقىلى ئۇنىڭغا خىزىر - ئەۋلىيالىق سۈپەت بەخش ئەتكەن ئىدى. قۇندۇز ياقىلىق قاپ - قارا، قارا شەھەر ئېتى ئۈستىدىكى هازىرقى سالاپىتى ئۇنى رەسمىي بىر پەرىشتە تۇسىگە كىرگۈزگەن ئىدى.

— مۇبارەك بولسۇن، ئاببas ئاكا! — دەپ قولتۇقلىدى هەر ئىككى يىگىت سەممىي هۆرمەت بىلەن، — تۇلپارىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

بوۋاي:

— ئۆزەڭلاردىن بولسۇن، يىگىتلەر، — دىدى مەمنۇنلۇق بىلەن ۋە ئىرغىپلا يەرگە قوندى - دە، — قانداق، يارامدۇ؟ —

دېدى ساھىپجامال جۇۋاننىڭ چېچىدەك ئۇزۇن يايلىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئۇ، شۇ دەم بۇ ئىككى ياشنىڭ ئاتىنىڭ كالپۇكلىرىنى قايرىپ، چىشىنى - بېشىنى كورۇپ بېقىشىنى، يايلىنى زوق ھەۋەس بىلەن سىلىشىنى ھەتتا مىنىپ، يورغىسىنى كورۇپ بېقىپ، ئىچ - ئىچىدىن سويۇنۇپ ماختىشىنى كۇتەتتى.

— ھەي... — دەپ ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە سوزلىدى ئىگىز بويلۇق يىگىت، — بۇنى ئېلىپ نېمىمۇ قىلار ئىدىڭ؟ ئۇنىڭ ئورنىغا ياغاچ ئات بىلەن ئاق يوپۇق سېتىۋېلىپ، توۋا - ئىستىغپارنى ئوقۇپ، ئەزرائىلنى كۇتۇپ ياتساڭ بولماسمىدى؟

بوۋاي كۇلدى، كۇلگەندىمۇ غۇرۇر بىلەن كۇلدى، پۇخادىن چىققىدەك كۇلدى. ئاندىن خۇددى نەزمە ئوقۇغاندەك:

— ئۇچۇشنى بىلمىگەن كىرپە قانات قەدرىنى بىلمەيدۇ، سەپەرگە چىقمىغان باللار ئات قەدرىنى بىلمەيدۇ، ياشاشنى بىلمىگەن نادان ھايات قەدرىنى بىلمەيدۇ، — ئوز سوزىنىڭ شەك - شۇبھىسىز بەرھەقلىقىدىن ئېپتىخارلىنىپ بىر ھازا كۇلۇۋالغاندىن كېيىن يەنە دېدى، — ياغاچ ئات بىلەن ئاق يوپۇق سىلەرگە ئوخشاش قۇرۇق ئىمىزگە ئېمىپ چوڭ بولغان ئىلىگىسى سۇيۇق قاپاق نوچىلارغا لازىم. بىزگە ئوخشاش ساھىپقىران يىگىتلەرگە ئات كېرەك، مانا مۇشۇنداق ئۇچار دۇلدۇل كېرەك! خەپ، ھەر قايسىڭ بىلەن ئوغلاق تارتىش مەيدانىدا كورۇشمەيدىغان بولسام!...

ئۇ، چەبدەسلىك بىلەن ئوڭ پۇتىنى ئۇزەڭگىگە ئالدى - دە، ئىگەر ئۇستىگە بۇركۇتتەك قونۇپ:

— قانداق، پېقىر بىلەن ئوغلاق تارتىشقا چۇشەلەم-

سىلەر؟ — دەپ قايتا سورىدى مەغرۇرلۇق بىلەن.

— چېنىڭغا تۇشلۇق گەپ قىلغىنا، — دېدى ئىگىز يىگىت، — ھېلىتىنلا قۇيماق خېمىرىدەك ساقىپ كېتىۋاتىمەن. ئالدىڭدىكى ئېرىقتىن ئاۋايلاپراق ئۆتەرسەن.

سېمىزى قوشۇمچە قىلدى:

— بىئىمان كەتمىگىن، دۇرۇت ئوتقۇغاچ ماڭ.

— ھېلىقى يىمالاردا، — دېدى بوۋاي ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ، — خۇدا، ماڭا بەرگەن ئامانىتىڭنى ئال، چىد دىغۇچىلىكىم قالمىدى، تېزرەك ئال دەپ شۇنچە ئىلتىجا قىلسام ئالمىغان بۇ جاننى «ئاپىمدىيان ئىچمىگەنلەر ئەمدى ئىچۇر چاي، نەخەي خوتىگى مىنمىگەنلەر ئەمدى مىنۇر تاي» دېگەن زامانغا ئۇلاشقاندا ئاسانلىقچە بېرىۋېتمىدىغان ئابباس ئاكاڭ تېخى دۇن ياغا تورەلگىنى يوق. خۇدايىم بۇيرۇسا، كوزنىڭ يېغىنى يىگىدەك ساھىبجامالدىن بېرنى مۇشۇ دۇلدۇل بىلەن يوتكەپ كېلىمەن تېخى!

— دۇلدۇلۇڭنى ئەتە - ئوكۇن ئېلىشقا سېتىپ، كېلىش كە خام - چوتا ئەپكەلمىدىمەن تېخى!

— ئاغزىڭنى يۇم نا ئۇمىت - شەيتان! — دېدى بو ۋاي بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — دادام ئىشەك مىنىپ ئالەمدىن ئوت كەن ئىكەن، مەن ئىشەك بولۇپ ئىشلەپ تۇگىشىپ كەت كىلى تاس - تاس قاپتىمەن. ئاخىرقى ئومرۇمنى ئارغىماق ئۇستىدە ئوتكۇزەي دېسەم، شۇنىڭغىمۇ ھەسەت قىلىشىۋاتىسەن، ئەي ھەسەتخورلار، ئىچى كويەكلەر!... پەۋەس ئىككى هارۋا قۇرۇق قومۇش تەييارلاپ قويۇش!

— ئەرۋايىڭغا ئاتاپ ياغ پۇرۇتۇش ئۇچۇنمۇ؟

— نېمە؟ سېنىڭ روھىڭغا مەن ياغ پۇرۇتالەيدىغان تېخىمۇ!...

— مۇنچىلا قومۇش نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى ئەمىسە؟

— توي كۈنى نىكادىن كېيىنلا يول ئۈستىگە ئاسمانپەلەك غولا سالىمەن. ساھىپجامال پەرىزاتىنى كەينىمگە مىنگەشتۈرگەن پېتى ئاشۇ ئوت - گۈلخان ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتىمەن. ئەجىرىڭلار بەدىلىگە مەندىن ئالىدىغىنىڭلار ئۇتقاشتەك ئىككى دانە تاۋار بەلۋاغ!...

بوۋاي دۆڭدۆڭ تۆپىلىرىدىن سوقۇپ تۇرغان توزاڭ تۇزىتىپ مەھەللىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىگەر ئۈستىدىكى ھالىتى ئۇزۇن يىللىق تۇتقۇنلۇق ئازاۋىدىن خالاس بولغان قېرى بۈركۈتنىڭ نۇرلۇق تىك قىيا ئۈستىدىكى مەغرۇر قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى. گويا ئۇ ئاشۇ تۆلپار قوشۇلغان ھارۋىنىڭ ياۋىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، بار ئاۋازى بىلەن ناخشا توۋلاپ، مىڭ يىللىق تەنھەي ئوغۇت — قۇش مايالىرى بىلەن تولغان قەدىمىي جاڭگاللىقلارغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. گويا ئۇ، ئاشۇ ھارۋىغا پەۋەس ئاق بۇغداي بېسىپ، دولەتكە سېتىپ بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. گويا ئۇ، ئاشۇ تۆلپارنى ئويىنىتىپ، ئالاھىدە چىللىغان توي - توكۈن، بەزمە - مەشرەپلەرگە كېتىۋاتاتتى. گويا ئۇ، ئۆتتەك قىزىغان ئوغلاق تارتىش مەيدانلىرىدا قانچە ئونلىغان چەۋەندازلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. گويا ئۇزى سويگەن نازاكەتلىك جۇۋاننى ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ، توي ئەلنەغمىسى ئېقىنىنى بويلاپ، قانچە غولا - گۈلخانلار ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى...

ئىككى ياش ئۇنىڭغا قىزغىن ھەۋەس ۋە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆز ئارا دېيىشتى:

— ئۇششۇك پەسلىدە كۆمۈلگەن تال باھار مەۋسۇمىدا ئېچىلدى.

— راست، ئەمدى ئۇ يېڭىۋاشتىن كۆكلەپ، شىرنە شەرۋەت توكۇشكە باشلايدۇ!

1983 – يىل فېۋرال، قەشقەر.




# 1

— مۇكەررەم! — دەپ توۋلىدى سۈيى سىڭىپ بولغان ھويلىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئىززەتخان ئاچا، — ئۇلۇكنىڭ قولىنى ئۈتنە ئالغىدەك بولۇۋاتسام، نىمانداق ئەينەك ئالدىدىن نېرى بولالمايدىغانسەن؟ بول، ئاپتۇۋا — چەلاپچىنى سۈرتۈۋەت، لېگەن-پەتنۇسلارنى تەخ قىلىپ قوي... مۇكەررەم، نىمانداق زۇۋان سۈرمەيسەن؟ ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن!

يەپ - يېڭى تونچە باقىلىق پورىدا شىمپۈك دىزخاۋا كوي-

نەك ۋە مېغىزرەك توپلىنىپ كېتىۋالغان مۆكەررەم ئېرىنچەكلىك بىلەن بوسۇغىغا دەسسىدى - دە:

— كۆپ - كۆندۈزدە قورقىغۇك كېلىۋاتامدۇ؟ ئەجەپمۇ تۇۋلاۋەردىڭ! — دېدى بويۇن قېقىپ. ئۇ، قولىغا شاپتۇل چىمچىگى ياقۇت كوزلۇك زەر ھالقا، بويىنىغا ئۇن نەچچە يىپلىق مەرۋايىت ئېسىپ، مەيدىسىگە ئالتۇن كېپىنەك سۆرەتلىك ياقۇت بۇلاپكا ناقىشالغان ئىدى. بارماقلىرىدىكى ئۈزۈكلەردىن ئاق - يېشىل، سوسۇنە رەڭلىك ياقۇتلار جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— مېھماننىڭ ئىسى كېلىشى بىلەن تەڭ باش تارتىشقا چۈشۈپسەن، مەن بىچارىغا ئاز - تولا ئىچ ئاغرىتىپ قويساڭ، ئىسكەنىڭدىن چۈشۈپ كېتەرسەنمۇ؟

— سۆنى كورمەي ئۆتۈك سالمىغىنا، — دېدى مۆكەررەم پەرۋاسىز قىياپەتتە، — چۈشىدە كورگەن مېھمانغىمۇ شۇنچە ئالدىراپ كەتكەن بارمۇ؟

ئانا ئىشەنچ بىلەن دېدى:

— چۈشۈم ناھايىتى روشەن. ئەتىگەن پېيالەدىكى شامىنىڭ تۇردى، بۇمۇ مېھماننىڭ بېشارىتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يارىشىمدىغان قاپىغىم ئارتىپلا تۇرۇۋاتىدۇ، بۈگۈن چوقۇم مېھمان كېلىدۇ!

— مېنىڭ مېھمىنىم كېلەمتى؟ — دېدى مۆكەررەم سېمىز بىلەكلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، — كىمنىڭ مېھمىنى بولسا، ئىشنىمۇ شۇ كىشى قىلسۇن!

ئۇ، چانىمىغىدەك قىلىپ ئۇلانغان ۋە ماي بىلەن پاقىرىتىلغان قوندۇز چاچلىرىنى قورباندىقتا ئاتاپ بېقىلغان قوي قۇيرۇغىدەك سېمىز ساغرىسىغا تاشلىدى - دە، ئارقىغا ياندى.

— مۆكەررەم! — دېدى ئانا تېخىمۇ تىرىكىپ ۋە سۆيۈرگىنى

تاشلىغان پېتى پايپاسلاپ بېرىپ ئۇنىڭ ئالتۇن بىلەيزۈك بېغىشىدىن تۇتتى، — نېمانداق تەرسالىق قىلىسەن؟ بۇ قېتىمقىسى جەزمەن سىنىڭ مېھمىنىڭ!

— تايىنلىق، — دېدى مۆكەررەم دەرگۇمان بولۇپ.

— كۆڭلۈم گۇۋالىق بېرىۋاتىدۇ. بۈگۈنكىسى جەزمەن سىنىڭ مېھمىنىڭ. ماڭ، ھېچبولمىسا، ئۈزۈكلىرىڭنى ئېلىۋېتىپ چىق. داداڭ بىلەن سىڭلىڭنىڭ تېخىچە قارىسى كۆرۈنمەيۋاتسا، سەن ماڭا قارىشىپ بەرمىسەڭ بولامدۇ؟

«بۇ جەزمەن سىنىڭ مېھمىنىڭ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان مۆكەررەمنىڭ سولغۇن كۆڭلىگە قانداقتۇ بىر ئارزۇ - ئۈمىتنىڭ غۇۋا نۇرلىرى توكۇلگەندەك، بىلىنەر - بىلىنمەس بويالغان لەۋلىرىگە غايىبانە بىر سۆيگۈ شىرنىسى تامغاندەك بولدى.

— قىزىم، ئېشىڭغا تۇتۇنغىن، خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر.

مۆكەررەم ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىززەتخان ئاچا بېگىۋاشتىن سۈپۈرگىنى ئالدى. «خۇدايىم بەختىڭنى بېرەر، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ ئىچىدە، — بۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىزلارنىڭ ھەممىسى بالا - چاقىلىق بولۇپ كەتكىلى نەۋاخ. بەزىلىرىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرى تېخى ئوتتۇرا مەكتەپ بوسۇغىسىغا دەسسەش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىر ياخشى يەردىن خېرىدار كېلىپ قالسا، بۇنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىنلا ئۇنى...

مۆكەررەم بۇ ئائىلىنىڭ تۇنجى ئەۋلادى ئىدى. توپ - توغرا توققۇز يېرىم جىلىڭ ئىلگىرىلىقتىكى بۇ بوۋاق ھايالىق زىمىنغا كۆز ئاچقان چېغىدا مۇشەققەتلىك ئوپېراتسىيە ئازاۋى ئىچىدە ھالسىزلانغان ئانا پانى ئالەمدىن مەڭگۈ ۋىدالىشىشقا قىل قالغان ئىدى. ئەر - ئايال دوختۇرلار ئىززەتخان ئاچا

ئەجەل گىرۋىگىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتكەن مىنۇتتىن
باشلاپلا نىزامىددىن ئاكىغا يېڭى پەرزەنت كۆرۈشكە ئالدىرىماسلىق
ھەققىدە جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشكە باشلىغان ئىدى.
ئىززەتخان، نىزامىددىن ئاكىنىڭ ھامىسىنىڭ قىزى، ئۇ ئۆزى
ئاشىق بىقارار بولۇپ ئالغان خوتۇن. ئۇنىڭغا ئىززەتخاننىڭ
سالامەتلىكى، گۈزەل رۇخسارى، ئوتلۇق مېھرى - مۇھەببىتى
ھەممىدىنمۇ قەدىرلىك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، راستىنلا، بەش -
ئالتە يىلغىچە يېڭى پەرزەنت كۆرۈش تەلۋىدە بولماي، پۈتۈن
ئىشقى ھارارىتىنى تۇنجى نەسلى — مۇكەررەم ئۈستىگىلا ياغدۇر-
دى. ئۇ چاغلاردا نىزامىددىن ئاكىنىڭمۇ، ئىززەتخان ئاچىنىڭمۇ
ئاتا - ئانىلىرى ھايات، بوۋاي - موماي‌لار بۇ سىڭىز - بو-
تۇلاق نەۋرىسىنى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەتىۋالايتتى. ھەر ئىككى ئا-
ئىلە ئۇنىڭ قىشلىق - يازلىق، ھېيت - بايراملىق كىيىم - كې-
چەكلىرىنى بەس - بەس بىلەن تىكتۇرۇپ ئەۋەتەتتى. ئۇنىڭغا
ئېلىپ بېرىلگەن ياڭزىمۇ - ياڭزا قوچاق، تۇرلۇك تۇمەن ئويۇن-
چۈدلار بىلەنلا كىچىكرەك بىر بالىلار يەسلىسىنى تەمىنلەش مۇم-
كىن ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىلىغىنى ئاخىر-
لاشتۇرۇپ ئۈچىنچى سىنىپقا كۆچۈش لاياقىتىگە ئېرىشەلمىگەن
بۇ چەكسىز ئارزۇلۇق قىز مېھرىۋان چوڭ ئانىلىرىنىڭ كويۇمچان-
لىغىنىڭ شاراپىتى بىلەن مەكتەپ ھاياتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىل-
غان ئىدى. نىزامىددىن ئاكا بىلەن ئىززەتخان ئاچىنىڭ مۇكەررەم-
نى داۋاملىق ئوقۇتۇش تەلۋىگە ئۇلار: «قىز بالا ئوقۇپ ئەر-
شى ئەلاغا چىقامتى؟ بېقىش تەس كەلگەن بولسا، بىزگە بېرى-
ۋېتىڭلار!» دىگەن جاۋاپنى ئالغان ئىدى.

مۇكەررەم كىچىكىدىنلا ئەركە نايناق، ياسانچۇق، ئۆز

سوزلۇك - تەرسا قىز بولۇپ ئۆستى. ئىككى چوڭ ئانا بىر -
بىرىدىن ئارتۇقراق ئارزۇلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ، ئۆز ئاتا - ئانى-
لىرىنىڭ سوزىگە ئانچە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇلار نەسىھەت قىلغان
ھامان چوڭ ئانىلىرىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتەتتى - دە، ھەپتە-
ئون كۈنگىچە كەلمەيتتى. ئىزامىدىن ئاكام ياكى ئىززەتخان
ئاچام ئۇ ئۆيگە بېرىپ بىر تالاي يالۋۇرغان ۋە چوڭ ئانىلىرى
«بارغىن، قىزىم، يەنە ئازار بەرسە، ئالدى - كەينىڭگە قارىماي
يېنىپ كەل» دەپ ئۇچۇرۇپ پۇرەككە چىقارغانىدىن كېيىنلا بۇ
ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. كەلگەندىن كېيىن بولسا، تېخىمۇ ئارزۇ-
لۇق، تېخىمۇ بىشەم بولۇۋالاتتى.

ئۇ ئۇسمۇرلۇك دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شوخچىلىك
چىرايلىق بولۇپ كەتتىكى، چوڭ دادا، چوڭ ئانا، ئۇرۇق -
تۇققانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەككە - مەدىنەمنىڭ ئاق ياقۇتى-
دەك جۇلالىق ھۆسنى - جامالىغا، ئىنچىكە ئەگمە قېشى بىلەن
قويۇق ۋە ئۇزۇن قايرىلما كىرپىكلىرىگە، يۇپ - يۇمۇلاق قارا
كوزلىرىگە، يالتىراپ تۇرغان قۇندۇز چاچلىرىغا قاراپ ئىچ -
ئىچىدىن زوقلىناتتى. ئۇلار تەرىپىدىن بەس - بەس بىلەن تىك-
تۇرۇپ بېرىلگەن ياغلىقمۇ - ياغلىقا يېڭى نۇسخىلىق كېيىم - كې-
چەكلەر ۋە ئۇلار ئېلىپ بەرگەن قىممەتباھالىق زىننەت بۇيۇم-
لىرى بۇ ماھۇق بەدەن بوتۇلاق قىزغا يەنە نەچچە ھەسسىدان
گوزەللىك ئاتا قىلغان ئىدى.

كونىلار «قىزلىق ئۆي - خان كوۋرۈكى» دەپ بىكار ئېيت-
مىغان ئىكەن. مۇكەررەم تېخى ئۇسمۇرلۇك دەۋرىنى ئاخىرلاش-
تۇرمىغان چاغلاردىلا بىرمۇنچىلىغان ئوتكۈنچىلەر بۇ «كوۋرۈك»
تىن ئوتۇپمۇ بولغان ئىدى. ئىززەتخان ئاچا ئۇلارنى «خېرىدار-

لىقلىرىغا ملك رەھمەت. بالىمىز تېخى كىچىك. بىر نەچچە يىل
تەخىر قىلىشسىلا» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن قايتۇرغان
ئىدى. كېيىنچە بۇ ھەقتىكى گەپ-سۆزلەردىن ئۇنىمۇ خەۋەردار
قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۆز گۈزەللىكىگە ھەددىدىن ئارتۇق تە-
مەننا قويغان بۇ ساھىبجامال ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلاتتى.
ئۇ چاغلاردا بۇنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش نەسلا مۇمكىن ئە-
مەس ئىدى.

يىللار ئۆتتۈەردى. ئۇنىڭ تويىنى، ھەتتا پەرزەنتىنى كو-
رۇشكە شۇنچە تەقەززا بولغان بوۋاي - مومايلار ياخشى تىلەك،
قىممەتباھالىق تەۋەررۇكلىرىنى مىراس قالدۇرۇپ، ئارقا - ئار-
قىدىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئون سەككىز - يىگىرمە ياش
ۋاقىتلىرىدا ئۆزلىكىدىن ناخشا ئېيتىپ كېتىدىغان شوخ، كۈلكۈن-
چەك قىز يىگىرمە بەش ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن خاپىغان،
چاچقۇن، بەدخۇي بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ دەسلەپ «ۋاي
خۇدايىمەي، ئادەتتىكى بىر كادىرچاقكەنغۇ!» دەپ ياراتمىغان
يىگىتلەر ئەمدى بولۇم باشلىغى، ئىشخانا مۇدىرى؛ «يەر يېغى-
پۇرايدىغان رېمونتچى» دەپ ياراتمىغان يىگىتلەر يارائەلىق تېخ-
نىك؛ «پەتلە تووۋلاپ، تىزگىمە قادايدىغان ياماقچى» دەپ ھاقارەت-
لىگەن ماشىنىچى يىگىتلەر ھازىر پۈتۈن شەھەر بويىچە داڭدار
ئۇستىلاردىن بولۇپ قالغان ئىدى. ئاللىقاچان ئويلۇك - ئو-
چاقلىق، بالا - چاقىلىق بولۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەرنى كورۇپ
قالغان ھامىنتا ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغاندا، ئوتقا چۈشكەن
قىلدەك تولغىنىپ كېتەتتى - دە، «ئىسىت!» دەپ قولىنى چىش-
لەيتتى. «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزەڭگە دۈشمەن» دېگەن شۇ - دە!
نېيىنچە بۇ «كوۋرۇك» تىن قانداقتۇ سەۋەپلەر بىلەن

خۇتۇنىدىن بىزارلىشىپ كەتكەن ھەتتا بىر - ئىككى پەرزەنت يۈزى كۆرگەن ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئاندا - ساندا ئۇتتۇشكە باشلىغان ئىدى، قىزلىق تەمەننىاسى بىلەن ياشاپ كېتىۋاتقان مۇكەررەم قاتتىق - يىرىك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىمۇ رەت قىلدى. ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان، بۈگۈنكى كۈنلەردە بولسا، ئۇنىڭ تەرسا، ھورۇن، بەدخۇي مىجەزى توغرىلىق سۆز - چۆچەكلەر تارقالغان، ھەتتا ئۇنىڭ قىزلىق شەنىگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان «ئەركەك جىنى بار»، «قوش جىنسلىق» دىگەنگە ئوخشاش ئەپسانىلارمۇ ئۇچۇپ يۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. ياشلىق قەلبى ئېغىر ئىزا - ئاھانەتنىڭ يالقۇنسىز كۆل - قوقاسلىرى ئىچىدە ئۆرتەنگەن بۇ خېرىدارسىز زىبانىڭ ئەينەكىنى قۇچاقلاپ ياتقىنى ياتقان، ئەلەم بىلەن ئاھ تارتقىنى تارتقان ئىدى. بىچارە نىزامىدىن ئاكا بىلەن ئىززەتخان ئاچىنىڭ غەم - قايغۇسى ئاچچىقى كەلگەنچە ئىشتەيلىك بولۇپ كېتىدىغان بۇ قىزنىڭ دەرت ئەلەمدىن كۆرمىڭ ھەسسە ئېغىر ئىدى، ئەلۋەتتە.

ئىززەتخان ئاچىنىڭ قولى ئىشتا، كۆزى ئىشىكتە، ئېسىيادى مۇكەررەمنىڭ بەخت - تەلىيىدە ئىدى.

نەچچە يىللىق دۇئا - تىلاۋەتلىرىم ئىجابەت بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ. مېھمانخانىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقلار ئۈستىگە چىرايلىق تور يېپىۋاتقان مۇكەررەم بولسا:

— ئاتا - ئانىسى، بالىلىرى بولمىسىلا، بىر - ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ مەيلى ئىدى، — دەيتتى ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىپ.

«ئەسسالام» دەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرگەن ئىككى مېھماننى كورگەن ئەززەتخان ئاچا ئۆز خوشاللىغىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالدى. ئۇ، شۇ تاپتا مېھمانخانىدا ئۇچقاندەك كىرىپ، مۇكەررەمگە: «قانداق، ئاناڭنىڭ دىگىنى راستمىكەن!» دەۋالسا، نېمە بولۇپ كېتەتتى ـ ھە؟ مېھماننى تاشلاپ قويۇپ، شۇنداق قىلغىلى بولسا كاشكى!

— كېلىشىلە، — دەپ ئىسسىقچىراي قارشى ئالدى ۋە قائىدە ـ يوسۇن بويىچە يۈز يېقىپ كورۇشۇپ، ئامان ـ ئېسەنلىك سوراپ بولغاندىن كېيىن تەكەللۇپ بىلەن مېھمانخانىغا باشلىدى.

تومۇز پەسلى بولۇشىغا قارىماي، سىماۋى سارجا پەلتو كىيىۋالغان، بىر ـ بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئىككى ئايال مېھمان ھويلىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى باراقسان بولۇپ ئوسۇپ كەتكەن ئەنجۈر دەرىخىنى، بىجىرىم ياغاچلار بىلەن ياسالغان بېدىشتىن ئېشىپ، ۋاسىجۇپ پېشايىۋان ئۈستىگە يامىشىپ كەتكەن ئۈزۈم تاللىرىنى، تەشتەك ـ تەشتەكلەردە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگا ـ رەڭ گۈللەرنى كوزدىن، «تەبىئەتى ئوبدان ئائىلە ئىكەن» دىگەن ھوكۈمنى دىلىدىن كەچۈرگەچ، ئەززەتخان ئاچا باشلىغان تەرەپكە يول ئالدى. مېھمانلارنىڭ بىرى — ئويىنىڭ تور تەرىپىدە ئولتۇرغان ئۇسقانلىغىراغى، خېرىدار يىگىتنىڭ ئاچىسى — خەيرىنساخان، ۋىجىگىرەكى — سىڭلىسى مېھرىنساخان ئىدى.

— قۇدا بولغۇچىلىمى بار خوتۇن ئىكەن،— دەپ پىچىرلىدى مېھرىنساخان،— سىلىكەتلىرى جايىدا.

ئىززەتخان ئاچا نەپىس گۈللەر كەشتىلەنگەن ئاپپاق داستىخاننى تۈرلۈك نازۇ - نېمەت، شىرنىلىكلەر بىلەن تۈزۈلدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن چاي ئەپكىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. مېھرىنساخان دېدى:

— كېلىدىغانلىقىمىزدىن خەۋىرى بارمۇ نېمە؟ ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ قويغىنىنى قارىغىنا.

— قىزىڭ ئىگەككە تاقاشقاندا، سەنمۇ شۇنداق تەييارلىق بىلەن ئولتۇرىدىغان بولسەن.

— كېلىنچىگىمىزنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. داستىخاندىكى گۈل - كەشتىلەرگە بىر قارىغىنا، نېمە دېگەن چىرايلىق؟

قايماق چاي، ھالۋا چايلاردىن كېيىن كەلتۈرۈلگەن قارا كوكچى قوغۇن ئاجايىپ تاتلىق، ئالاھىدە تاللاپ سېتىۋېلىنغان. مۇشتەك - مۇشتەك قارا توغاچ يۈرەكنى ياشناتقىدەك سوغاق، تىلنى يارغىدەك شېرىن ئىدى. ئىززەتخان ئاچا: «ھويلىمىزنىڭ ئەنجۈرى ئىدى، ھەر بىرلىرىنىڭ رەڭگى - نەسۋىسى ئىكەن» دەپ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا قويغان بىر تەخسە ئەنجۈرنىڭ تاتلىقلىغىچۇ تېخى.

داستىخاندىكى نازۇ - نېمەتلەرگە ئاز - تولا ئېغىز تېگىلگەن، ئوخشىتىپ ئېتىلگەن ئۈگرىدىن بىر چىنىدىن ئىچىلگەن ۋە ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان «ئومۇر سودىسى» ھەققىدىكى ماقال - تەمسىللەر بىلەن تەكەللۇپ سۆزلەر ئېيتىلىپ تۈگىگەن، شۇنداقلا ئاساسىي مەقسەت - مۇددىئا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ: «رەھ-

...مەت، ھەر بىرلىرىدىن بالا ئايامدىغان؟...» دېگەن جاۋاپمۇ ئېلىنىپ بولۇنغان ئىدى. ئوخشىمىغان ئېتىلگەن ھالىۋا، ئۆگرىلەرگە قاراپ، ئۇلار كەلگۈسى كېلىنچەكنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇشتى. ئەمدى «رەھمەت، ھەشقاللا» بىلەن قوزغۇلۇشسا بولاتتى. بىراق بولغۇسى كېلىنچەكنىڭ ھۆسنى - جامالىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىشتىياقى ئۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيتتى، دېمىسىمۇ ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىلار بولغۇسى قۇدىلارنىڭ تەقى - تۇرقى، ئادىمىگەرچىلىكى، ئۆي - جايى ۋە قىزنىڭ رەڭگى - رۇخسارى توغرىسىدىكى بىر تالاي سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىش مەجبۇرىيىتىمۇ بار ئەمەسمۇ تېخى؟

— كېلىنچىكىمىز بىلەن دىدار كۆرۈشۈۋېلىشقا بولارمىكىن، ئىززەتخان ئاچا، — دېدى خەيرىنساخان ئىززەت ۋە تەكەللۇپ بىلەن.

— مىڭ مەرتىۋە، — دەپ ئورنىدىن قوزغالدى ئىززەتخان ئاچا ۋە پېشايۋاننىڭ سەككىز قىرلىق تۈۋرۈكى يېنىدا توختاپ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن چاقىردى، — ئىزىم، مۆكەررەم بۇياققا چىققىنا.

— ماما، مەن دېمىدىممۇ، مۆكەررەم ئىكەن، — دېدى خەيرىنساخان يېنىدىكى سىڭلىسى مېھرىنساخانغا بوش ئاۋاز بىلەن، ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىدىن مەغرۇرلانغان ھالدا، — شۇنداق دېسەم ئۇنىماي، نەدىكى خەخلەرنىڭ ئېتىنى دەپ يۈرۈيسەن.

ئالىمجان ئاچىسى خەيرىنساخانغا ئۆزى ياخشى كورگەن قىزنىڭ ئىسمىنى ئېيتقان ئىدى. خەيرىنساخان بۇ ئىسمىنى يول بويى يادلاپ ماڭغان، ئۆي سوراش جەريانىدىلا ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى.

— مۇنەۋۋەر،— دەيتتى ئاچىسى.
— ياق ئاكام ئۇنداق دېگەندەك قىلمىغانتى،— دەيتتى سىڭلىسى.
— موتىۋەرمۇ ئەمەسمە؟
— ياق، بۇنىڭدىنمۇ غەيرىرەك ئىدى.
— مۇنەررەم؟
— ياق.
— موجىزەمىدى - يا؟
— مەككە - مەدىنەم دېمىگىنە تاپىنلىق.
— ماقۇل ئۆزەڭ بىر دەپباققىنا قېنى؟
— بېشىدا «مۇ» كېلەتتى. ئەستا، تىلىمنىڭ ئۇچىدا بار ئىدى. ئەجەپ يۇتتۇرۇپ قويدۇما!
— مۇكەررەم! — دېدى ئاچىسى گوھەر تېپىۋالغاندەك خوش بولۇپ.
— بۇمۇ ئەمەس،— دېدى سىڭلىسى،— ئاڭلىمىغان بىر ئىسىم ئىدى.
— مۇكەررەم دېدىم، مۇكەررەم!— دېدى ئاچىسى تىترىكىپ،— قالغىنىنى ئۆيگە بارغاندىن كېيىن بىلىمىز!
ئەززەتخان ئاچا «مۇكەررەم» دەپ چاقىرغاندا، خەيرىنساخاننىڭ «مانا، مەن دېمىدىممۇ!» دەپ كورەڭلىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى.
هويلا تەرەپتىن نازاكەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:
— خوش، ئانا.
— قالتىسقۇ!— دېدى خەيرىنساخان سويۇنۇپ.
— راست قالتىس ئىكەن،— دېدى سىڭلىسى مەمنۇنلۇق

بىلەن. بۇ سوزگە «خۇيمۇ ئەدەپ - ئەخلاقلىق، شەرمى - ھا-
يالىق، قائىدە - يوسۇنلۇق قىز ئىكەن» دىگەن مەنىلەر مۇجەسسەم-
لەشكەن ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە مۇكەررەم ئەلچى - مېھمانلارغا تولىمۇ
قائىدە - يوسۇنلۇق، شەرمى - ھايالىق كورۇنۇشكە تىرىشىدىغان بو-
لۇپ قالغان ئىدى. ئاشۇ بىر ئىغىز جاۋابىنىڭ ئوزىدىنلا ئۇنىڭ
گوزەل روھى دۇنياسى بىلەن تونۇشقاندەك بولغان بۇ ئىككى
مېھمان ئەمدى ئۇنىڭ ھوسنى - جامالىنى بىر كورۇۋېلىش تەشنا-
لىغىدا چاكىلداشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كوزى ئىشىكتە، قۇلىقى
ھويلىدا ئىدى.

— قىزىم، ئوي بەك ئىسسىپ كەتتى. شامالدۇرغۇچىنى
توتۇشتىن كوزۇم قورقىدىكەن. بىر ئايلاندۇرۇۋەتسەڭچۇ.

— بۇمۇ قائىدە - يوسۇنلۇق چاقىرىش بولدى، — دىدى
چوڭ مېھمان.

— شۇنداق، — دەپ كۈلۈمسىرىدى كىچىگى، — ئىشنىڭ
ئىچىنى بىلىدىغان خوتۇن ئىكەن.

ھويلا تەرەپ بىر پەس جىم بولۇپ كەتتى.

— بەك نېپىز بالا ئوخشايدۇ، — دىدى چوڭ مېھ-
مان، — تارتىنىۋاتىدۇ.

— ئاكام تاللىغان قىز - دە، — دىدى كىچىگى پەخىر-
لىنىش بىلەن.

— نىمانچە ئىزا تارتىسەن؟ ئوز ئاچىلىرىڭ ئەمەسمۇ؟
يۇرە، شامالدۇرغۇچنى ماڭدۇرۇۋېتىپلا چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، يۇر.

بىر جۇپ ئاياق ئاۋازىغا يەنە بىر جۇپ ئاۋاز قوشۇلدى.

— كىرىۋاتىدۇ!...

مېھمانلار ئۆزلىرىنى سەل - پەل تۈزدۈۋېلىشتى. ئانىنىڭ ھەمرالىقىدا ئاستاغىنا كىرىپ كەلگەن مۆكەررەم ئىككىلا قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، نۇمۇسچانلىق بىلەن بېشىنى ئەگدى:

— ئەسسالام.

بىر نەپەس تىڭىرقاشتىن كېيىن:

— ئەسسالام،— دەپ ئورنىدىن تۇردى مېھمانلار.

مۆكەررەم يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىنلا ئانىسى مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى - دە:

— قىزىم، ئۇنى ماڭدۇرۇۋەتكىن،— دېدى.

مۆكەررەم ساغۇچ سىرلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدىغان تومبۇچكا ئۈستىدىكى سۈس ھاۋارەڭ قاناتلىق ئوتتۇرا تىپتىكى شامالدۇر-غۇچنىڭ باسىدىغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ باقتى. قانات مىدىرلىمىدى. تولغايدىغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولغاپ باقتى، يەنە مىدىرلىمىدى. ھودۇقۇش ۋە ئىزا ئىسكەنجىسىدە بوغۇلغان قىزنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن تەر پونتانلىرى ئېتىلىشقا باشلىدى.

— بولدى، قىزىم، بولدى. بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ،— دېدى ئانا ئوڭايسىز بىر ئەھۋالدا،— ئۇكاڭ كەلگەندە كۆرۈپ باقار.

مۆكەررەم بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتىرەلمەي ئارقىغا ياندى - دە، مۇدۇرۇپ كېتىپ، بوسۇغىغا يېقىلىپ كېتىشكە تاسلا قالدى. «ۋاي» دەپلا ئورنىدىن قوزغالغان ئانا «نىمانچە ئىزا تارتىدىغانسەن، قىزىم؟» دېگىنىچە يۆلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مېھمانلار پەس ئاۋاز بىلەن مۇنازىرە باشلىۋەتتى:

— بىز سوراپ كەلگەن قىز ئۇ ئەمەسمۇ نىمە؟

— تولا گەپ قىلمىغىنا، ئىسمىنى مۆكەررەم دېدىغۇ؟

— مەندىن چوڭراق تۇرامدۇ نىمە؟

— ئۇكام تولا گەپ قىلىشقىنى دەيمەن. ئۈچ بالىنىڭ ئانىسى تۇرۇپ...

— نىمانچە سېمىز؟

— ئۇرۇمچى تەرەپلەردە قىز - ئاياللار ئاسانلا سەمىرىپ كېتەرمىش. بۇ بالىمۇ ئۇ يەردە بەش - ئالتە يىل ئوقۇپتىكەن ئەمەسمۇ؟

— مەكتەپ يۈزى كورگەن ئادەم بىر شامالدۇرغۇچىنىمۇ ماڭدۇرالمامدۇ؟

— مۇلۇندەك قاراپ تۇرۇۋالساڭ، ھودۇقۇپ كەتمەمدۇ، ئۇكام؟

ئازغىنا جىملىقتىن كېيىن مېھرىنساخان يەنە ئېغىز ئاچتى.

— كىچىككىنە سالقىندايدىغان بولدۇق دىسەم، بۇ نىمىمۇ ئەسقاتمىدى.

— بىر قاراپ باقايمۇ، ئاچا؟

— مەيلىڭ.

ئېھتىيات بىلەن ئورنىدىن تۇرغان مېھرىنساخان شامالدۇرغۇچنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىگە قاراپلا:

— توكقا چاتماپتىكەن ئەمەسمۇ؟ — دىدى - دە، چاتتى. جانغا ھوزۇر بەخىش ئەتكۈچى سالقىن ھاۋا تىنجىق - بورۇقتۇملۇق ھالەتكە بىردەمدىلا خاتىمە بەردى.

— رەڭ - چىرايىدىغۇ ئېۋەن باردەك ئەمەس، لېكىن - زە...

— نىمانداق تولا سوزلەيدىغانسەن. ئاكاڭنى ئومۇرۋايەت بويتاق ئوتسۇن دەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، كوزۇمگە بەكلا چوڭ كو-
رۇنىۋاتىدۇ، ئاچا.

— ئالىمجان ئۇكام ئۇنى يىگىرمە بەشلەرگە كىردى
دېمىگەنمىدى؟

— ئوتتۇزدىن كەم ئەمەستەك قىلىدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم!

دەل شۇ چاغدا ئىززەتخان ئاچا كىردى ۋە قۇيۇنىدەك
ئايلىنىۋاتقان شامالدۇرغۇچقا قاراپ:

— ۋاي ئوغلىنىپ قاپتىمۇ نىمە؟ بۇمۇ توك دەزمىلىغا
ئوخشاش بىر قىزىۋالغاندىن كېيىن ئەسقاتىدىكەن - دە، — دېدى
ساددىلىق بىلەن.

— شۇنداق. ھەر بىرلىرى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن
ئوزىچىلا مېڭىپ كەتتى، — دەپ جاۋاپ بەردى مېھرىنساخان
كۇلۇپ تۇرۇپ.

دەسلەپكى قەدەمدە قىلىشىدىغان گەپلەر تۇگەپ قالغاندەك
تۇراتتى. مېھرىنساخان ئوز گۇمانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىدىدە
يېڭىۋاشتىن گەپ تەشتى:

— ئىززەتخان ئاچا، بۇ ھەقتە نىزامىدىن ئاكامنىڭ جا-
ۋابىنى ئاڭلاپ كېتىشكە بولارمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇشىلا، — دېدى ئانا كۇلۇپ تۇرۇپ، —
بۇ قىزىمنىڭ ئىشىغا كەلگەندە، دادىسى مېنىڭ لەۋزىمنى ئەسلا
بەردە قويمايدۇ.

مېھرىنساخان «بۇ قىزى» بار يەردە، «ئۇ قىزى» مۇ بولۇشى
مۇمكىن.

شۇ قىزنىڭ ئېتىنى سوراپباقايمىكىن دەپ تۇرغاندا، خەيرىنساخان:

— ھەر بىرلىرىگە مۇۋاپىق كەلسە، تويىنى مۇشۇ تەتىل ۋاقتىدىن كىچىكتۈرمىسەك، — دىگەن تەلەپنى قويدى.

— بولىدۇ، — دەپ كېسىپلا جاۋاپ بەردى ئىززەتخان ئاچا، — ھەر بىرلىرى قاچان دىيىشسىلە، بىز تەييار.

— ئۇنداق بولسا، رەھمەت. بىز قايتىلى.

— كەلمەك ئىرادە، — كەتمەك ئىجازەت، — دىدى ئانا، — ئاش دىمىنى يەپ تەييارلا بولۇپ قالدى. جىندەك ئولتۇرۇشسىلا.

ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىش ھوقۇقى چوڭ مېھمانلارنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاچا ئەمەسمۇ؟ ساھىپخانىنىڭ بۇ ئىلتىماسىغىمۇ يەنە شۇ پەۋقۇلئاددە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىسى جاۋاپ بەردى:

— رەھمەت، بىز يەنە كېلىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۆيدىكىلەر تەقەززا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ جاۋابىنى تېزرەك يەتكۈزەيلى.

3

قومۇشتەك زىلۋا، خەنجەر بىسىدەك قاشالىق قىز — مۇھەررەم ھويلىغا كىردى - دە:

— ۋاھ، بۇ نىمە كارامەت؟ — دەپ تۇرۇپ قالدى ھەيرانلىق بىلەن. چۈنكى، ئۇ مېھمانخانا ئىچىدىن ياڭراپ چىقىۋاتقان خۇشاۋاز ناخشا ساداسىنى ئاڭلىغان ئىدى.

«جەننەتتىكى ھور - پەرى،
ماڭا ئوخشار قەيەرى؟

جىلۋە ئەيلەپ كۈلمەكتە،
شېرىن ۋىسال سەھەرى.

ياخشى يارنىڭ دىلبەرى،
زەر ئۈزۈكنىڭ گۆھەرى.
گۈلگە شەيدا ئاشىقنىڭ،
مەن بولاي گۈلئەمبەرى...»

شەپىسىز مىڭىپ، جىگەررەڭ قول سومكىسىنى تىزىدا قويغىنىچە، پاراقسان ئەنجۈر دەرىخى ئاستىدىكى پاكار ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان مۇھەررەم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «نەدىن كۈن چىققاندۇ؟ ئالا كۆچۈكلىرى كېتىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ قاپتىغۇ؟»

مۇھەررەم ئاچىسىنىڭ ناخشا ئېيتماي، ھەتتا دۇتارغا كۆز قىرىنىمۇ سالماي ئۆتكىنىگە ئالتە - يەتتە يىل بولۇپ قالغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ، ھازىرقى ئۆزگىرىشكە قاراپ، مۇھىم بىر ئىشنى پەملىدى - دە، ئورنىدىن يېنىككىنە تۇردى، ئاشخانىغا كىردى. قازان چۆشۈرۈۋاتقان ئىززەتخان ئاچا جىنى ئىچىگە پاتمايۋاتقاندەك خۇشاللىق بىلەن سورىدى:

— كەلدىڭمۇ، قىزىم؟ ئاكىمجان دېگەننى تونۇمسەن؟

ناخشا ياڭرىتىۋاتقان مۇكەررەمنىڭ ئاۋازى چۇرتتىلا ئۈزۈلدى. ئۇ، دەرىزىگە قۇلىغىنى يېقىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن تىڭشاشقا كىرىشكەن ئىدى.

— ئەمانداق تامدەك تۇرۇپ، تاتىرىپ كېتىسەن؟ ئېيتقىنا، تونۇمسەن - تونۇمامسەن؟

ئەندىككەندەك تۇرۇپلا قالغان مۇھەررەم ئاستاغىنا سورىدى:

— قايسى ئالىمجاننى؟

— ئالى مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلىدىغان ئالىمجاننىچۇ؟

— تونۇيمەن.

— تونۇغىنىڭ تولىمۇ ئوبدان بولدى. ئېيتقىنا، بالام، راستىنلا 35 ياشىمۇ؟

— 35 - 36 ياشلاردا بار.

— راستىنلا ئويلەنمىگەنمۇ؟

— ھەئە.

— بالا - چاقىلىرى يوقمۇ؟

— ئويلەنمىگەن ئادەمنىڭ بالا - چاقىسى بولامدۇ؟

— بوي - قەدرى، رەڭ - چىرايى خېلى تۈزۈكمۇ؟

— تۈزۈك.

— ساڭا يارىغىدەكمۇ؟

— يارىغىدەك.

— كۆزۈڭ مال تونۇيدۇ. ساڭا يارىغىدەكلا بولسا، بىزگىمۇ يارايدۇ، — دېدى ئانا خاتىرجەملىك بىلەن، — مۇشۇنى سوراي دەپ يولۇڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئاشىمنىمۇ تېگى كۆيۈپ كېتىپتۇ دېگىنە، — دۇ، كەپكۈرنى تۇتقان پېتىچە ئاشخانا بوسۇغىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ كوتىرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىدى، — مۇكەررەم، ھوي مۇكەررەم، تەلىيىڭ ئوڭدىن كەلدى، بەختىڭ ئېچىلدى. راست، 35 ياش ئىكەن، ئويلەنمەپتىكەن، بوي - قەدرى كېلىشكەن يىگىت ئىكەن!...

مۇھەررەم ئاچىسىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا يۈز بەرگەن شادىيى ئۆزگىرىشنىڭ سىرىنى تەكتىگە يەتكەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ چۈشەنمىگەن قىياپەتتە سورىدى:

— بۇ نېمە گەپ، ئانا؟

— ئاچاڭنى سوراپ كەپتۇ، — دېدى ئانا ئىچ-ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، — شۇنچە تۇتسامۇ ئاشقا ئولتۇرماي كېتىپ قالدى. تومۇز ۋاقتىدا ئاش ئاسانلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. خالىدە خېنىمنىڭ كوزەيگىنىگە ھەپتە بولۇپ قالدى. كەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ بىر امگەن ئاش بىلەن يوقلاپ كېلەي. ماۋۇ داداڭنىڭ ئېشى، ماۋۇ سىلەرنىڭ.

ئىززەتخان ئاچا ئۈستىگە قوش مۇشتەك گوش بېسىلغان ۋە تۇرنا سۈرەتلىك داس بىلەن يېپىلغان باسۇن تەخسىدىكى ئاشنى كوتىرىپ ھويلىغا ئەپچىقىپ سۇپىدا قويدى-دە، يوگەش ئۈچۈن داستىخان ئېلىپ چىقماق بولۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

«قانداق ئوقۇشماسلىقتۇ بۇ؟» دەپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى مۇھەررەم. ئۇ «بىسمىللا» دەپ بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەن ئىككى ئايالنى كورگەندە، نېمە قىلارىنى بىلمەي، قوزۇقتەك قېتىپلا قالدى. ئىككى مېھمان چىمەن دوپپا، كالتە يەكلىك ناۋاترەڭ شىفۇڭ تاۋار كوينەك كىيىۋالغان زىناۋا بويلۇق ساھىبجامالغا بىر قاراپلا تولۇق ئىشەنچ بىلەن سالام بەردى:

— ئەسسالام، مۇھەررەم خېنىم.

مۇھەررەم جاۋابەن سالام بېرىپ، يۈز يېقىپ كورۈشۈۋاتقان پەيتتە ئىززەتخان ئاچا، داستىخان ئېلىپ چىققان ئىدى.

— ئەسسالام، ئىززەتخان ئاچا، بىز يەنە كەپقالدۇق، — دېيىشتى مېھمانلار ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — داستىخان كوتىرىپ قاپلا؟

— ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ئانا كۈلۈپ تۇ-

رۇپ، — ھەربىرلىرى ئېغىز تەككۈزمەي كەتكەن ئاشنى ئۆز قولۇم بىلەن ئاپىرىپ بېرەي دەپ تۇراتتىم تېخى.

مۇشۇ بىر ئېغىز چاقچاق بىلەنلا مېھمانلارنىڭ كۆڭلىدى- كى تۇمان تارقىلىپ كەتكەندەك بولغان ئىدى.

— سىلىنى ئاۋارە قىلمايلى دەپ ئۆزىمىزلا كەلدۇق، — دېدى خەيرىنساخانمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە مۇھەررەمنى شەرەت قىلىپ پەس ئاۋاز بىلەن سورىدى، — بۇ ھېلىقى ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن كىچىك خېنىمغۇ دەيمەن؟

— ھا، خوش، ئۆيگە كىرىسى.

مۇھەررەم ئانىسىنىڭ قولىدىكى داستىخانىنى ئالدى. ئۇ ئىززەتخان ئاچىنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتقان مېھرىنساخانىنىڭ ئۆز ئاچىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ ئېيتىۋاتقان سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى:

— «جىق مەرۋايىت بۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ. سەدەپكە ئۇچراپ قالغىلى تاس - تاماس قاپتىمىز».

مۇھەررەم بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغىچە، مۇكەررەم مېھمانخانىدىن ئېچىپ چىقتى - دە، سىڭلىسىغا قاراپ مەغرۇرانە بىر كۈلۈپ قويۇپ، ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئىززەت- خان ئاچا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىۋېتىپلا ھويلىغا چىقتى ۋە:

— كىشىنىڭ رىسقىنى كىشى يېيەلمەيتۇ دىگەن شۇ - دە. ئەجەپمۇ ئوبدان ئىش بولدى، — دىدى باسۇن تەخسىدىكى ئاشقا قاراپ.

مۇھەررەم بىلمەسلىككە سېلىپ سورىدى:

— بايا كەلگەنلەر شۇمۇ؟

— شۇ!

— يەنە نېمە دەپ كەلگەندۇ ئۇلار؟

— ۋاي نېمە دەپ كېلەتتى؟ تويلۇق سېلىپ بەرسىلە، دەپ كەلگەندۇ.

ئانىسىغا بۇنىڭدىن بولەك گەپنىڭ تېتىمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن مۇھەررەم پەسىلىگىدە بىرنى كۆلۈپ قويۇپ ئاشخانىغا كىرگەندە، ئۆز بەختىدىن مەس بولۇپ كەتكەن مۇكەررەم ئىككى ئاچىدىكى ئاشنىڭ لوخ گۆشىنى پاك - پاكىز يەپ بولۇپ، سوڭەكلىكى يىلىكىنى شوراپ كېرىلىپ ئولتۇراتتى. مۇھەررەم پۈتۈن زېھنىنى مېھمانخانا تەرەپكە قاراتقان ئاچىسىنىڭ خودۇكسىنىۋاتقانلىقىنى پەملىدى - دە، بىر تەخسە گوشىز پولۇنى كۆتەرگىنىچە كىتاب جاھازلىرى بىلەن تولغان كىچىكىنە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. «ئاچامغا نېمىمۇ دەرمەن؟ قانداقمۇ چۈشەندۈرەرمەن؟...» دەيتتى ئۇ ئۆز ئىچىدە.

............

مېھمانلار ئەززەتخان ئاچىنىڭ ئۆزى قول سېلىپ بېرىشى ۋە «ئالسىلا - باقسىلا» دېگەن تەكەللۇپلىرىنىڭ زورى بىلەن بىرلىگەن ئاشنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمىنى ئاران يەپلا قوللىرىنى سۈرتتى. «ئاۋۋال ئاتام، بەدازىكاللام» دېگەندەك، مېھمانلارمۇ ئەمدى سۆزگە كۆچۈشى لازىم ئىدى. نېمىشقىدۇر، ئۇلار ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. بايىلا چوڭ قىزى مۇكەررەم توغرىلىق ئېنىق جاۋاب ئېلىپ كەتكەن بۇ ئىككەيلەننىڭ ئەمدى كىچىك قىزى مۇھەررەم ھەققىدە گەپ ئېچىشى ئاسانمۇ؟

ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغان ئىدى:

خەيرىنساخان بىلەن مېھرىنساخان قەدىمجاي بوسۇغىسىدىن

كىرگەندە ئالىمجان ھويلىدا ئىدى. ئۇ:
— قانداقراق؟ — دەپ سورىدى ئالدىراپ.
ئاچىسى تەنتەنىلىك ھالدا جاۋاپ بەردى:
— ناھايىتى ئوبدان!
ئالىمجان ئۇلارنىڭ بېرىپ - كېلىش جەريانىنى تەپسى-
لى سورىماقچى ئىدى، ئاڭغىچە دەرىزىسى ھويلا تەرەپكە قاراپ
تۇرغان مېھمانخانىدىن سادا كەلدى:
— كەلدىڭلارمۇ؟ ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە.
بۇ ئالىمجاننىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئاچا - سىڭىل «كېيىن سۆزلىشەيلى» دېگەندەك بىشارىتىنى قىلدى-دە، ئۆدۈل كىرىپ كەتتى. ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرىدا ئۆز تۇرمۇشى توغرىسىدا ئاتا - ئانىسى بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىدىغان قائىدە-يوسۇن بولمىغاچقا، ئالىمجان كونىراق زىلچا سېلىنغان سۆپىنىڭ بۇرجىكىگە كاسىسىنى قويدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسىيادى مېھمان-خانىدىكى سوھبەتتە ئىدى. ئەڭ دەسلەپ دادىسىنىڭ سوئالى ئاڭلاندى:
— خوش، بېرىپ كەلدىڭلار، جاۋابى نىم بولدى؟
— بېرىپ كەلدۇق، دادا، — خەيرىنساخان دادىسىنىڭ سوئالىغا تۇغرىدىن - توغرا جاۋاپ بېرىش ئورنىغا جەريان سۆزلەپ سايراپلا كەتتى، — بىز ھويلىغا ئەدەس، بەئەي-نى بىر باغچىغا كىرىپ قالغاندەك بولدۇق. يام - يەشىل تەشتەكلەر-دە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر، مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن ئەنجۈرلەر... ئۇ ھويلا - ئىمارەتلەرنىڭ شەكلىدىن تارتىپ، ئۆي ئىچىنىڭ ئاساسىي جاھاز - مۈلۈكلىرىگىچە بىر - بىرلەپ ساناپ چىققاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ سوئالىغا جاۋاپ

بەردى، — قۇداڭنىڭ رەڭگى - روھىنى دەمسەن؟ ئەللىك ياشقا
يېقىنلاشقاندەك تۇرىدۇ، يۈزى ئاپپاق، مەڭزى قىپ - قىزىل،
پېشانىسى ۋاللىداپ تۇرىدۇ، ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس،
پاكارمۇ ئەمەس، ئېگىزمۇ ئەمەس. بوي ئۈستىخان جەھەتتە
سەن بىلەن ئوپ - ئوخشاشتەك قىلىدۇ. كالىتۈن دوپپا، نىلرەڭ
سارجى پەلتى، يۇلغۇن چېچەكلىك گۈللۈك ئاق ئەنگلىشىن كوي-
نەك، ئارا پاشنىلىق قارا تۇپلىي كىيىۋاپتۇ. گەپ - سۆزلىرى
بەكمۇ مۇلايىم، شۇنداقمۇ، ئوكام؟

— ئانىسىغۇ ئانا قىلىۋالغىدەك خوتۇن ئىكەن ...

— قىزىچۇ، مېھرىنىسا؟ بالا قىلىۋالغۇچىلىكى بارمىكىن
قانداق؟ مېھرىنىساخاندىن بۇرۇن خەيرىنىساخان جاۋاپ بەردى:

— بولمامدىغان؟ ئۇ بالىدىكى نۇمۇسچانلىقنى كۆرىدىغان
بولساڭ، ئانا، بىز بىلەن يۈز يېقىپ كۆرۈشۈپ بولغىچە
پۈتۈن بەدىنىدىن پۇر - پۇر تەر چىقىپ كەتتى دېگىنە.

— جىمى جاھان خۇمداندەك قىزىق تۇرسا، شۇنچىلا
سېمىز بەدەندىن ئۇنچىلىك تەر چىقمامدۇ، ئاچا؟

خېلىدىن بۇيان ئىپتىخارلىنىش، ھوزۇرلىنىش تۇيغۇسى
ئىچىدە جان - دىلى بىلەن گەپ تىڭشاپ ئولتۇرغان يىگىت چو-
چۈپ كەتتى: «نىمە؟ كىمنى دەۋاتىدىغاندۇ؟»

ئانىسىنىڭ سوئالى تەكرارلاندى:

— بەك سېمىزمىكىن، بالام؟

— چويۇن كىرغا سالىدىغان بولساڭ 150 جىڭدىن ئو-
شۇق كەلسە كېلىدۇكى، كەم كەلمەيدۇ.

ئالىمجان ئوز قۇلىقىنى ئىتتىكلا بىر كولىۋەتتى- دە، دىققەت

بىلەن تەڭشاشقا باشلىدى. ئاندىن پەس ئاۋاز بىلەن نەسىھەت قىلمىۋاتاتتى:

— مېھرىنىسا، ئاكاڭ ئاڭلاپ قالسا خاپا بولىدۇ. ئاستىراق سۆزلە. قاش - كۆزى جايىدا، ئاپپاق قىز ئىكەن دېدىڭلارمۇ؟ ئاقنىڭ سەتى يوق، زارىنىڭ چىرايلىغى.

— بويىنىڭ زىننىتى بويۇن ئەمەسمۇ، ئانا؟ تۈزۈككىنە بويىنىمىز يوق.

— بۇمۇ سېمىزلىكنىڭ ئالامىتى، — دېدى ئانا چۈشەندۈرۈپ، — سېمىز بولسا، بىر - ئىككىنى تۇغقاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا سىلغىيىدۇ. كىچىك ۋاقتىڭدا ئۇرۇشۇپ ئالغان ئاداشلىرىڭ سېنى «مەنىسا گۆمبەز» دەپ تاللاشمىغانىدى؟ مانا ئەمدى قارايدىغان بولساڭ...

مېھمانخانىدىكى سوھبەت قىزغىن داۋاملاشماقتا ئىدى. ئالىمجان تىت - تىتچىلىقتىن ئۆتۈپ، سەۋدايىلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. «كىمنى كۆرۈپ كەلگەندۇ بۇلار؟ ئۇ، قامچا گۇلدەك زىلۋا، تېنىق بۇغداي ئۆڭلۈك قىز ئەمەسمىدى؟...» ئۇ ئاچىسىنى قانداق چاقىرىۋېلىشنى بىلمەي تۇرغاندا، دەل شۇ ئاچىسىنىڭ ئۈچ ياشلىق قىزى قىيا- چىيا بىلەن ھويلىغا كىردى. ئالىمجان:

— زۇلپىيەم نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى ئېتىلىپ بېرىپ.

— خەيىي ... خەيۇ ... — دەيتتى قىز ئۆسەدەپ.

— ھەرە چېقىۋالدىمۇ، ھە، نەرىگىنى چاقتى؟ — دېدى ئالىمجان ئەنسىرەپ.

— بالام! — دەپلا ئېتىلىپ چىقتى خەيرىنساخان، — نەرىگىنى چاقتى؟ تۇتقىنا، نەرىگىنى!

— خەيرۇللا سۇ چىچىۋەتتى، — دېدى قىز ئازغىنا ھول بولۇپ كەتكەن ئېتەكلىرىنى كۆرسىتىپ.

— ئۇھ، ئەجەپ قورقاتتىڭا، — دېدى خەيرىنساخان يۈرىكى ئىز - جايىغا چۈشۈپ، — بوپتۇ، يىغلىما، بىردەمدىلا قۇرۇپ قالىدۇ.

— ئاچا، كىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئالىمجان پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ.

— سەن دىگەن ئۆيگە، — دەپ جاۋاپ بەردى خاتىرجەملىك بىلەن.

— مەن دىگەن ئۆيگە بېرىپ، مەن دىگەن قىزنى كۆرۈپ كەلمىگىنىڭلار نىممىسى؟

— ئۇكام، نىمە دەۋاتقانسەن؟ ئاشۇ ئاپپاق، يۇپ - يۇمۇلاق...

— ئاچا، — دېدى يىگىت تېخىمۇ جىلى بولۇپ، — ئۆزەڭلار سوراپ بارغان، كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەن قىزنىڭ ئېتىنى دەپ بەرگىنە ماڭا!

خەيرىنساخان ئىككىلەنمەستىنلا ئېيتتى:

— مۇكەررەم!

— ئاچا، جېنىم ئاچا، نىمانداق قىلىدىغانسىلەر؟ مەن ئۇ قىز مۇھەررەم ئېيىدا تۇغۇلغانلىغى ئۈچۈن ئىسمىمۇ مۇھەررەم قويۇلغان، بۇ غەيرىدرەك ئات، يادىڭلاردا چىڭ ساقلاڭلار، دىمەگەنمىدىم؟... ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

خىجىللىقتىن يەتتە قات زېمىن تەگتىگە كىرىپ كەتكۈدەك بولغان ئاچا ناھايىتى زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— قانداق قىلاتتۇق؟ يەنە بارايلى، — دېدى - دە،

پوكاندەك قىزارغىنىچە مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. بىردەملىك پىچىر - پىچىردىن كېيىن ئۆز ئەقلىگە تەمەننا قويغان بىر ئاۋاز جاراڭلىدى:

— ئۇ قىز بالىنى كۆرۈپلا كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشكەن ئىدى. ئاغزىمنى ئۇمەللەپ بولغىچە شۇ ئاچام...

— ئاغزىڭنى پىچەتلەپ قويدۇممۇ؟ سوراۋەرسەڭ بولماقتى؟

— ئۇكام تونۇشقان قىز مۇشۇ دەپ تۇرۇۋالمىدىڭمۇ؟ شامالدۇرغۇچنى ماڭدۇرالمىغاندا، ئالى مەكتەپ پۈتتۈرگەن قىزلىرى شۇمۇ ئەمەس دەپ سوراي دەۋاتسام...

— مېھرىنسا، بولدى!

— نەگىلا بارسا مەن سېنىڭ ئاچاڭ دەپ ئېغىز ئاچقۇزمايۋاتقان، يا ئۆزى ئەپلەشتۈرەلمىگەن!... قىز بالىنىڭ ئېتىنىمۇ...

— مەن ئۇنتۇپ قالغان بولسام، سەن نىمىشقا يادىڭدا تۇتالمىدىڭ؟

باشانغان ئەركىشىنىڭ ساداسى خېلىغىچە سوزۇلغان تالاش - تارتىشقا خاتىمە بەردى:

— بەس، ئوتكەن ئىشقا سالاۋات. مېڭىڭلار، ئەگىرىنى تۈزلەپ كېلىڭلار!

......................

فايتندىن كەلگەن بۇ مېھمانلار ھازىر گەپنى قاندای باشلاش ھەققىدە باش قاتۇرماقتا ئىدى. ئۇلارنى چوقۇم تويلۇق ۋە توي ۋاقتى توغرىلىق سوزلەشكىلى كەلدى دەپ ئويلىغان ئىززەتخان ئاچا بولسا، بىرىلىدىغان جاۋاپنى ئۆز كوڭلىدە يادلاۋاتاتتى: «بىز لاتا - پەتى توغرىلىق ئېغىز ئاچمىدىغانلار-

دىن ئەمەس. بىزگە ئادەم مەزۇر. توي ۋاقتى توغرىسىدا ھەر بىرلىرىنىڭ دىگىنى ھساپ. بىزنىڭ تەييارلىغىمىز تەل...» ئۇ-نىڭ خىياللىرىنى خەيرىنساخانىنىڭ ئوزۇرخانلىق بىلەن باشلىغان سوزى ئۈزۈپ تاشلىدى:

— ئىززەتخان ئاچا، توي دىگەن ئوقۇناقسىز بولماپتۇ دىگەندەك، بىزمۇ بۇگۈن چوڭ بىر توقۇناققا دۇچ كەلدۇق.

— ھا، خوش.

— ئىززەتخان ئاچا، بىزدىن سەۋەنلىك ئوتۇپتۇ، كوڭۇل-لىرىگە ئالمىسىلا.

— ئۇنداق بولامدىغان.

خەيرىنساخان تىنىغى ئىچىگە چۈشمەيۋاتقاندەك قىمىنىلىپ ئۇرۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز ئەسلىدە مۇكەررەم خىنىمنى ئەمەس، مۇھەررەم خىنىمنى سوراپ كەلگەن ئىدۇق.

تامدەك تاتىرىپ، ياغاچتەك قاتقان ئىززەتخان ئاچا:

— ھە؟ نىمە!— دەۋەتتى ئەنسىزلىك بىلەن، — ھە نىمە دىيىشىۋاتقانلا!؟

شۇ ئان ئاشخانا تەرەپتىن جاراڭ - جۇرۇڭ سادا-سى كەلدى. ئارقىدىنلا خىتىلداپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ سا-دا ۋە بۇ ئاۋاز مۇكەررەمنىڭ ئوز ئانىسىغا بىرىۋاتقان جىددى ئاگاھلاندۇرۇشىنىڭ بىشارىتى ئىدى. ئىززەتخان ئاچا تىلىغا تىلسىمە-لىق قۇلۇپ سېلىنىپ قالغاندەك بىر ھازا ئۇن - تىنسىز ئولتۇ-رۇپ كەتكەندىن كىيىن تەئەددى ئارىلاش جاۋاپ بەردى:

— رەھمەت، ھەر بىرلىرىمۇ كوڭۇللىرىگە ئېلىشمىسىلا.

ئاچىسىنى ياتلىق قىلماي تۇرۇپ سىڭلىسى توغرىلىق گەپ ئېچىشقا تىلىم كۆيىدۇ!

ئىككى مېھمان بىر - بىرىگە «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك «لاپپىدا» قارىشىۋالدى. «سىنىڭ كارامىتىڭنىمۇ بىر كۆرۈپ باقاي» دەپ ئويلىغان خەيرىنساخان «قېنى، ئەمدى سۆزلەپ باقىڭ» دەپ ئىشارەت قىلدى سىڭلىسىغا.

— ئىززەتخان ئاچا، ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالەي...

مېھرىنساخاننىڭ يۇقۇرقى سۆزى بۇ ئائىلىنىڭ ئىززەت-ئىناۋىتىگە ھاقارەت تۇيۇلغان ئىدى. شۇڭا:

— يوقسۇ، بۇ ئائىلىدە ئۇنداق بېشى چوڭ بالا تۇغۇلغان ئەمەس، — دېدى سوغاتقىنا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاتا - ئانىسىدىن بى سوراق ئۆمۈر سودىسى قىلىشىدىغانلار بىزنىڭ جەمەتىمىزدىمۇ چىققان ئەمەس!

مېھرىنساخان مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئىززەتخان ئاچا، بوشۇكنى بۇۋاقتا، يۈگەننى ئاتقا، قەپەزنى توغاي - تۇمۇچۇقتا ياراتقان، مۇھەررەم خېنىم بۇۋاق ئەمەس، توغاي تۇمۇچۇقمۇ ئەمەس، پۈتۈن بىر ئالى مەكتەپنى تۈگەتكەن بىر قىز بالىنى بۇنىڭدىن ئوشۇق يۈگەنلىگىلى بولماسمىكىن ... ئاچىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئاچىسىغا يول قويۇپ شۇنچە يىل تاقەت قىلغىنىمۇ يېتەر. يول قويۇشنىڭمۇ چېكى بار. مۇھەررەم خېنىمنى دېمىگەن بولسا، ئالىمجان ئاكامۇ بىز چاققىچە نەچچە بالىغا ئاتا بولۇپ قالغان بولاتتى.

مېھرىنساخاننىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. مۇھەررەم ئۆزىنىڭ تەرسا، بەدخۇيلىقى تۈپەيلىدىن تا ھازىرغىچە خېرىدارسىز

ئۆتتۈۋاتقان ئاچىسىنىڭ يۈرىكىگە روھىي ئازاپ دېگەننى سالماسلىق ئۈچۈن ئالىمجان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تامامەن سىر تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. ئالتە - يەتتە يىلدىن بۇيان بۇ ئائىلىگە مۇھەررەمنى سوراپ كەلگۈچىلەرمۇ ئاز بولمىدى، ئەززەتخان ئاچا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە «ئاچىسىنى ياتلىق قىلمىغىچە سىڭلىسىنى چىقارمايمەن» دېگەن جاۋاپ بىلەن قايتۇرۇۋەردى. بۇ جاۋاپ مۇھەررەمنىڭ كۆڭلىگىمۇ ياققان ۋە ئانىسىنىڭ بۇ ھەقتىكى سوئالىغىمۇ «ئاچام تۇرغان يەردە ماڭا نېمە كەپتۇ؟» دەپلا جاۋاپ بەرگەن ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئالىمجان شىنياڭدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان، ئۆزى بولسا ئەمدىلا خىزمەتكە چىققان يىللار ئىدى. «ئالىمجان ئۈچ يىللىق بىلىم ئاشۇرۇش مۇددىتىنى تۈگىتىپ كەلگىچە، مەنمۇ ئىككى يىللىق خىزمەت ھاياتىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، بەلگىلىك ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولىۋالىمەن. ئاڭغىچە ئاچاممۇ تۇرمۇشقا چىقىپ، يولىنى بىكار قىلار» دەپ ئويلىغان ھەتتا «ئالىمجان كەلگىچە ئاچام تويىنى قىلىپ بولۇپ، ئۆيدىكىلەر مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتقىلى تۇرسا قانداقمۇ قىلارمەن؟» دەپ ئەندىشىمۇ قىلغان ئىدى. بىراق ئاچىسى تېخىچە يولنى بىكار قىلغىنى يوق. شىنياڭدىن قايتىپ كەلگىنىگە ئازغىنا كەم ئۈچ يىل بولۇپ قالغان ئالىمجان سۆيۈملۈك مەھبۇبىنى ئالدىراتماقتا ئىدى:

— ئۆيدىكىلەرنىڭ تەنە - تەئەددىسى، ئاغىنە - بۇرادەرلەرنىڭ ھەزىل - چاقچاقلىرى جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆيىڭىزگە ئەلچى ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىڭ، — دەپ ئۆتۈنگەن ئىدى ئالىمجان ئالدىنقى كۈنى كەچتە.

مۇھەررەمنىڭمۇ ئۆز دوستلىرىدىن ئاڭلاۋاتقان گەپ - سۆزلىرى

ئاز ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ، قانۇنىي نىكاھنىڭ بېشىدىن ئۆتۈپ كەتكىلى تۇپ-توغرا يەتتە يىل بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟ «قېرى قىز» دېگەن ئاھانەتلىك نامغا ئىگە بولۇشنى كىممۇ خالىسۇن؟

— مەيلى، — دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى مۆھەررەم، — گېپى كەلسە، ئانام بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىپ كۆرەرمەن.

بۈگۈن ئەلچى كېلىدىغانلىقى مۆھەررەمگە ئايان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، مېھمانلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن، بولۇپمۇ ئاچىسىنىڭ بىگىزدەك تىكىلىشلىرى ۋە ھەر قەدەمدە بىر دارىتما سۆز نەشتىرى سانچىۋېلىشتىن قورقۇپ مۇشۇ ۋاقىتقىچە بۇ ھويلىغا ئاياق باسماي تۇرغان ئىدى. ئۇ ھازىر يېزىقچىلىق شىرەسىگە ئوڭ جەينىكىنى تىرەپ، ئىڭىكىنى يۆلىگەن ھالدا ئۆز كارۋىتىدا ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، پۈتۈن ئېسى-يادى مېھمانخانىدىكى سوھبەتتە ئىدى.

«ھەر ئىش ئۆز رېتى، ئۆز نوۋىتى بىلەن: ئاچىسىنى قويۇپ سىڭلىسىنى چىقىرىش ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك قائىدە-يوسۇنلارغا توغرا كەلمەسمىكىن. ئەگەر ئاچىسىنى دېيىدىغان بولسىلا، قولۇم كۆكسۈمدە...»

ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۆھەررەم: «تەۋەررۈك قائىدە-يوسۇن؟...» دەپ تەكرارلىدى يۈرىكى سىقىلىپ.

شۇ ئان ھويلا تەرەپتىن جاراڭلىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— مۆكەررەم، نېمە بولدۇڭ؟...

3

— ئۇھ، دادىسىمۇ كېپقالدى، — دېدى ئىززەتخان ئاچا خۇددى بىر ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك ئارام خۇدا نە-

پەس ئېلىپ،— ئۇ كىشىنىڭ جاۋابىنىمۇ ئاڭلاپ بېقىشىلا (ئۇ، ئۆز ئۆمرىدە، بولۇپمۇ ئۇن يىللىق ئازاپ ئوقۇبەت جەريانىدا ئېرىغا قىلغان چەكسىز كويۇمچانلىغى بىلەن پەخىرلىنەتتى. ئېرىنىڭمۇ بۇ ياخشىلىقلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىغىدىن سويۈنەتتى ۋە ئۆمۈر بويى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىغىغا ئىشىنەتتى. ھازىرمۇ لەۋزىمنى يەردە قويمايدۇ، جەزمەن مەن تەرەپتە تۇرىدۇ، دەپ ھىساپلايتتى).

ئىككى مېھمانمۇ تەڭلا:

— نىزامىدىن ئاكامنىڭ كېپىللىغانلىغى تولىمۇ ئوبدان بولدى،— دېيىشتى خۇشاللىق بىلەن، ئۇلار: «نىزامىدىن ئاكام بىر رەھبىري كادىر؛ ئۇ كىشى بۇ خوتۇننى ئەيۋاشقا كەلتۈرمەي قالماس» دەپ جەزم قىلىشقان ئىدى.

«دادامنىڭ كېلىپ قالغىنى ئوبدان بولدى،— دەپ پىچىرلايتتى مۇھەررەم ئۆز ئىچىدە،— دادام غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم ئەمەس.»

مۇكەررەممۇ ئۆز كۆڭلىدە مىقىملاشتۇرۇۋالاتتى: «مەن تۇرغان يەردە ئۇنىڭغا نىمە نۇۋەت؟ دادام بۇنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەس.»

نىزامىدىن ئاكامنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— قىزىم، نىمە بولدۇڭ، نىمىشقا يىغلايسەن دەۋاتىمەن، ئاناڭ قېنى؟ ھوي ئانىسى!...

مېھمانلارغا «جىندەك تەخىر قىلىشسىلا» دەپ ئۆزرە قويۇپ ھويلىغا چىققان ئىززەتخان ئاچا:

— مېھمان بار، ئاستىراق،— دىدى پەس ئاۋاز بىلەن.

— نىمە مېھمان؟

— يۇرسىلە، ئۆيگە كىرىپ سۆزلىشەيلى،— ئۇلار ئاۋاي-
لاپ يان ئۆيگە مېڭىشتى.

— نىمە مېھمان؟ — دەپ ئۆز سوئالىنى تەكرارلىدى نىزامىددىن ئاكام ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندىن كېيىن.

— بايىلا ئاچىسىنى سوراپ كەپتىكەن، ماقۇل دەپ جاۋاپ بەرسەم، ئەمدى سىڭلىسىنى دەپ كەپتۇ!

ئايالىنىڭ چىراي ۋە سۆزىدىن جىددى خاپىلىقنى بايقىغان نىزامىددىن ئاكا ھەيران بولۇپ سورىدى:

— بۇنىڭ نىمە يامىنى بار؟ بىزنىڭ بويىغا يەتكەن بىر جۈپ قىزىمىز بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭمۇ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن بىر جۈپ ئوغلى باردۇر. ئىككىسىنىڭ تويىنى بىرلا قىلىۋېتىش مۇددىئاسى بىلەن كەلگەندۇ.

— بىللىلا قىلىۋېتەرمىش!

— ئاكا - ئۇكىلارنىڭ خەتمە تويىنى بىللە قىلسا بولىدۇ - يۇ، چوڭ تويىنى بىللە قىلىشقا بولمامدىكەن؟

— نىمانداق غەرەز ئۇقمايدىغانلا؟ ئىككىسىنى ئەمەس بىرسىنى، ئاچىسىنى ئەمەس سىڭلىسىنى سوراپ كەپتۇ!

— جاۋاپ بەردىڭلارمۇ؟

— بەردىم.

— نىمە دەپ؟

—مۇنداق دەپ: ئولۇمدىن باشقا ھەر قانداق ئىش ئۆز نوۋىتى، ئۆز رېتى بىلەن؛ ئاكىسىدىن كېيىن ئۇكىسى ئۆيلىنىدۇ. ئاچىسىدىن كېيىن سىڭلىسى تۇرمۇشقا چىقىدۇ. ئەلىمىساقتىن تارتىپ ھازىرغىچە شۇنداق!

— ھازىرغىچە شۇنداق؟

— ھەئە، ھازىرغىچە شۇنداق. ئەر - خوتۇن، قان - قېرىنداش ئوتتۇرىسىدىمۇ شۇنداق. ھوكۇمەت خىزمىتىدىمۇ شۇنداق.

— ھوكۇمەت خىزمىتىدىمۇ شۇنداق؟

— يالغانمىدى ئەمىسە؟ مىيىغىدا كۈلۈۋاتقىنىنى تېخى، مېنى بىلمەيدۇ، ئۇقمايدۇ دېمىسىلە، ئۆيدىن چىققىنىم بىلەن ھەممىنى بىلىمەن.

— نېمىنى بىلىسىلەر؟

— بىلگىنىمنى دەۋېتەيمۇ؟

— دەڭلا قېنى.

ئىززەتخان ئاچا ئۆز سۆزىنى نىزامىدىن ئاكامنىڭ ئىدارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولدى.

ئىدارە باشلىقى پېنسىيىگە چىقىش ئىلتىماسىغا قەلەم تەۋرىتىشتىن بۇرۇنلا پۈتۈن ئىدارە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىز باسارى ھەققىدە ئاشكارا - يوشۇرۇن بەس مۇنازىرىلەر باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. «نىزامىدىن ئاكامدىن باشقا كىم بولاتتى؟ — دېيىشتى مۇتلەق كۆپچىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر تولۇق ئىشەنچ بىلەن، — نىزامىدىن ئاكامدەك سىياسى جەھەتتىن پىششىق، كەسپىي بىلىم قابىلىيىتى ئۈستۈن، ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك كادىرنى ئۈستەرمەي كىمنى ئۈستۈرىدۇ؟»

ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى. ئىدارە باشلىقى پېنسىيىگە چىقىپ ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن يۇقىرى رەھبەرلىك نىزامىدىن ئاكام بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولۇم باشلىقىدىن بىرنى ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۈستۈرۈپ ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى ھەم ئاساسى رەھبىردي يولداشنىڭ ئۆزى كېلىپ بۇ ئۇقتۇ-

روشەنى ئېلان قىلدى. ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ ئىشقا ھالاك - ناھەق بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى خاپىلىق، نارازىلىق ئالامەتلىرى شۇ ئاندىلا چىرايلىرىدا ئايان بولدى. بەزىلەر قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا ئاچچىق تاماكىسىنى ئۈزمەي شوراپ جىمجىت ئولتۇرسا، بەزىلەر «بۇ ئىشنىڭمۇ ئايىغى يېشتى» دېيىشىپ يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كېتىشتى. بۇ ھالنى كۆرگەن رەھبىرىي كادىر يىغىندىن كېيىنلا ئىككى - ئۈچ كىشىدىن پىكىر ئالغان ئىدى، ئۇلار تەڭلا جاۋاپ بېرىشتى: «نىزامىدىن ئاكامدەك ئىقتىدارلىق كادىر تۇرغان يەردە، ئۇنىڭدەك بىر چالا ساۋاتنى باشلىق قىلىپ قويغاندىن كېيىن ئىشنىڭ تۈگىشىكىنى شۇ - دە.»

رەھبىرىي كادىر ئۇلارغا مۇنداق دەپ چۈشەندۈردى:

— توغرا، سىلەر ئېيتقاندەك، يولداش نىزامىدىن ھەقىقەتەن ئىقتىدارلىق، ياخشى كادىر. بىراق، يېڭى باشلىقىڭلار پومىشچىك - زومىگەرلەرگە قارشى كۈرەش مۇنبىرىدە چىققان يىللاردا ئۇ تېخى مەكتەپ دەرۋازىسى ئىچىدىكى ئوقۇغۇچى ئىدى. يېڭى باشلىقىڭلار پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تەنتەنىلىك قەسەم بەرگەن كۈنلەردە ئۇ ئەمدىلا ئىتتىپاق قوينىغا كىرگەن ئىدى. يېڭى باشلىقىڭلار ئۇزاققا قالماي پېنسىيىگە چىقىدۇ. يولداش نىزامىدىننى شۇ چاغدا ئويلاشساقمۇ ئانچە كېچىكىپ كەتمەيمىز. ھەر ئىش ئۆز نۆۋىتى، ئۆز رېتى بىلەن بولۇش كېرەك - تە...

نىزامىدىن ئاكامنى قەدىرلەيدىغان بىرمۇنچە قىز - ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر بۇ خەۋەرنى ئىززەتخان ئاچىغا شۇ كۈنىلا يەتكۈزۈپ بولغان ئىدى. ئۇ، بۇ ئىشنى تەۋرىمەس ھەقە-

قەت تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويدى - دە:

— قانداق، بۇمۇ ئاچىسىنى ياتلىق قىلىپ بولمىغىچە سىڭلىسىنى تۇرمۇشقا چىقارمىغانلىق ئەمەسمۇ؟ — دېدى غالىبانە قىياپەتتە جەينەكلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۇرۇپ.

رەھبىرىي كادىرغا بېرىلگەن پىكىر مەلۇم خوشامەتكويي چىقىمچى تەرىپىدىن يېڭى باشلىققىمۇ يەتكۈزۈلگەن، شۇ سەۋەبتىن بۇ ئۈچ كىشى ئۈنىڭ يانىپىشىغا چىقىپ قالغان، نىزامىدىن ئاكامۇ ئۈنىڭ دارىتما سوز ئوقلىرىنىڭ ئاساسىي نىشانىسى بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا رەنجىش بىلەن دېدى:

— قويۇڭلار شۇ ئىشنى. باشقىراق گېپىڭلار يوقمۇ؟

ئىززەتخان ئاچا مۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە بوش كەلمەيتتى. شۇڭلاشقا ئۆز سوزىنى يېڭى - يېڭى ئەملىيەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولۇپ:

— بار، — دېدى ئىشەنچ بىلەن، — مۇئاش ئۇستۇرۇش ۋاقتىدا كىچىك ماشىنا ھەيدەيدىغان ئىككى شوپۇردىن قايسىنى باھالاشلا؟ يوۋاش شوپۇرنىمۇ يا ھىلىقى بەز قاپاقنىمۇ؟

نىزامىدىن ئاكامنىڭ يۈرەك يارىسىغا يەنە بىر قېتىم تۇز سېپىلگەندەك بولدى - دە، جىم بولۇپ قالدى ۋە ئازاپ ئىچىدە بۇ ۋەقەنى ئېسىگە كەلتۈردى:

بىر ۋاقىتتىلا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ، مەزكۇر ئىدارىغا تەقسىم قىلىنغان ئىككى شوپۇر بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا كىچىك ماشىنا ھەيدەيتتى. تېخنىكا سەۋىيىسى جەھەتتە بىر - بىرىدىن قېلىشمىسىمۇ، بايا ئىززەتخان ئاچا ئېيتقاندەك، بىرسى ئىشچان، يوۋاش - مۇلايىم، يەنە بىرسى گەدەنكەش، دودەن ئىدى. باھالانغۇچىلار ئومۇمى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ قىرىق پىر-

سەنئەتتىن ئاشماسلىق دېگەن شەرت بولغانلىقى ئۈچۈن ياخشىلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىسىنى تاللاشقا توغرا كېلەتتى. گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر تالاي سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق ھەق سوزلۇك، يۈۋاش شوپۇرنى تاللاپ بېكىتكەن ئىدى، دودەننىڭ پىكرى چىقتى:

— خىزمەت ئىستاژىم ئۈنىڭكىدىن بىر يىل ئۇشۇق تۇرسا، ئۇ باھالىنىپ، مەن قالامدىمەن؟ قانداق دېگەن ناھەقچىلىق بۇ!

— قانداقچە بىر يىللىق ئىستاژنىڭ ئۇشۇق بولۇپ قالدى؟ ئىككىڭلار بىرلا ۋاقىتتا خىزمەتكە چىققان ئەمەسمۇ؟

— قانداقمۇ بىرلا ۋاقىتتا بولسۇن؟ مەن 31 - دېكابىردا، ئۇ 2 - يانۋاردا خىزمەتكە چىقمىدىمۇ؟ يالغان بولسا، ئارخىۋىمىزنى تەكشۈرۈپ باقسۇن!

ئەسلىدە ئۇلار بۇ ئىدارىغا بىللىلا كەلگەن ئىدى. گەدەنكەشنىڭ رەسمىيىتى بېجىرىلىپ، يۈۋاشقا كەلگەندە، ئىشخانىغا بىرەيلەن كىرىپ:

— بايراملىق خاسىك مېغىزى كېپقالدى، ئېلىۋالامسىز؟— دېدى. رەسمىيەت بېجىرگۈچى قەلىمىنى توختىتىپ دەرھال سورىدى:

— چوقا - زاسۇيىچۇ؟

— بىر ماشىنا چوقا - زاسۇي كەلدى. تېزرەك چىقمىسىڭىز، ئېلىنغاندىسى قالارمىكىن.

— ئېلىۋالاي،— دەپ ئورنىدىن تۇردى خىزمەت بېجىرگۈچى، يۈۋاش:

— مەن ساقلاپ تۇرامدىمەن؟— دېگەن ئىدى، ئۇ:

— چۈشتىن كېيىن كېلىڭ،— دەپ قويۇپلا ئۇچقانىدەك

چىقىپ كەتتى. يېۋاش يىگىت كەلگەندە بولسا بۇ ئىشخانا ئىشىكىدە قوش مۇشتەك چويۇن قۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. دەرۋازىۋەندىن باشقا ھەممەيلەن بايراملىق يىمەكلىكلەر تارقىتىش ئورنىدا غاز قانىتىدەك تىزىلىپ تۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

— كورۇپ تۇرۇۋاتىسىز، بۈگۈن ھەممىمىز مانا شۇنداق ئالدىراش، ياخشىسى ئۆگۈنلۈككە كېلىڭ، — دەپ يولغا سالغان ئىدى قاتار ئىچىدە قىستىلىپ تۇرۇۋاتقان خىزمەت بىجىرگۈچى.

............

— نايىتى كەلسە ئىككى يىرىم كۈنلۈك پەرق ئىكەنغۇ؟ — دېيىشتى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، — بىر يىللىق ئىستاژىم ئۇشۇق دەپ يالغانچىلىق قىلىۋاتقىنىنى قاراڭلار!

— بايراملىق دەم ئېلىشنى چىقىرىۋەتكەندە، ئارانلا بىر كۈنلۈك پەرق، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— يولداش، كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىۋرەك سوزلەڭ! — دېدى گەدەنكەش تەكەببۇرلۇق بىلەن، — دىكابىرنىڭ ئوتتۇز - ئوتتۇز بىرى كونا يىلغا، يانۋارنىڭ بىرى يېڭى يىلغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى تېخىچە بىلمەمسىز؟...

يېۋاش شوپۇرنىڭ «بولدى، بۇ قېتىمقى باھالاشتىن قېپقالاي» دېگەن ئىلتىماسىغىمۇ قارىماي، ھەر ئىككەيلەننىڭ ماتېرىيالىنى تەڭلا يوللىغان ئىدى، ئىدارە باشلىقى «ئىستاژى ئۇزۇن»نى باھالاپ بېكىتىش پىكرىدە تاقا دىمىدەك چىڭ تۇرۇۋالدى. بۇ مۇزاكىرە جەريانىدا نىزامىدىن ئاكام دودەن شوپۇرنىڭ ماشىنىنى خۇسۇسىي سەيلى - تاماشا ئۈچۈن ئىشلىتىش، ئادەتتىكى رېمونتلىرىغا ئېتىۋارسىز قاراش، گەپ ئاڭلىماسلىقتەك قىلىق-

لىرىنى ئۆتتۈرىغا قويۇش بىلەن بىللە يۇۋاش شوپۇرنىڭ بىر قاتار ياخشى خىسلەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى بېكىتىش پېكرى-نى قويغان ئىدى، باشلىق:

— يولداش ئىزامىدىن، بىرلا ۋاقىتتا ئارقا - ئارقىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەرمۇ ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە ئادىتى بويىچە ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاپ بەردى، — ئەلۋەتتە، ئاۋال تۇغۇلغىنى ئاچا - ئاكا، كېيىن تۇغۇلغىنى ئۇكا - سىڭىل بولىدۇ. ئاكا - ئاچىلا بۇرۇن تۇغۇلغانلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇرۇنراق ئۆيلىنىدۇ، بۇرۇنراق ياتلىق قىلىنىدۇ. شۇنداقمۇ - شۇنداق ئەمەس؟ كەينى كەينىدىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەرنى ئاكا - ئۇ-كا دەپ ئايرىغان يەردە، ئىمىشقا بىز بۇ ئىككى شوپۇرنى خىز-مەت ئىستاژى جەھەتتە ئاكا - ئۇكا دەپ ئېتىراپ قىلمايمىز ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاكىلىق ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويمايمىز؟

............

بۇلار ئۆزۈندىن بۇيان ئىزامىدىن ئاكامنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقان، ئوغىسىنى قاينىتىۋاتقان ئىشلار ئىدى. خىزمەت ئىقتىدارى، جۈرئىتى، خىزمەت ئۈنۈمى ۋە ئەخلاق - پەزىلىتىگە قاراش كېرەكمۇ ياكى نۇقۇل ھالدا ئىستاژىغا يېپىشىۋېلىش لا-زىممۇ؟ ئۇزۇن يىللىق ئىستاژنىڭ قولىدىن تۈزۈككىنە ئىش كەل-مەيدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ پاراغەتلىك ئۆمۈر سۈرۈش دەس-مايىسىغا ئايلىنىپ قېلىشىغا يول قويۇۋەرگىلى بولامدۇ؟ مەركەز-نىڭ تەشەببۇسىغا ۋە دەۋر تەلىپىگە زىت بولغان مۇنداق فېئو-دالىق ئائىلىۋى مۇناسىۋەتنىڭ بىزنىڭ ئىنقىلاۋى قوشۇنىمىزدىكى

ئىللەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىش كېرەكمۇ - يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللار تورى ئىچىدە قانچىلىغان تۈنلەرنى تاڭغا ئۇلىغان ئىدى ئۇ.

نىزامىدىن ئاكامنىڭ جىم بولغانلىقى ئىززەتخان ئاچا ئۈچۈن غەلىبە ھېساپلاندى بولغاي:

— قانداق؟ ئەمدىغۇ قايىل بولغانلا؟ — دېدى ئۇ غالىبانە قىياپەتتە، — ئۆي تەقسىم قىلىش ئىشىنىمۇ بىر ئۆيلەپ باقسىلا. ئايۇپ ئاخۇن ئەر - خوتۇن ئىككى جان؛ ئوغلى بىلەن كېلىن - نەۋرىسىنى قوشقاندا بەش جان. ئوغلىنىڭ خىزمىتى بۇ ئىدارىدا ئەمەس، كېلىنىمۇ باشقا ئىدارىدا ئىشلەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭغا كەڭ - كۆشادە ئۈچ ئېغىز ئۆي بېرىشلە، تېخىچە بىر ئېغىز ئۆيدە قىسىلىشىۋاتقان ئىنايەت ئاخۇنغا بىرىشمىلىغۇ؟ ئۇلارمۇ بەش جان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىزى ئون ئالتە ياشقا، ئوغۇللىرى ئون - ئون تۆت ياشقا كىرىپ قالدى. بىر ئېغىز ئۆيدە قانداقمۇ يېتىپ قوپۇۋاتقانلىقىنى ئويلاشمىلىغۇ؟ ئاڭلىسام، ھېلىقى باشلىغۇچلار، ئايۇپ ئاخۇن خىزمەت ئىستاژى جەھەتتە ئاكا، ئىنايەت ئاخۇن ئۇكا، ئالدى بىلەن ئاكىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلايلى دەپتىغۇ؟ ئاۋال ئاچىسىنىڭ بېشىنى ئوڭلىۋالايلى دىگىنىمۇ ئاشۇنداق گەپ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ نەرى خاتا ئىكەن؟...

ئىززەتخان ئاچا «ئېغىز ئاچالماس قىلىۋەتتىم» دەپ خۇشال، ئۈن - تىنسىز ئولتارغان نىزامىدىن ئاكام بولسا، ئۇنىڭ ئۆز تىلىغا ئۆزى پىچەت سېلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ:

— دەپبېقىڭلار. ئاشۇ ئىشلارغا چىن كۆڭلۈڭلاردىن رازىمۇسىلەر؟— دەپ سورىدى مۇلايىملىق بىلەن. ئىززەتخان

ئاچا ساددىلىق بىلەن جاۋاپ بەردى:
— مۇنداق ناھەقچىلىقلارغا كىم رازى بولىدۇ؟ چوڭ-
كىچىك ھەممەيلەننىڭ كوڭلىدە شۇنداق نارازىلىق!
— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاچىسىنى ياتلىق قىلماي
تۇرۇپ سىڭلىسىنى چىقارماسلىق دېگەندەك كونا قائىدە- يوسۇن-
نىڭ بىزنىڭ خىزمىتىمىزدىكى ئىپادىلىرى، شۇنداقمۇ؟
چېك يەردىن تۇتۇلغان ئەززەتخان ئاچا تىنالماي قالدى.
نىزامىددىن ئاكام ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇراجەت قىلدى:
— ئانىسى، باللارنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە
ئەزەلدىن سىلىگە يول قويۇپ كەلدىم، گېپىڭلارنىڭ شېخىغا
ئۇرۇۋەتكەن يېرىم يوق... ئىككى قىزنىڭ بىرسىنىمۇ ياتلىق قىل-
ماي ساقلاۋەرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ قايسىسى تۇرمۇش قۇرۇش
شەرتىگە لايىق بولسا، تۇرمۇش قۇرۇۋەرسۇن، بەختىنى تېپىۋەر-
سۇن. بۇ شەرت ئۆزىگە مۇناسىپ يىگىتنىڭ خېرىدارلىغى، چى-
قىڭلار، ئۇ كىشىنىڭ نام - ئەھۋالىنى مۇھەررەمدىن ئېنىقراق
سوراپ كىرىڭلار.
— سورايدىغان يەنە نېمىسى بار؟— دېدى ئەززەتخان
ئاچام قىيىداپ،— نەچچە يىلدىن بۇيان كاككۇك بىلەن زەينەپ
بولۇپ يۈرۈشكەن تۇرسا.
— مەن ئالىمجان ئىسىملىك بىر كىشىنى بىلىمەن،—
دەپ چۈشەندۈردى نىزامىددىن ئاكام،— ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئىلمىي
ماقالىلىرىنى ۋە ئىككى كىتاۋىنى ئوقۇغانمەن.
— سىڭلىسى، ئاكامنىڭ ئۈچ كىتاۋى چىققان، دەپ
پوچىلىق قىلىۋاتىدۇ تېخى!
نىزامىددىن ئاكام «بىر كىتاۋىنى مەن كورمەپتىمەن - دە»

دېدى ئۇز كۆڭلىدە ۋە سۆيۈنۈش بىلەن تونۇشتۇردى:
— ئانىسى، ئۇ كىشى بىلىم ئەھلى ئىچىدە ئالاھىدە ئىززەت - ئىناۋەتكە ئىگە بولغان ياش پروفېسسور!
— دوختۇر دەپ يوغان سۆزلەيدۇ تېخى!— ئىززەتخان ئاچا تېرىكىپ.
— كىم؟
— زۇۋاندار از سىڭلىسىدىن باشقا كىم بولاتتى؟
— دوختۇر؟ ئۇنداق دېمىگەندۇ؟
— شۇنىڭغا يېقىنراق بىر نىمە دېگەنتىغۇ؟
نىزامىدىن ئاكام بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن سورىدى:
— لېكتور دېدىمۇ— يا؟
— ھە، شۇ - شۇ.
— تېخىچە لېكتورمىكەن؟— دېدى تازا ئىشەنمەستىن،— شۇنچە ئىلمى ئەمگەكلىرى بىلەن ئالەمگە تونۇلغان بىر كىشىنىڭ ھېچبولمىسا، مۇئاۋىن پروفېسسور بولمىغىنى نېمىسى؟
ئىززەتخان ئاچا «لېكتور، پروفېسسور» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمىسىمۇ، ھەتتا ئۇلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىسىمۇ، بايىقى سوھبەتلەر جەريانىدا مېھرىبانىسا خانىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان مۇشۇ ھەقتىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئېرىگە ئىزھار قىلماي تۇرالمىدى.
— بۇ كىشىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ھىلىقى نامى ئالالمىغانلاردىن بىرمۇنچىسى بار ئىمىش. ئۇلار تېگىمگە يېتەلمىگەن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى شۇ كىشىدىن سوراپ بىلىۋالارمىش. ئات قويىدىغان ۋاقىتتا (ئۇنۋان بېكىتىش ۋاقتىدا) ئۇلار بىزدەك پىشقەدەم تۇرغان يەردە، شاگىرتىمىزغا نىمە كەپتۇ؟ ھەر

ئىش ئۆز نۆۋىتى، ئۆز رېتى بىلەن بولسۇن، دەپ غەۋغا كۆتەرگەنمىش. شۇڭا...

ئىززەتخان ئاچا ئاڭلىغانلىرىنى چۈشىنەرلىك ھالدا سۆزلەپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، نىزامىددىن ئاكام ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.

— ئاچىسىنى ياتلىق قىلماي تۇرۇپ سىڭلىسىنى چىقارماسلىق دېگەن فېئوداللىق قائىدە - يوسۇننىڭ قارا كۆلەڭگۈلىرى يېڭى دەۋرىمىزنىڭ قىسمەن ئىلمىي ئۇنۋان باھالاش مەيدانلىرىدىمۇ ئەگىپ يۈرۈپتۇ - دە! — دېدى تاقەتسىزلىك بىلەن ۋە خوتۇنىغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، — ھۆكۈمەت پۈتۈن سەپ بويىچە زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. «رەت - نۆۋەت» دەيدىغان گەپلەرنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسىدىغان كۈنلەر كېلىۋاتىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئىسلاھاتنى بىز جان - دىل بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەيلى. ئاچىسىدىن بۇرۇن سىڭلىسىنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشىغا رازى بولغانلىقىمىز مانا شۇ ئىسلاھاتنى چىن يۈرەكتىن قوللىغانلىقىمىزنىڭ تۇنجى دەلىلى بولۇپ قالسۇن، قانداق؟...

نىزامىددىن ئاكام بۇ ۋاپادارنىڭ بالايى - ئاپەتلىك ئون يىلدا قىلغان ئۇنتۇلماس ياخشىلىقلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتكەندە، ئىززەتخان ئاچا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ئىدى. نىزامىددىن ئاكام ئازراق سەۋرى - تەسەللى بەرگەندىن كېيىن مۇھەررەمنىڭ ئۆز ئاچىسىغا يول قويۇپ مۇشۇ كۈنگىچە گەپ - سۆزسىز كەلگەنلىكىنى ماختىدى ۋە ئاچىسىغا قاراپ تۇرۇۋەرمەي، تويىنى قىلىۋېتىش پىكرىنى تەكىتلىدى. «يۇ-

شاق سوز تاشتى ئېرىتىدۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى قاملاشمىغان كونا قائىدە - يوسۇن مۇزلىرى ئاستىلاپ ئېرىپ تۈگەشكە باشلىدى.

— ئۇلارنى تولا تەقەززا قىلمايلى، تۇرۇڭلار، جاۋاپ بېرىشۋېتىپ كېرىڭلار، — دېدى نىزامىدىن ئاكام مۇلايىملىق بىلەن.

ئاساسەن قايىل بولغان، بولۇپمۇ خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئالاھىدە ئىززەت - ئىناۋەتكە ئىگە بولغان مۇنداق بىر ئىقتىدارلىق يىگىتكە قېينانا بولۇشنى ئۆزى ئۈچۈن ئابروي دەپ بىلگەن ئانا يېنىككىنە قوزغالدى - دە، ئېزىز مېھمانلىرىغا ئۈچۈكۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاپ بەردى.

— ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل بولۇشتىن قەتئىينەزەر كىمنىڭ شەرتى پىشىپ يېتىلگەن بولسا، توي قىلىۋەرسۇن. ئۆز بەختىنىڭ ماغزىنى چېقىۋەرسۇن. رەت - نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە كېرىكى؟ مۇنداق خۇداللىق ئاچا - سىڭىللىق مۇناسىۋەت شۇنچە يىللاردىن بۇيان كىمگە نەپ بەردى؟!

1983 - يىل ئىيۇن، قەشقەر.

# پەزىلەت

(پوۋېست)

## تاشلاندۇق بوۋاق

پەزىلەت چوچۇپ ئويغاندى ـ دە، كارۋات بېشىغا باغلاپ قويۇلغان چىراق يېپىنى تارتتى، لامپۇچكا يانمىدى، «يەنە توك كەلمەپتۇ ـ دە، ــ دېدى ئۇ جىلى بولۇپ، ــ قانداق ئىستانسا بولدى بۇ! بىردەم توكلاپ، بىردەم يار كېتىپ، بىر كۈن ماڭسا ئۈچ كۈن توختاپ قېلىۋاتقان، يەنە نىمە بولغاندۇر ئۇنىڭغا؟...»

قىز ياستۇق ئاستىدىكى سەرەڭگىنى سىلاپ تاپتى، قول سائىتىگە بىر قاراپلا كۆڭلى جايىغا چۈشتى: «ئۈلگۈرىدىكەنمەن».

ئىككىنچى قېتىم يېقىلغان سەرەڭگە پەنەرگە جان ئاتا قىلدى. ئوي ئىچى غۇۋا يورىدى. پەزىلەت ئالدىراش كىيىندى: نۇسرەتخان ئانىغا ئۇزۇنىراق كېلىدىغان قارا دۇخاۋلى كويىنەك پەزىلەتكە سەل قىسقا كېلەتتى. ئۇ، مايسىرەڭ يۇڭ پوپايكىسى ئۈستىگە ئانىسىنىڭ جىگەررەڭ سوكنو پەلتوسىنى كىيدى ۋە ئانىسىنىڭ كونىرىغان ماميۇ دوپپىسىنى باسۇرۇپ كىيىپ، زىغىررەڭ

تور رومالنى ئارتتى، ئاپپاق ماسكىنى تارتتى. پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. نۇسرەتخان ئانا ھېچنەمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى. پەزىلەت ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كوزلىرىگە، ئەنسىز سولغۇن يۈزلىرىگە چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتىش بەلەن تىكىلدى: «ھەلىقى قايناق يىللاردا، قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى رىزىۋانگۈل بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، گومىنداڭ باسقۇنچىلىرىغا قارشى تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلغان باتۇر ئايال ... ھەي ... مانا ئەمدى ... ئىسىت ئانام، جېنىم ئانام ...» دەپ ئىڭىر ئۇھ تارتتى. يېقىندىن ئۈزۈلگەن بىر جۈپ مەرۋايىت قېلىن قار ئاستىدا غايىپ بولغاندەك، ئۇنىڭ مايسىرەڭ فويۇق كىرپىكلىرىدىن ئىرغىغان ئىككى تال شەبنەم ئاپپاق ماسكا قويىنىغا سىڭىپ كەتتى. «جېنىم ئانام! — دەپ تەكرارلىدى قىز، — ئىككى - ئۈچ كۈندىن بۇيان ئاشلىق ماگىزىنى ئالدىدا تۈننى تاڭغا ئۇلىدىڭ. كوزۈڭنى ئاچقىچىلىك ھالىڭ قالماپتۇ، ئۇخلىغىن ...»

پەزىلەت پەنەرنى ئۆچەردى. ئىشىكنى قانداق سىلىق ئاچقان بولسا، يەنە شۇنداق ياپتى. تونۇر بېشىدىن ئۇزۇن سۇبۇرگىنى ئاپتى - دە، كوچىغا راۋان بولدى.

تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇچىلىق. پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇ بوشىگىدە تەۋرەنمەكتە.

مەن ئۇزەم غېرىپ بەندە،
كېيگىنىم كۆلا - جەندە.
ماڭا بۇ دەرت ئەلەمنى،
كىملەر قىلغان بەخشەندە ...

ئاپرېل شامىلى قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان بۇ ناخشا سا-
داسى جىمجىت شەھەر كېچىسىدە تەۋرىنىۋاتقان ئاشۇ بۆشۈكنىڭ
«ئەللەيى» بولۇپ، پۈتۈن شەھەرنى ئارىلىماقتا ۋە پەزىلەتنىڭ
كۆڭۈل جاھاننامىسىدا ئاجايىپ-غارايىپ كۆرۈنۈشلەرنى نامايەن
قىلماقتا:

... ئەنە، بوينىغا تاختا ئېسىلغان، بېشىغا نەچچە غۇلاچ
قەغەز قالپاق كىيدۈرۈلگەن ئۇنلىغان-يۈزلىگەن «كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» لار؛ شۇ قاتاردا قوللىرى چەمبەرچەس
باغلىنىپ، كوچا ئايلاندۇرۇلۇپ سازايى قىلىنىۋاتقان زىياۋىدىن
ئاكام ...

... پۈتۈن شەھەر ئاسمىنىنى تىرەپ تۇرغان ھەيۋەتلىك
ھېيتكار مۇنارىنىڭ ئالدىدا ئوت-يانغىنى كۆتۈرۈلمەكتە.
نەچچە مىڭ يىللىق ئەقىل-پاراسەتنىڭ بىباھا جەۋھەرلىرى —
قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەتلەر، ئۇلۇغ قامۇسلار، ئېسىل داستانۇ-
دىۋانلار «فېئوداللىزم ۋە شىۋجېڭجۇيىنىڭ قارا ماللىرى» دېگەن
جىنايى بەدنام بىلەن ئوت دېڭىزىگە غەرق قىلىنماقتا؛ دىللارغا
ھۇزۇر ۋە كۈچ بېغىشلايدىغان، يېقىملىق مىللىي ناخشىلار ئېلىنغان قانچە يۈز-
لىگەن پىلاستىنكىلار ئۇرۇپ چېقىلماقتا، كۆيدۈرۈلمەكتە. گويا خەلقىمىز-
نىڭ يۈرەك-قەلبى كۆيدۈرۈلمەكتە. كۆز گۆھىرى كۆيدۈرۈلمەكتە! ...

... ئەنە، «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم
بىلەن قوغدىنىش» دېگەن ئېزىتقۇ شوئارنى دەستەك قىلى-
ۋالغان بىر ئۇچۇم قارا نىيەتلەرنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا نەيزە-
كالتەكلەر بىلەن قوراللىنىپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرگەن دېھقان-
لارنىڭ ئاتلىق قوشۇنى؛ قانچىلىغان بىگۇناھ ئوغۇل-قىزلار ئاشۇ
كالتەكلەر زەربىدىن ئاسپالت يول ئۈستىگە يىقىلماقتا. توت ئاياق-



لىق مەخلۇقلار بولسا، تاقىلىق تۇۋاقلىرى بىلەن ئۇلارنى دەس-
سەپ - چەيلەپ ئۆتمەكتە. بۇ بىگۇنا ئوغۇل - قىزلارنىڭ مېھ-
رىۋان ئاتا - ئانىلىرى ۋە جان كويەر سەپداشلىرى ئۇلارنىڭ
قانلىق جەسەدى ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتماقتا ...

... ئەنە، پۈتۈن شەھەرگە زىننەت بېرىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك، گۈزەل نەقىشلىك شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى كۆيمەكتە. كۆيدۈرگۈچ ئوت، بورۇختۇم ئىس پۈتۈن شەھەر ئاسمىنىنى قاپلىماقتا ....

پەزىلەت يول سۈپۈرمەكتە، ئەمدىلا سۈپۈرۈلگەن يوللار تېرەك پوتىلىرى بىلەن كۆمۈلمەكتە ئىدى. پەزىلەت بىر سىقىم پوتىنى ئالقىنىغا ئالدى. «مەن سېنى ياخشى كۆرەتتىم، — دېدى ئۇ ئالقىنىدىكى يوشاق پوتىغا قاراپ، — سەن چۈشۈپ ئاز ئوتمەستىنلا تېرەكلەر تەڭگە بولاتتى، كاككۈك كېلەتتى. كاككۈك ناۋاسىدىن جېنى سۆيۈنمەيدىغان كىم بار؟ ... — ئۇ، بىر ئۇلۇق-كىچىك تىندى، — بىراق ...» دەپ توختاپ قالدى، قوللىرىنى قاتتىق يۇمدى. پوتىلا بىر تال چالمىغىلا ئوخشاپ قالدى. پەزىلەت ئىختىيارسىز ئالقىنىنى ئاچتى، ئۆيزۈل پوتىلا شامالدا سورۇلغان تالقاندەك چېچىلىپ كەتتى.

پەزىلەت ئانىسىغا تېگىشلىك بولغان نەچچە يۈز مېتىرلىق كوچىغا ئىككىنچى رەت سۈپۈرگە سېلىۋاتقاندا، قەيەردىندۇ، مۇڭلۇق ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

مەن نەگە بارالايمەن،
بويىنۇم قىلدا باغلاقلىق.
ھەربىر باسقان قەدىمىم،
مىڭ كۆز بىلەن پايلاغلىق ...

بۇنداق خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇش ئاللىقاچان مەنئى قىلىنغان ۋە جىنايەت ھېساپلىناتتى. خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتقان جىنايىتى ئۈچۈنلا قاراڭغۇ ئۆيلەرگە قامالغان، سىم قامچىلار ئاستىدا

باش ـ كوزى يېرىلغان ياكى ئېغىر جەرىمانە تۆپەيلىدىن بار ۋەس-
لىدىن ئايرىلىپ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەنلەرنى ئاز دەمسىز؟
لېكىن ناخشا ـ ئۇسۇل ماكانىنىڭ يىگىت ـ قىزلىرى ئۇز ئەج-
دادلىرى ياراتقان بۇ ناخشىلارنى ھەرقانداق چەكلەش ـ بېسىم-
لاردىن قورقماي ئېيتىۋېرەتتى. كۈندۈزى چەكلىسە كېچىلىرى،
شەھەردە چەكلىسە يېزىدا، يېزىدا چەكلىسە تاغ قاپتاللىرىدا،
سازلىق ـ قۇمۇشلۇق قىرلىرىدا ئېيتىۋېرەتتى. بۇ ناخشىنىڭ ھازىر
ئاڭلىنىشى پەزىلەتنى ھىچقانچە ئەجەپلەندۈرمىدى. بەلكى ئۇنىڭ
سولغۇن كوڭلىگە ئىلھام ـ مەدەت كەۋسىرىنى توكۇپ ئوتتى،
«بىزنىڭ خەلقىمىز ئاجايىپ خەلق، ـ دەپ پىچىرلىدى پە-
زىلەت، ــــ پۈتنى كىشەن يالاپ، بويىننى قوۋۇق سىقىپ تۇرسىمۇ،
يەنىلا ناخشا ئېيتقىنى ئېيتقان. ئولۇم مەيدانىغا ناخشا ئېيتىپ
بارىدىغان خەلق ـ دە! ...»

ئۇزۇن سۈپۈرگە ئۇزىنىڭ يىرىك تىلى بىلەن بۇ كوچىنى
ئىككى نۆۋەت يالاپ چىقىپ، ئون نەچچە يەرگە ئەخلەت دۆۋى-
سى ھاسىل قىلدى. «بۇلار، ــــ دىدى پەزىلەت بىلىنى رۇسلاپ، ــــ
ئەتىگەندىن كەچكىچە سۈپۈرسىمۇ يەنە شۇ!»

پەزىلەت ئەخلەت دۆۋىلىرىنىڭ ئىشەك ھارۋىلىق كارۋانلار
تەرىپىدىن تاڭ سۈزۈلمەستىن بۇرۇنلا ئېلىپ كېتىلىدىغانلىغىنى
بىلەتتى. ئۇ، سۈپۈرگىسىنى سورەپ، ئوي تەرەپكە يۈزلەندى.

«ئىڭگە ـ ئىڭگە ـ ئىڭگە ....»

پەزىلەت چوچۇپ كەتتى، ئالدى ـ كەينى تەرەپكە قا-
رىدى. كېلىۋاتقان بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كورۇنمەيدۇ: يىرا
ياقىسىدىكى ئويلەر تەرەپكە قۇلاق سالدى، بۇ ئويلەرمۇ جىمجىت.
«قەيەردىن چىقىۋاتقان ئاۋازدۇ بۇ؟» پەزىلەت ئارقىسىغا يانىدى،

ئاۋاز چىققان تەرەپنى كوزلەپ ماڭدى.

ئەنە، پەزىلەت ئەڭ دەسلەپ سۆيپۈرگە سالغان دوقمۇشنىڭ سول بۈرجىكىدىكى كونا مەسچىت بوسۇغىسىدا بىر قارا نەرسە مىدىرلىماقتا، «ئىڭگە ـ ئىڭگە ـ ئىڭگە» دەپ يىغلىماقتا.

«بالا! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى پەزىلەت ۋە سۆيپۈرگىنى تاشلاپلا ئۇنى قولىغا ئالدى، — كىمنىڭ بالىسىدۇر؟ ...»

بالا قېلىن يوگەككە ئورالغان ۋە يىپ بىلەن پۇختا چىگىلگەن ئىدى. بېشىدىكى بوسىمىسىمۇ چوكۇرۇپ كېگۈزۈلگەن ئىدى. تاڭ سۈزۈلمىگەن، بالىنىڭ چىرايىنى ئېنىق كورگىلى بولمايتتى، بوۋاقنىڭ تىنىمسىز يىغىسىدىن پەزىلەتنىڭ يۈرەك تارلىرى جىغىلدايتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن نېرۋا سېستىمىسىنى قورشىۋالغان شۇ تاپتىكى تۈمەن خىل سوئال ۋە هاياجانلىق پىكىرلەرنى تووەندىكى مىسرالار ئۇستىگە مۇجەسسەملەشتۇرۇش مۇمكىن ئىدى:

جاهالەت ئىلكىدە ئالەم، كورۇپ بولمايدۇ چولپاننى،
جۇدۇن لەشكەرلىرى قىينار سوغاق نەشتەر ئۇرۇپ جاننى.
نىمشقا، قايسىبىر نامەرت ـ كويۇمسىز تاشلىدى ئىزسىز،
ئانا مېھرىگە زار ـ تەشنا بوۋاقنى ـ ئۇشبۇ پاخلاننى؟
ئوغۇلمۇ، قىزمۇسەن، پەرزەنت، ئاتاڭنىڭ ئىسمى كىم، نەدە؟
ئېتىڭ ـ ئىسمىڭنى كىم قويغان ئوقۇپ ئايەتنى ـ قۇرئاننى؟
ئانىلىق قەلبىنىڭ پەرزەنت ئەمەسمۇ بىر تېڭى ـ پارى،
ئۇلۇغ ئىنسان ئەمەس، ئوغرى مۇشۇك يىمەمدۇ ئاسلاننى؟!
يۈرەكنى ئەزمە زار يىغلاپ، ئالاي قوينۇمغا، ئەي پەرزەنت،
خەتەردىن قۇتقۇزۇشتىن زور شەرەپ يوق نەسلى ئىنساننى!...

# دىلمۇرات

بوۋاقنىڭ يىغىسى نۇسرەتخان ئانىنى چوچۈتۈپ ئويغاتتى:

— پەزىلەت بالام، — دەپ ئەنسىز ۋاقىرىدى، — سەن بارمۇ؟

— مەن بار، — دېدى پەزىلەت بوۋاقنى ئانا تەرەپكە ئەپكېلىپ ئۇزىتىپ، — تۇتۇپ تۇرغىنا، چىراقنى ياقاي.

پەنەرنىڭ كوزىدىن نۇر چاقنىدى. بەلنىڭ يۇقۇرىسىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، ياستۇققا يۆلەنگىنىچە بوۋاقنى تۇتۇپ تۇرغان ئانا هاڭ-تاڭ بولۇپ سورىدى:

— كىمنىڭ بالىسى؟

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن؟ ساڭا كىم بەردى؟

— ھېچكىم.

— ھېچكىم دېگىنىڭ نېمىسى؟

بايىتىن بۇيان پۈتۈن ئىسيادى بوۋاق بىلەنلا بولۇپ كەتكەن ئانا ئەمدى پەزىلەتنىڭ ئۇستىۋېشىغا سەپسالدى. پەزىلەت ھەر قېتىم ئانىسى ئورنىدا كوچا سۈپۈرۈشكە چىققاندا، بەزى كويدۇرگىلەرنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئانىسىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى كىيىۋالاتتى. پەزىلەتنى بۈگۈنمۇ شۇ ھالەتتە كورگەن ئانا:

— يەنە كوچىغا چىقىپسەن-دە، — دېدى ئىچ ئاغرىتىش بىلەن، — كېسىلىڭنىڭ دەردىنى تارتساڭ بولماسمىدى؟

— قارىسام، ھېدىرلىغۇچىلىگىمنىڭ قالماپتۇ، — دېدى پەزىلەت كاۋا چېچىگى رەڭلىك سارجى يوپكىسىنىڭ پېسادىغىنى ئېتىۋېتىپ.

پەزىلەت بوۋاقنى قولىغا ئالدى، ئانا دەرھال كېيىندى ۋە ئورنىنى يىغىشتۇردى، كورپە سالدى. پەزىلەت بوۋاقنى ياتقۇزدى، پەنەرنى يېقىن ئەكىلىپ بوۋاققا سىنچىلاپ قارىدى.

— تۇنجى بالا، — دېدى نۇسرەتخان ئانا بوۋاقنىڭ بېشىغا ۋە ئات باغرى دۇخاۋا يوگىمىگە قاراپ. يوگەكنى سىقىمداپ كورۇپ بۇ ھوكۇمنى جەزملەشتۇردى.

— قانداق بىلدىڭ ئانا؟

— قارىمامسەن، بېشىنىڭ چوڭلۇغىنى؛ تۇنجى بالىنىڭ بېشى يوغانراق بولىدۇ. يوگەك يېپ - يېڭى، يۇيۇلمىغان؛ پاختىسى يۇمشاق، چەل بولمىغان، — يوگەكنى يەشتى.

— ئوغۇل بالا! — دەۋەتتى ھەر ئىككىيلەن تەڭلا.

بوۋاقنىڭ سول قولتىغىدا ئېمىزگە تۇراتتى. ئۇ، پىششىق يېپقا ئوتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئىلگەك بىلەن سول مۇرىسىگە ئىلىپ قويۇلغان ئىدى. ئوڭ قولتۇغىدا لىق سۇت تولدۇرۇلغان ئېمىزگە شىشىسى تۇراتتى. نۇسرەتخان ئانا شىشىنى تۇتۇپ كوردى. سۇت بالىنىڭ بەدەن ھارارىتى تەپتىدىن تېخى ئوز ئىسسىقلىقىنى يوقاتمىغان ئىدى. ئېمىزگىدىكى سۇتنىڭ يېرىمى بالىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى. يىغىسى ئەمدى پۇتۇنلەي بېسىلغان ئىدى. نۇسرەتخان ئانا بوۋاقنىڭ پوسمىسىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ كۆچار كورپىسىدەك قاپ - قارا، يۇمشاق، بۇدرە چاچلىرىنى سىلىدى. قىزغۇچ قاش ئىزلىرىغا ۋە تەشنالىق بىلەن تەلپىنىپ تۇرغان يۇپ - يۇمۇلاق كوزلىرىگە تىكىلدى.

— لەۋلىرى ئەجەپ نېپىز ئىكەن، — دېدى پەزىلەت بالىغا سىنچىلاپ قاراپ، — بۇرنى پاناقراقمۇ نېمە؟

ئانا چۈشەندۇردى:

— سەن تۇغۇلغاندا، يۈرىكىڭنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەينەككە قاراپ باققىنا، سەندىكى قاڭشا ھېچقانداق قىز بالىدا يوق، جىنى ئىسەن بولسا، ئاجايىپ قاڭشالىق يىگىت بولىدۇ، بۇ!

ئۇلار بوۋاققا يەنە بىردەم قاراپ تۇردى. پەزىلەتنىڭ سوئالى ئارىغا چۈشكەن بىر مىنۇتلۇق جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— مۇشۇنداق بالىنى تاشلىۋېتىشكە چىدىغان قانداق تاش يۈرەك خوتۇندۇ ئۇ؟ بالىسىنى يەيدىغان مۈشۈك ئىكەن-دە!

كۆپنى كۆرگەن، ھايات ھادىسىلىرىنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلەيدىغان تەجرىبىلىك ئانا ئۆز پەرەزلىرىگە ئاساسەن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن مۇنداق يەكۈن چىقاردى:

— ئانا، مېنىڭچە ئۇنچىمۇ تاش يۈرەك ئانا ئەمەس، بەلكى پەرزەنت كۆرۈشكە تولىمۇ تەشنا ئانا. شۇڭلاشقا ئۇ، تۇغۇشتىن ئىلگىرىلا بوۋاقنىڭ تەييارلىقىنى ناھايىتى پۇختا ئىشلەپ پۈتتۈرگەن. ئىخلاس بىلەن تىكىلگەن يۆگەك، پوسما ۋە بالىنىڭ كىيىملىرى بۇنىڭ ئىسپاتى. ئۇ، ئۆز پەرزەنتىنىڭ قانداقلا بولمىسۇن ھايات قېلىشىغا تەشنا. بالىنىڭ يۆگەككە مەھكەم ئورۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تېرىكچىلىك يولىدا قىمىرلاش باشلىنىش ئالدىدا مېچىت بوسۇغىسىدا قويۇلۇشى بۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلايدۇ. ئېيتقىنا، پۈتۈن شەھەردە چېقىلماي قالغان بىردىن بىر مېچىت ئەمەسمۇ بۇ؟

پەزىلەت ئانىسىنىڭ تەھلىلىگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولسىمۇ، لېكىن بىر چىگىش سوئال ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئومىچۇكنىڭ پۇتىدەك قامىۋالغان ئىدى:

— ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆز قۇچىقىدا ئۆز سۈتى بىلەن چوڭ قىلمايدۇ؟

— بالام، بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە بۇنىڭغا جاۋاپ تېپىش ئانچە قىيىن ئەمەس، — دەپ جاۋاپ بەردى نۇسرەتخان ئانا، — مانا كورۇپ تۇرۇپسەنكى، بۇ ئائىلە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان ئائىلە ئەمەستەك تۇرىدۇ.

— دىمەك، ئۇنسۇر① نىڭ بالىسى ئىكەن-دە؟ — دەپ ئۆز گۇمانىنى ئوتتۇرىغا قويدى پەزىلەت.

— مۇمكىن، — دەپ تەستىقلىدى ئانا، — بۇ كۈندە ھەممىدىن تولا نەرسە ئۇنسۇرغۇ؟

— قانداق قىلىمىز؟

پەزىلەت بۇ سوئالنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ماۋۇلارنى كوزدە تۇتقان ئىدى: زىياۋىدىن ئاكىنىڭ «7-ماي» كادىرلار مەكتىۋىدە ئىدىيە ئۆزگەرتىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى مۇئاشىنىڭ پەقەت يېرىمىنىلا بېرىشىدۇ. نۇسرەتخان ئانا ئاتاقلىق بالىلار دوختۇرى ئىدى. ھەممە ياق قاتمۇ-قات ئەلەم كورۇشى قورشاۋىدا قالغان، دوختۇرخانا ئۈستىدە ئوقلار ۋىژىلداپ، ئىچى-سىرتىدا قول بومبىلىرى يېرىلىپ تۇرغان، كېسەل كورۇش مۇمكىن بولماي قالغان ئەھۋال ئاستىدىلا، ئائىلىسىگە قايتىپ تۇرغان ئىدى. ھەرخىل، ھەر ياڭزا كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان پەرزەنتلىرىنى كوتەرگەن ئاتا-ئانىلار ئىزلەپ كېلىۋەردى. نۇسرەتخان ئانا كوڭۇل قويۇپ تەكشۇرۇپ، رېتسىپ يېزىپ بەردى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەسكەرتتى. ئۇ كورسەتكەن دورىلارنىڭ كوپچىلىگىنى دورىخانىدىن سېتىۋېلىشقا بولاتتى.

① ئۇنسۇر — ئۇ چاغلاردا بۇ سوزنىڭ ئەسلىدىكى «كىشى — شەخسى» دىگەن توغرا مەنىسى يوقىلىپ، ئاتالمىش «بەش خىل ئۇنسۇر» دىگەن مەنانى ئىپادىلەيدىغان قورقۇنچلۇق ئاتالغۇغا ئوزگىرىپ كەتكەن ئىدى.

كېسەل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق يول تېپىلغاچقا، كېسەل كور-
سەتكۈچىلەر كۈندىن كۈنگە كۆپەيگىلى تۇردى. بۇ ھال تۇنسا
كاس-كاس قاتارلىق ھەسەتخورلارنى تولىمۇ بىئارام قىلغان ئىدى.
ئۇلار دوختۇرخانىغا پايپاسلاپ چىقىشتى-دە، «باي بولۇپ كەت-
تى، تېنىپ كەتتى» دەپ ئەرز قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن «يەر
ئاستى دوختۇرخانا ئېچىپ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭدى» دېگەن
بەدنام بىلەن كۈرەش ۋە پىپەن قىلىندى. خىزمەتتىن قوغلاندى.
نۇسرەتخان ئانا تۇرۇشلۇق گۇڭشې ئاھالە كومىتېتلىرى ئۇنى
ئۆزىچە «ئۇنسۇر» قىلىۋالدى. ئۇ دەۋالاشتى، ئاقمىدى، ئارقا-ئار-
قىدىن ئەرز يازدى، تىڭشايدىغان ئادەم چىقمىدى. ئۇ ئىدارى-
دىن سۈرۈشتۈرسە «بۇ تۆۋەننىڭ ئىشى» دېدى؛ يۇقۇرى-تۆۋەندە
ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم يوق. تۆۋەن ئۇنىڭغا ئاممىنىڭ
نازارىتىنى يۇۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزىنى
«ئۆزگەرتىش» ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. نۇسرەتخان ئانا بۇنى رەت
قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۈستى-ئۈستىلەپ كۈرەش قىلىندى، زەخىملەن-
دى. ئاخىرى بىر قانچە سادا، رەھىمدىل خوتۇنلارنىڭ «نۇسرەت-
خان، پەزىلەت بويىغا يېتىپ قالدى. دادىسى يېنىدا ئەمەس، كوز-
لىرىنى مولدۇرلىتىپ بەرمىسىلىرى بالا ئورە بولالمايدۇ. شۇ يال-
غۇز قىزلىرىغا ئىچلىرى ئاغرىسۇن»، «ئالتۇن-ئەخلەت ئىچىگە
چۈشسىمۇ يەنىلا ئالتۇن. كوچا سۈپۈرۈش ئىزا-ئاھانەتلىك ئىش
ئەمەس، يەرنىڭ يۈزىنى ئاچقان ساۋاپ» دېگەنگە ئوخشاش
سۆز-نەسىھەتلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا كوچا سۈپۈرۈپ يۈرگىنىگە
ئىككى ئايدىن ئاشتى. ئۇنىڭ مۇئاشى ئۆز ۋاقتىدىلا توختىتىلغان.
پۈتۈن ئائىلە پەزىلەتنىڭ مۇئاشىغا قاراشلىق. دارىلمۇئەللىمىننى
پۈتتۈرگىنىگە ئەمدىلا ئىككى يېرىم يىل بولغان بۇ قىزنىڭ مۇ-

ئاشى نېمىگە يېتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تاشلاندۇق بالىنى نوپۇسقا ئالدۇرۇش — ئوكۇزدىن سۈت تاما قىلغاندەك بىر ئىش. نوپۇسى بولمىغان بوۋاقنىڭ ئاشلىق، ياغ نورمىسى بولمايدۇ. ئايلىق گوش بېلەتى تۈگۈل، پەسىلدە بىر نۆۋەت بېرىلىدىغان ئىككى يۈز گىرام شېكەرنىڭ بېلىتىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. قاراڭغۇ بازاردىن پەقەت ئىككى كىلوگىرام شېكەر ئېلىش ئۈچۈنلا پەزىلەتنىڭ بىر ئايلىق مۇئاشىنىڭ تۇتتىن بىر قىسمى كېتىدۇ. سۈت ئالمىسا بولامدۇ؟...

نۇسرەتخان ئانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مال-دۇنيا، پۇل-پۇچەك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تالاغا ئېلىشقا ئەرزىمەيتتى. ئۇ پەقەت مۇشۇ بىر ئىشنىلا ئويلايتتى: «پەزىلەت — تېخى تۇرمۇشقا چىقمىغان قىز بالا. ئەگەر بۇ بوۋاقنىڭ ئۇيىدە پەيدا بولۇشى قانچىلىك ئەپسانە سۆز-چۆچەك ۋە كۆتۈلمىگەن ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپچى بولار؟ پەزىلەت ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، كاشكى...»

بوۋاقنىڭ يىغىسى ئانىنىڭ چېگىش خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. پەزىلەت ئېمىزگە سالدى. سۈت ئىمۋاتقان بوۋاق گويا «رەھىمدىل ئانىلار، مېنى ئېلىپ قېلىڭلار، مەن ھايات كەچۈرۈشنى خالايمەن، مېنى تاشلىۋەتمەڭلار!» دەپ يالۋۇرۇۋاتقاندەك ئىككى جۈپ كوزگە تەشنالىق بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى. نۇسرەتخان ئانىنىڭ كوز ئالدىدا 1940 - يىللار كالىندارى ۋاراقلىنىشقا باشلىدى:

تۇمانلىق سەھەر. قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئوسمۇرلۇك دەۋرىنى چوچەكتە ئوتكۈزۈۋاتقان بۇ قىز قېلىن كېيىنىپ، ئوقۇغۇچىلىق پوپكىسىنى قىستۇرۇپ، پىيىما بىلەن قار كېچىپ، مەكتەپكە قاراپ

كېتىۋاتاتتى. ئۇ دوقمۇشتىكى ناۋايخانا ئالدىغا كەلگەندە، ئون - ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقانلىغىنى كوردى. بالىنىڭ بېشىدا ئۇزۇن قارا يوڭ-لوق تۇماق بار ئىدى. كوينەكسىز بەدىنىنى ھوتمە توشۇك بولۇپ كەتكەن تاشسىز جوۋا يېپىپ تۇراتتى. بالىنىڭ كوكسىدىن ئاققان قىپ-قىزىل قانلار ئاپپاق قار ئۇستىدە جىگەردەك قېتىپ كەتكەن ئىدى. جەسەتنى چورىدەپ تۇرغانلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا بۇ ئىگە-چاقىسىز بالا كېچىچە ئاشۇ چوڭ تونۇر ئىچىدە ياتقان ئىكەن. گومىنداڭ-نىڭ بىر ئاتلىق ئوفىتسېرىنىڭ تونۇر ئالدىغا يېقىنلىشىشى بىلەن بۇ بالىنىڭ تونۇردىن ئىرغىپ چىقىشى تەڭ كېلىپ قاپتۇ. ئوفىتې-سېرنىڭ ئېتى ھۇركۇپ كېتىپتۇ، ئوفىتېسېر قار ئۇستىگە موللاق ئېتىپتۇ. ئەسەبىلەشكەن ئوفىتېسېر «ھايۋان!» دەپ تىللاپتۇدە، بالىغا قارىتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئۇزۇپتۇ. غەزەپلەنگەن خەلق قوللىرىغا كوسەي، ئىسقۇچلىرىنى ئېلىپ بولغىچە قاتىل ئېتىغا مىنىپ، قۇيرۇغىنى تىكىۋېتىپتۇ... نۇسرەتخان كورگەن-ئاڭلىغانلىرى-نى سىنىپ تەربىيىچىسىگە سوزلەپ بېرىپ، ئوزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتكىنىدە، جىگەرلىك، ياش سىنىپ تەربىيىچىسى مۇنداق دىگەن ئىدى:

— بىزنىڭ خەلقىمىز ۋە بىزنىڭ باللىرىمىزمۇ ئەنە شۇنداق پاجىئەنى كورمىسۇن دىسەك، قولىمىزغا قورال ئېلىشىمىز كېرەك. باللارنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە كېلىچىگى ئۇچۇن جان پىدا قىلىشتىنمۇ ئۇلۇغ ئىش يوق!

نۇسرەتخان مىللى ئارمىيىگە قاتناشقاندا، مىلتىق توتۇپ جەڭگە كىرىشنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بىگۇناھ پەرزەنتلىرىنى ئول-تورگەن ئەنە شۇنداق قاتىللاردىن قانلىق قىساس ئېلىشنى قەتئى

تەلەپ قىلغان ئەمەسمىدى؟ رەھبەرلىك ئۇنى رىزۋانگۈل قاتارلىق مەردانىلاردىن تەشكىل تاپقان «شەپقەت ھەمشىرە»لەر سېپىگە تەقسىم قىلغاندا بولسا، بۇ خىزمەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە چەكسىز ئۇلۇغلۇقىنى دەرھاللا چۈشىنىپ يېتەلىگەن ۋە جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن ئەمەسمىدى؟ قەشقەردە گومىنداڭ تۈرمىسىدىن ئامان - ئېسەن قېچىپ چىقىپ، ئاقسۇدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ غۇلجىغا چىققان ھەل قىلغۇچ جەڭ ئۈستىدە يارىلىنىپ ھوشسىز ياتقان ۋىزۋۇت كاماندىرى زىياۋىدىننى ئۇ مولدۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئاستىدىن تەنھا قۇتقۇزۇپ چىقمىغانمىدى؟ گومىنداڭ باندىتلىرى موسۇۋەن - شېخەنزىنى تاشلاپ قاچقاندا، ھەر مىللەت دېخان - چارۋىچىلىرىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى ئوت - يانغىن ئىچىدە قالدۇرغان؛ نۇسرەت ئىڭراۋاتقان بوۋاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ تام - تورۇسلىرى لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئۆي ئىچىگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلغان ئەمەسمۇ؟ شۇ چاغدا خەۋپ - خەتەر، ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن پۈتۈنلەي قوغلىۋەتكەن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ — ئەنە شۇ جەڭگەرلىك، ياش سىنىپ تەربىيىچىسىنىڭ بىباھا سۆزى ئەمەسمىدى؟ (ئەگەر زىياۋىدىن ئۇنىڭ گەجگىسىنى بېسىپ تۇرغان ئوتلۇق جەگەنى ئېلىپ تاشلىۋېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا، نۇسرەت شۇ بوۋاقنى قۇچاقلىغىنچە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى!) ئۇنىڭ گەجگىسىدىكى ئالقانچە تاتۇق — باللار ئۈچۈن جان پىدا قىلىشتەك ئالىجاناپ پەزىلەتنىڭ پەخىرلىك يادنامىسى ئەمەسمۇ؟...

پۈتۈن ئەقىل پاراستىنى، مېھرى - مۇھەببىتىنى باللارنىڭ سالامەتلىكى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن بېغىشلىغان بۇ تەجرىبىلىك باللار دوختۇرى ماۋۇلارنى ئويلاۋاتاتتى: «سوز - چوچەك، ئۇسەك - ئىغ-

ۋاسىز ياشىغان كۆڭلىرىمىز زادى قانچىلىك؟ يەنە چىقسا شۇنچى-
لىك چىقار!...»
— ئانا، قانداق قىلىمىز؟
نۇسرەتخان ئانا بوۋاقنىڭ دىدارىغا يېقىمۋاشتىن بىر قاراپ
چىققاندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدىكى ياش سىنىپ تەربىيەچىسىنىڭ
سوزىنى ئۇتلۇق ھەسسىيات بىلەن تەكرارلىدى:
— باللارنىڭ بەخت - سائادىتى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن جان
پىدا قىلىشتىنمۇ ئارتۇق ئىش يوق!
بوۋاق ئەمىدىلا خاتىرجەم بولغاندەك، دوپ - دوگىلەك
كوزلىرىنى يۇمدى-دە، بەھوزۇر ئۇيقۇغا كەتتى. نۇسرەتخان ئانا
بوۋاقنى يېقىمۋاشتىن يوگەككە ئوراۋاتقاندا، پەزىلەت يەنە سورىدى:
— ئانا، ئىسمىنى نىمە قويساق بولار؟
— ئويلىغىنىڭنى دەپ باققىن، مەسلىھەتلىشەيلى،—دىدى نۇس-
رەتخان ئانا. پەزىلەت ئانچە ئۇزاق ئويلاپ تۇرماستىنلا:
— دىلمۇرات بولسۇن،—دەپ جاۋاپ بەردى ۋە ئۇنىڭ سە-
ۋەبىنى چۇشەندۇردى:
پەزىلەتنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە خىزمەتدىشى نۇرئەلا
سېزىكلىك دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەنلا ئوبۇلقاسىم يېقىن كەلگۈ-
سىدىكى تونجى پەرزەنتى ئۈچۈن ئىسىم تاللاشقا چۈشكەن ئىدى.
«ئوغۇل بولۇپ قالسا» دەپ تاللىغان ئىسمىنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى
«دىلمۇرات» ئىدى. نۇرئەلا راستىنلا ئوغۇل تۇغدى. ئەپسۇسكى،
ئوبۇلقاسىم ئارزۇ قىلغان تۇنجى پەرزەنتىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش
بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۇ «ئىتتىك شامالغا ئۇچراپ» تور-
مىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى. نۇرئەلا بولسا، ئېرىنىڭ قولغا كويـ-
زا چۈشۈشى بىلەن تەڭلا ئېرىدىنمۇ ئىسمىتىگە قول قويۇپ

ئۆلگۈرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، ئوبۇلقاسىم تاللىغان ئىسىمنى قويۇشنى قورقتى-دە، «تۇرسۇن» دەپ ئات قويدى. «دىلمۇرات» دېگەن ئىسىم ئۆز ۋاقتىدىلا پەزىلەتنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغان ئىدى. ئوبۇلقاسىم تەرىپىدىن تاللانغان بۇ ئىسىمنىڭ پەزىلەتنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قېلىشىدا نازۇك بىر سەۋەپمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

—دىلمۇرات—ياخشى ئات،—دېدى ئانا رازىلىق بىلدۈرۈپ،—كەچقۇرۇن يۇنۇس قارىمنى چاقىرىپ، ئات قويغۇزايلى.

پەزىلەت بىلەن نۇسرەتخان ئانا ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى بۇ يېڭى ئىسىم بىلەن مۇبارەكلەپ، ئىسسىققىنا سۆيۈپ قويۇشتى.

## جازا

پەزىلەتنىڭ دەم ئېلىش ئىسپىراپكىسى بۈگۈن توشقان ئىدى. ئۇ، تاڭ قاراڭغۇسىدا كوچا سۈپۈرۈپ، ئانىسىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. سۈت ئەپكېلىپ قايناتتى ۋە ئۆز قولى بىلەن ئەچكۈزدى، ئازراق ناشتا قىلدى. ئۇ، مەھەللىدىكى تونۇسا كاس-كاس، مەكتىۋىدىكى نىياز كېكەچ، باۋۇدۇن قاتارلىق پىتنەخور كېيدۇرگىملەرنىڭ «مانا، ئۇجۇقۇپ كەتتى، تۈگىشىپ كەتتى» دەپ كۈلۈشىۋاتقانلىقىنى ئەمەس، بەلكى «ئۆز پېتىدىن چۈشمەيۋاتىدۇ» دەپ ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشنى ئىستەيتتى. دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىۋاتقان بىر تالاي قىزلارغا ئوخشاش ماشىرەك شىم-پەلاتى كىيىپ، قۇيرۇقسىز پاختەكتەك يۈرۈشنى ياقتۇرمايتتى. پاكىز، ئازادە كىيىنىپ، ئۆزىنى تەمكىن، تېتىك تۇتۇپ يۈرەتتى. بۈگۈن تېخىمۇ چىرايلىقراق ياساندى: ئات باغرى دۇخاۋىغا مەرۋايىت

بىلەن ئىشلەنگەن بادام دوپپا بىلەن شاپتۇل چىچەكى ياقۇت كوزلۈك ئۈزۈك ئۈنىڭ ئاق، سۈزۈك ھۆسنىگە جۇلا بەخش ئېتىپ تۇراتتى. يېڭىلا دەزمال سېلىنغان ئانار گۈلى شىنۇك دوخاۋا كوينەك ئۈنىڭ زىلۋا بەستىگە خويمۇ ياراشقان ئىدى. ئۇزۇن، ئەترەك نىلۇن پايپاق ۋە مىخمەزرەك توپلىيىنى كىيىپ، باغلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىغان سائەتنى تاقاپ، ماتېرىيال سومكىسىنى كوتەرگەندە، ئۇ، شۇنچىلىك چىرايلىق كورۇنۇپ كەتتىكى، دېسرەتخانىدەك بىر ئالىمى ئانىمۇ ئۇز ئىچىدە «كوزى يامانىڭ كوزىدىن، سوزى يامانىڭ سوزىدىن ساقلىغايسەن، ئىلاھىم» دېمەي تۇرالمىدى. دىلمۇرات بولسا، بىر ئايدىن ئوشۇق داۋاملىپ، يېرىم ئاي ئائىلىدە دەم ئېلىپ، بۈگۈن خىزمەت ئورنىغا كېتىۋاتقان بۇ ۋاپادارلىرىغا تەلپۈنەتتى. پەرزەت ئانىسى بىلەن ۋە بۇ ئائىلىگە ئۇنىلۇق يىغا بىلەن ئاۋازسىز كۈلكىنى ئېلىپ كەلگەنگە ئىخى ئەمدىلا ئون ئىككى كۈن بولغان دىلمۇرات بىلەن خوشلىشىپ، مەكتەپكە راۋان بولدى.

پەرزەت مەكتەۋىدە ئوزى ئارزۇ قىلغان قىزغىن قول قىسىشلار ۋە سەمىمى ھال سوراشلارنىڭ كولەڭگۈسىنىمۇ كورەلمىدى. ئىشخانا كارىدورىدىن ئارتىپ ئوقۇتقۇچىلار گۇرۇپپىسىغىچە ھەممىلا يەردە ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭغا ئوداۋل كېلىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى، ئوزىنى ۋە كوزىنى قاچۇراتتى.

— ئىبراھىم ئاكا، ياخشىمۇ سىز؟

— قەدىر ئەھۋال.

— ئايتىللا، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— يامان ئەمەس.

— ...

بۇزمۇ-يېزى ئۇچرىشىپ قالغاندا بولسا، پەزىلەتنىڭ سوئاللىرىغا نەنە شۇنداق جاۋاپ بېرىپلا كېتىپ قالاتتى. بەزىلىرى پەزىلەتكە قاراپ بىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى-دە، لېۋىنى چىشلەيتتى.

بىردەمدىن كېيىنلا كارىدورنىڭ ئىككى ئىشىكىدە ئىككىمدىن تۆت ئوقۇغۇچى پەيدا بولۇپ قالدى. «ئىنقىلاۋىي كومىتېت ئىشخانىسى» بىلەن مەجلىسخانا ئوتتۇرىسىدا قاتناش راۋانلىشىپ كەتتى. ھەرخىل قەغەز بوپىلىرىنى قولتۇقلىۋالغان كىشىلەر ئىشخانىدىن چىقىپ مەجلىسخانىغا كىرىپ كەتتى.

«بۇ نېمە ئىش؟ يەنە بىر ئىككەيلەننى تارتىپ چىقىرامدۇ نېمە؟ بۈگۈن نۆۋەت كىمگە كەلگەندۇ؟ ...»

تۇيۇقسىز ئۇرۇلغان ۋەھىملىك داڭ ئاۋازى پۈتۈن مەكتەپ ئىچىگە قورقۇنچ ۋە دىشۋارچىلىق مولدۇرىنى توكمەكتە ئىدى. ئايغى ئۈزۈلمەس «ھەركەت»لەر تۈپەيلىدىن يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە بەگلىرىنى جەينەكمىچە تۇرۇپ، بوينىنى ئىگىز تۇتقان بىر قىسىم «ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى» خۇددى سۇ ئامبىرىغا قاچىلىنىۋاتقان كەلكۈن سۈيىدەك مەجلىسخانىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. «كىرىپ باقاي» دەپ ئويلىدى پەزىلەت ۋە مەجلىسخانىغا يېقىنلاشتى. باياتىن بۇيان ئىككى ياقتىكى ئىشىكتە نازارەت قىلىپ تۇرغان تۆت ئوقۇغۇچى ئالدى - ئارقا تەرەپتىن تەڭ يېتىپ كەلدى - دە:

— توختا! — دەپ ۋاقىرىدى.

پەزىلەت قاققان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قالدى.

— كەينىڭگە يان! — دەپ ۋاقىرىدى بىرسى ۋە قولتۇقىدىن تۇتقانچە ئۇن نەچچە قەدەم كەينىگە ئاپىرىپ قويدى. — قىمىرلىما، چاقىرغاندا كىرىسەن!

«بۇ نېمە ئىش؟» — بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشكە پەزىلەتنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن باۋۇدۇن تۇمشۇغىنى چىقاردى:

— ئېلىپ كىرىڭلار!

«ئامما دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش گۇرۇپپىسى» غا مەنسۇپ بولغان تۆت ئوقۇغۇچى بۇيرۇق قىلدى:

— ماڭ!

ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا توۋلانغان شوئارلار بىلەن ئىختىيارى ۋە مەجبۇرەن كۆتۈرۈلگەن مۇشتلار پەزىلەتنى كۈتۈۋالدى. ئۇ، ئۇدۇل تامغا چاپلانغان بىر شوئارغا كۆز يۈگۈرتۈپ بولغىچە، «بېشىڭنى ئەگ!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ گەدىنىگە بىر مۇشت تەگدى. مۇشت ئاتقۇچى — پەزىلەتنىڭ مەھەللىسىدىكى تۇنىسا كاس - ۋاسىنىڭ ئوغلى نىياز كېكەچنىڭ دەل ئۆزى ئىدى! ئۇ، ئەسلىدە خۇمدانغا ئوت قالايدىغان بىرنېمە بولۇپ، «مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقىلاپ» جەريانىدا «مىسلى كۆرۈلمىگەن جاسارەت» بىلەن مەيدانغا چىققان ئىسيانچى ئىدى. 1967 - يىلى 4 - ئاۋغۇستتا شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا شىددەت بىلەن بوسۇپ كىرگەن ۋە ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرسىگە بولۇقۇشى بىلەن قىلچە ھېساپلاشماي، بۇ بىنانى ئوت - يالقۇن ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەن ئون نەچچە «ئەزىمەت» نىڭ بىرى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن ئون ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن «باۋخۇاڭپەيلەرنىڭ پولات ئىستىھكامى» دەپ ئاتالغان دوڭۋاغ قەلئەسىگە تۇنجى نۆۋەت ھۇجۇم قىلغان «زەربىدارلار» نىڭمۇ بىرى ئىدى. ئۇ، ئەنە شۇنداق «خىزمەتلىرى» تۈپەيلىدىن كالتە قوشۇقنىڭ سېپىغا ئېرىشىپ، قوش تاپانچىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، «جىپ» ماشىنا بىلەن

ئۆچۈپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۇششۇقلۇق، بىشەملىكتە ئۆچمىغا چىققان ئانىسى تۇنسا كاس - كاسىمۇ مەھەللىۋى كومىتېتنىڭ مۇدىرلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئىدى ۋە ئوغلىنىڭ «يۈكسەك ئىناۋىتى» ھەم ئۆزىنىڭ بۇ «مەرتىۋە» سىگە تەمەننا قويغان ھالدا، پەزىلەتنى ئوغلىغا سوراپ كىرگەن ئىدى.

— نىيازجان — رەھبىرىي سىنىپنىڭ ئىسيانكار جەڭچىسى، ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق يىگىت، — دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى نۇسرەتخان ئانا ئاچچىق مەسخىرە ئوقىنى يالتىراق قىزىل قەغەز بىلەن ئوراپ، — بىز بولساق، ھوقۇقدار ئائىلىسى، قىزىمىز ھەر بىرلىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ قالسا، ئۆزىڭىزمۇ، بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزغىمۇ پايدىلىق؛ بىراق نىيازجاننىڭ سىياسى تەقدىرىگە تەسىر يېتىپ قالارمىكىن.

تۇنسا كاس - كاس ئۆز سوزىدە چىڭ تۇرۇۋالغاندا، يەنە مۇنداق دىگەن ئىدى:

— ھەر بىرلىرىنىڭ ئائىلىسى سۇمۇ كىرمەيدىغان، يىڭنىمۇ ئۆتمەيدىغان بىر قىزىل قورغان. بىز ئۇنىڭغا قۇم - شېغىل ئارىلاشتۇرۇشقا پېتىنالمايمىز. بۇ — بىز ئۈچۈن يېڭى جىنايەت بولۇپ قالىدۇ.

شۇندىن بۇيان تۇنسا كاس - كاس بىلەن نىياز كېكەچنىڭ بۇ ئائىلىگە بولغان ئۆچمەنلىكى ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ كېكەچ مەكتەپ باشقۇرۇۋاتقان ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىدىنىڭ كاتتىۋېشى، پەزىلەت بىلەن قاتتىق ئۆچەكىشىدىغان يەنە بىر شەخس — باۋۇدۇننىڭ يار - يۆلەكچىسى ئىدى.

— مەس - مەسىلىگىنى تاپ - شۇر! — دەپ ۋاقىرىدى نىياز كېكەچ.

پەزىلەت قىلچە مەنسىتمەستىن سوئال قويدى:

— قايسى مەسىلەنى تاپشۇرىمەن؟ كېسەل بولۇش جىنايەت، داۋالىنىش يولسىزمىكەن؟!

— ئىشچىلار مېنىڭغا قارشى تۇرماقچىمۇ سەن؟ ئۇلارنىڭ ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىشىغا قارشى تۇرماقچىمۇ سەن!؟ — دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى باۋۇدۇن، — يۇۋاشلىق بىلەن مەسىلە تاپشۇر!

«ئىندىيىۋى تەربىيە» ئىشىدا بىلەنگەن ھىلىقى ئوت پەچاق پەزىلەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن قىن ئاققۇزۇشقا تەييار تۇراتتى. مەكتەپنىڭ پېشقەدەم دوختۇرى گۈلسۇم ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى — دە، پەزىلەتنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە «دىكتاتورچى»لارغا قاراپ:

— خوتۇن كىشى قېشىدا ئەر كىشى تۇرغان نەدە بار؟ بېرىڭلار جايىڭلارغا! — دەپ ۋاقىرىدى ۋە سۆزىنى تۈزلىدى، — مۇنداق جاھىلدىن نەچچىسىگە تېتىغۇچىلىكىم بار!

«دىكتاتورچى»لار نىياز بىلەن باۋۇدۇننىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇراتتى. گۈلسۇم:

— ئىنقىلاۋدى ئادەمگە باش ئەگمەمسەن؟ ئېگە بېشىڭنى! — دەپ ۋاقىرىدى.

«دىكتاتورچى»لار ئورۇندۇقتا يېنىنى قويدى. گۈلسۇم باۋۇدۇنغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— جۈرىن، بۇ كېسەل كورپىسىگە قاراپ ئولتۇرماي سۆزلەۋەسلە.

باۋۇدۇن بوينىنى ئىگىز كۆتىرىپ، ئۇيان - بۇيان مىكىلدىۋالغاندىن كېيىن بار ئاۋازى بىلەن كاكىراشقا باشلىدى:

— ئىنقىلاۋدى ئادەمنىڭ پاش قىلىشىغا ئاساسەن، ئەز قوغ-

لاپ چوڭقۇر تەكشۈرۈشىمىز نەتىجىسىدە، بۇ يۈزۈقنىڭ نىكاھلانماي تۇرۇپ تۇغقانلىقى تەلتۆكۈس ئىسپاتلاندى!

— تۆھمەت! قاپ - قارا تۆھمەت! — دېدى پەزىلەت قەھرى - غەزەپ بىلەن، — بەزىلەر تۆھمەت ئارقىلىق ئۆچ ئالماقچى!

— ئىشچىلار سىنىپىغا بوھتان چاپلىما! — دەپ ئەسەبىلەرچە كاكىرىدى باۋۇدۇن، — مەيداندىكى يەر تۈزلەش ئەمگىكى جەريانىدا ئەرلەر كۆتىرەلمىگەندەك ئېغىر تاغارلارنى كۆتىرىپ يۈرگەنلىكىمۇ تۆھمەتمۇ؟

پەزىلەت كۆزدە يولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقەنى دەرھال ئېسىگە ئالدى: ئوقۇتقۇچىلار دېخانچىلىق مەيدانىدا يەر تۈزلەش ئەمگىكى بىلەن بەنت ئىدى. مەكتەپ «ئىنقىلاۋىي كومىتېتى» نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى باۋۇدۇن ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى قاپ كۆتىرىشكە بۇيرىدى. ھەر بىر كىشىگە ۋەزىپە تەقسىم قىلدى. نۇرئەلا ھامىلدار ئىدى، باۋۇدۇن ئۇنىڭغا ئۆلگىدەك ئۆچ ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قىلچىمۇ ئېتىبار قىلمىدى. پەزىلەت، نۇرئەلانىڭ ئېرى — ئوبۇلقاسىمغا بولغان ئىخلاس - ئەقىدىسى تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا ئىنسانىي ۋىجدانىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن، يۈكىنىڭ ئېغىرىنى كۆتەرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ھازىر ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىنلا سوئال قويدى:

— باشقىلار ئۈچۈن جاپا چېكىش گۇنامۇ؟ ئۆز يولداشلىرىنى ئاسراش جىنايەتمۇ؟

ئۇ، نۇرئەلانىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىرەر ئېغىز راست گەپ قىلىپ قويۇشنى ئۈمىت قىلغان ئىدى، ئۇنداق بولمىدى. يىغىن ئەھلىگە يەر ئاستىدىن قاراپ باقتى، نۇرئەلا باردەك ئەمەس. «ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ يىغىنغا قاتناشتۇرمىدىمۇ - يە؟»

— بىزنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ — دەپ دۈەيلەپ كەلدى باۋۇدۇن، — سەن قوسىغىڭدىكىنى چۈشۈرۈۋېتىش قەستىدە ئەنە شۇنداق ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتەرگەنسەن! — بۇ پولاتتەك پاكىت! — ئۇ، يەغىن قاتناشقۇچىلىرىغا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز تۇنساخان قاتارلىق ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ پاش قىلىش ماتىرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن...

«چۈشەندىم» دېدى ئۇز ئىچىدە پەزىلەت. ئۇنىڭ جىمىلى تېخىمۇ قاتتى. باۋۇدۇننىڭ سۆزى داۋاملاشماقتا ئىدى:

— ھېچقانداق تەپ تارتماستىنلا، ئانام كوچىدىن تېپىۋاپتۇ، دەپتۇ تېخى! بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك جەمىيىتىمىزگە كىم ئۇزىنىڭ بالىسىنى تاشلىۋېتىدۇ؟ بۇ — بۇ جەمىيىتىمىزگە قىلىنغان غالجىرانە ھۇجۇم!...

بىر مەزگىللىك چۇقان - سۈرەنلەردىن كېيىن نىياز كېكەچ بىر ۋاراق قەغەزنى قولىغا ئالدى:

— مەكتەپ ئىنقىلاۋىي كومىتېتىنىڭ قارارى، — دەپ باشلىدى ئۇ ۋە بۇ قارارغا يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ بىر رەھبىرى قوشۇلغانلىغىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. «قارار» دا پەزىلەتنىڭ ئۈستىگە «نەق ئەكسىلئىنقىلاپچى ئۇنسۇرنى جىنايى جاۋاپكارلىقتىن قاچۇرۇشقا ئۇرۇنغان»، «سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزگە غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلغان»، «نىكاھلانماستىنلا تۇققان» دىگەنگە ئوخشاش جىنايى بەدناملار يۈكلەنگەن، ئىنقىلاۋىي مائارىپ قوشۇنىدىن قوغلاپ چىقىرىش جازاسى بېرىلگەنلىگى يېزىلغان ئىدى.

— ئەرز قىلىمەن! — دەپ خىتاپ قىلدى پەزىلەت، — مەركەزگىچە ئەرز قىلىمەن! — باۋۇدۇن بىلەن نىيازنى كۆرسەت-

كۆچ بارمىغى بىلەن كورسىتىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى، — ساڭا ئوخشاش قارانىيەتچىلەر ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن!...

...........

پەزىلەت مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئۈششۈك ھەردىلىرىدىن بىر نەچچىسى دەرۋازا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. گۈلسۈم كارىدۇر بوسۇغىسىدا تۇرۇپ قوپاللىق بىلەن ۋاقىرىدى:

— ھوي پەزىلەت، داۋالىنىش رەسمىيىتىڭنى ئۈزۈۋېتىپ كەتمەمسەن؟

پەزىلەت بىر ئېغىزلىق دوختۇرخانىغا كىردى. گۈلسۈم پەس ئاۋاز بىلەن:

— پەزىلەت، بۇمۇ ئوتۇپ كېتىدۇ، ھەرگىز ئۆزلىرىنى ئوپراتمىسىلا جۇمۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭ يىغىن مەيدانىدا يىغلاپ سالمىغانلىقىنى، كېلىشتۈرۈپ رەددىيە بەرگەنلىكىنى ماختىدى، — سومكىدا مۇھىمراق نەرسىلىرى بارمۇ؟

— دەرسلىك كىتاپتىن باشقا بىر نىمە يوق.

گۈلسۈم ئالدىراشلىق بىلەن دەرسلىك كىتاپلارنى قولىغا ئالدى - دە، «بۇكەمدىكى كىتاپلارنىڭ مەزمۇنىمۇ قالمىدى» دەپ غودۇڭشىدى. ئاندىن «دورا يوگىمۇۋېتەرمەن» دەپ تارتمىغا سالدى. سومكىنى شىشىلىك تابلېت دورا ۋە ئوكۇللار بىلەن لىق تولدۇردى.

— گۈلسۈم ئاچا، سىلىگە؟...

— دولەت ھىساۋىدا داۋالاش تىزىملىكىدە ئاتلىرى بار ئەمەسمۇ تېخى؟

پەزىلەت بىر ئىشنى يادىغا كەلتۈردى ۋە سورىدى:

— گۈلسۇم ئاچا، نۇر تەلا كورۇنمەيدىغۇ؟

گۈلسۇم ئۇ ئايالنى ئانچە ياخشى كورمەيتتى. شۇڭلاشقا ھەسسداشلىق قىلمىغان تەلەپپۇزدا جاۋاپ بەردى:

— ئويدە.

— ئاغرىپ قاپتىمۇ؟

— ياق، بالىسى ئولۇپ كېتىپتۇ.

پەزىلەت ھەيران بولۇپ سورىدى:

— قاچان؟

ناھىيىدىكى تۇققانلىرىنىڭ قېشىغا كەتكەن ئىدى، ئاڭلىشىمىزچە بالىسى شۇ يەردە ئولۇپ كېتىپتۇ، شۇ يەرگە دەپنە قىپتۇ. ناھىيىدىن كەلگەندىن بۇيان خىزمەتكىمۇ چىقمىدى.

— ۋاي ئىست، — دىدى پەزىلەت ئېچىنىش بىلەن، — ئوبۇلقاسىم ئاڭلىسا، نىمە بولۇپ كېتەر!...

## ئوبۇلقاسىم

نۇسرەتخان ئانا بىلەن پەزىلەت چوڭقۇر سىردىشىش بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلىدى. لېكىن بۇ سوئال تېخىچە جاۋاپسىز تۇراتتى:

«ئوبۇلقاسىم ئاڭلىسا، نىمە بولۇپ كېتەر؟»

........

ئوبۇلقاسىم 1965 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئىگىزگە مايىل ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قەددى - قامىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى. شەھەر بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىككى قېتىملىق ئوچۇق دەرسنى ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەت

لىك ئۆتۈش جەريانىدىكى ئىقتىدارى بىلەن قىشلىق تەتىلدە ئو-
قۇتقۇچىلارغا لېكسىيە سۆزلەشتە ئىپادىلەنگەن تالانتى ھەممىنى
قايىل قىلغان ئىدى. رەھبەرلىك ئۇنى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ
باشلىقلىقىغا كۆرسەتكەندە، گۇرۇپپىدىكىلەر تولىمۇ خوش بولغان
ئىدى.

ئوبۇلقاسىم ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ سائەتلىك دەرس پى-
لانلىرىنى كۆرگەندە، دوسكىغا يېزىلغان ماۋزۇ ۋە يېزىپ چۈشەن-
دۈرۈشكە تېگىشلىك سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ توغرا بولغان - بولمى-
غانلىقى، تىنىش بەلگىلەرنىڭ جايىدا قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقى
قاتارلىقلارغىچە ھەممىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، تۈزىتىپ چىقمىغىچە
ئىمزا قويمايتتى. تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى قۇرۇقتىن قۇرۇق
سىياسەت دەرسىگە ياكى تارىخ دەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئەس-
لا يول قويمايتتى. «تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە تىل - ئەدەبىيات
ئۆتۈلىدۇ، — دەپ تەكىتلەيتتى ئۇ، — قۇرۇق سىياسىي شۇ-
ئارلارنى تىل - ئەدەبىيات كونسپېكتلىرىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش
كېرەك!»

ئوبۇلقاسىم تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزراق بولغان بىر
قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس تېكىستىنىڭ مۇھىم نۇقتا ۋە قى-
يىن نۇقتىلىرىنى ئىگىلىۋېلىشىغا ئەستايىدىل ياردەم بېرەتتى. بو-
لۇپمۇ ھەربىر دەرس تېكىستىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدى-
لىكىنى پەرقلەندۈرۈشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ھەربىر دەرس
تېكىستى ئۈستىدە ئوخشاشلا «تىلى راۋان، ئاممىباپ، بەدىئىي
ۋاسىتىلاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان» دەپ ئۆتۈپ كېتىشلەر-
گە يول قويماي، كونكرېت مىسال تەلەپ قىلاتتى.

شۇ يىللىرى خىزمەتكە چىققان بەزى قىز ئوقۇتقۇچىلار بۇ

يۇقۇرى سەۋىيىلىك، كەم سوزلۇك، ئويچان يىگىتكە يېقىنلىشىپمۇ باققان، لېكىن مىدىتسىنا ئىنىستىتۇتى ئادرىسى بىلەن كېلىدىغان ئايمىھرى ئىمزالىق خەتلەرنى كورگەندىن كېيىن ئوزىنى تارتىشقا باشلىغان ئىدى. ئوبۇلقاسىممۇ بۇنى ئەسلا يوشۇرمىغان ۋە ھەتتا ئوز ۋاپادارى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلەرنىمۇ ئىپتىخارلىنىش ھىسسىياتى بىلەن كورسەتكەن ئىدى.

— يەنە ئىككى يىلدا ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ، — دەپ ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنەتتى ئۇ، — چوقۇم قەشقەرگە كېلىدۇ!

ئەپسۇسكى، «مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى» ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويغان قورقۇنچلۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، دەھشەتلىك ئوت يانغىنى ئىچىدە كويۇپ تۈگىگەن ۋاپادارى ئۈچۈن توۋەندىكىچە مەرسىيە يېزىشقا مەجبۇر بولدى:

«نە بولغاي، مېھرى دىلدارىم، گۈزەل چىھرىڭنى بىر كورسەم،
ساداقەت گۈلشىنى ئىچرە يىگىتلىك پەيزىنى سۈرسەم.
يېقىملىق كۈلكە - خەندانىڭ چىچەن بۇلبۇلنى ئويغاتسا،
ئەشۇ بۇلبۇلغا جور - تەڭكەش بولۇپ شوخ سايرىسام، كۈلسەم.
نە بولغاي، ‹ئەي ئوبۇلقاسىم، سېنىڭ مەن جان - تېنىم بىرلە›،
دىگەن مەكتۇپنى يازغان ئوق قولۇڭغا مىڭ قېتىم سۆيسەم.
يىگىتلىك شەۋكىتىمدىن نە ئۈچۈن بولماس ئىدىم رازى،
ئەشۇ يانغىندا، ئەي جانان، سېنىڭ ئورنىڭدا مەن ئولسەم.
يۈرەكتە قالدى بۇ ھىجران — جۇدالىقنىڭ كويۇك - داغى،
پەخىرلىك مەن نادامەت دەشتىدە مەجنۇن كەبى ئولسەم...»

بۇ ئېغىر ھىجران - جۇدالىقنىڭ تۇمەن پاتمان گۈرزىسى بىلەن يۈرەك - باغرى سەكپارە بولۇپ كەتكەن ئوبۇلقاسىمنىڭ

يەنىلا ھاياتلىق ئىستىۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا سەۋەپ بولغان بىرىنچى ئامىل —— ئۇنىڭ جان كويەرى —— بەھرىنساخان ئانا، ئىككىنچىسى، ئايىمەھرىگە بولغان چەكسىز ئەقىدىسىنىڭ غايىۋى كۈچ - قۇدرىتى ئىدى. ئاشۇ مۇسىبەتلىك كۈنلەردە مۇنداق ئويلىغان ئىدى ئوبۇلقاسىم: «مەنغۇ ئۆلۈپلا تۈگىشەرمەن، بىچارە ئانامنىڭ ھال - كۈنى قانداق بولار؟ ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىنىڭ توپان سۈيى دادامنى يىقىتىپ كەتكەندىن كېيىنكى توققۇز يىل ئىچىدە مېنى توزگە قوشۇش يولىدا بار ۋەسلىدىن ئايرىلغان شۇ جانكويەرىمنى داغى پەرزەنتلىك گۈلخانى ئىچىگە تاشلاپ كەتسەم... ياق، بۇ مەردانىلىق ئەمەس، ئانا ئەجرىگە ئوز لايىقىدا جاۋاپ قايتۇرغانلىق ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئورە بولالىشى ئۈچۈن، مەن تىك تۇرۇشۇم كېرەك!...»

ئوبۇلقاسىم يەنە ئايىمەھرى بىلەن يانمۇ - يان تۇرۇپ چۈشكەن تەۋەرۈك سۈرەتكە ئۇزاققىچە تىكىلىپ، چىن قەلبىدىن فونتان بولۇپ چىقىۋاتقان يالقۇنلۇق ھېسسىياتلىرىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن ئىدى:

«جۇدالىق ئىلكىدە مىڭ پارىدۇر قەلبىم، نەتەي، جانان؟
دەردىخا!... دەردۇ - ھىجرىڭدە بۇ دۇنيادىن ئوتەي، جانان!
تېپىلغايمۇ سېنىڭدەك دىلرابا ئالەمنى مىڭ كەزسەم،
بۈيۈك ئىشقى - پىراقىڭغا بۇ جاننى بەخش ئېتەي، جانان!...
ئانا قىلدى ھاياتلىقتىن نىسىۋە ئارزۇ - ئارمانىنىڭ،
قىلىپ پەرۋىش مۇرادىڭ غۇنچىسىنى گۈللىتەي، جانان.
سۆيەتتىنىڭ تۆپرىغى گوھەر ۋەتەن، مەردانە خەلقىڭنى،
سېنىڭ سۆيگەنلىرىڭ بىرلە تومۇرداش بوپ كېتەي، جانان.

سېنىڭ ئارزۇ يۈكۈڭنى مەن تېڭىپ يەلكەمگە، سەن سۆيگەن گۈزەل، نۇرانە مەنزىل ۋەسلىگە شەكسىز يېتەي، جانان!...»

پەزىلەت ئوبۇلقاسىمغا مايىل بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوبۇلقاسىم بۇ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى پەزىلەتكە كۆرسەتكەن ھەم ۋەقەلىكنىڭ ھەممە تەپسىلاتلىرىنى باشتىن - ئاياق سۆزلەپ بەرگەن ئىدى (ئۇنىڭ يۇقۇرقى نەزمىلىرى پەزىلەتنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىلا ئەمەس، ھىلىمۇ يادىدا). شۇندىن بۇيان پەزىلەتنىڭ كۆڭۈل مايىللىغى سۆيگۈ - مۇھەببەت يۈكسەكلىكىگە كۆتىرىلىشكە باشلىغان ئىدى. پەزىلەت يۈرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلاشقا قانچە نوۋەت ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، قىزلىق نازاكىتى يول قويمىدى. ئۇ، ئوبۇلقاسىمنىڭ سۆز ئېچىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتەتتى. تۈنجى مۇھەببەتنىڭ تىراگىدىيىسى بىلەن يۈرىگى ئېزىلىپ كەتكەن ئوبۇلقاسىم بولسا، ئالدىراپ سۆز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. «بەلكى مەن ئۇنىڭ ئامىي سەۋيىسىنى ئۇستۇرۇشكە ئاز - تولا ياردەم بېرىدۋاتقانلىغىم ئۈچۈن كۆڭلى يېقىنلىق ھىس قىلىدىغاندۇ؟... بەلكى ئۆز ئاكىسى ئورنىدا كۆرىدىغاندۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلىدە ماڭا نىسبەتەن مۇھەببەتلىك ھىسسىيات بولمىسىچۇ؟... توختا، يەنە ئازراق تەخىر قىلاي» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئاخىرقى قارارغا كېلەلمەي.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ياش، ھىكايىمىزنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىدە ئېچىلىشى مۇمكىن بولغان سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، توي خېتىگە بىرلىكتە ئىمزا قويۇش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدى.

ئوبۇلقاسىم نۇرئەلا بىلەن توي قىلدى. نۇرئەلانىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوبۇلقاسىم قولغا ئې-

لىندى. ئوبۇلقاسىمنىڭ قولىغا كويزا چۈشۈش بىلەن تەڭ نۇرئەلا ئوبۇلقاسىمدىن «چەك - چېگرا ئاجراتتى». ئوبۇلقاسىم تۈرمىگە كىرىپ كېتىپ، يىگىرمە نەچچە كۈندىن كېيىن نۇرئەلا تۇغدى. ئەپسۇسكى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى ئازاپ - كۈلپەتلەرنى يورۇق دۇنياغا كوز ئاچقۇسى پەرزەنت مۇھەببىتى بىلەن بېكىنىپ ئوتۇۋاتقان ئوبۇلقاسىمغا بۇ ئوغۇل دىدارىنى كورۇش نىسىپ بولمىدى.

.........

ئۇيۇق گىمرۇنگى سۇزۇلۇشكە باشلىدى. نۇسرەتخان ئانا بىلەن پەزىلەت تېخىچە ئوبۇلقاسىم توغرىلىق ئويلىشىۋاتقان ئىدى. نۇسرەتخان ئانا چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتىش بىلەن مۇنداق دىدى:

— ئۇ يەردىكى ئازاپ - ئوقۇبەت ئۇستىگە بۇ ھەسرەتنىڭ قوشۇلغىنى ناھايىتى يامان بوپتۇ. ئۇستى - ئۇستىلەپ دەرت تارتقان يىگىت ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى نورە بولالارمۇ؟

— نۇرئەلا مۇنداق بىۋاپالىق قىلماي، بەھرىنىساخان ئانا بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، كاشكى.

— بېشىمدىن ئىسسىق - سوغاق ئوتمىگەن چوكان ئىكەن ئەمەسمۇ؟ قورقۇپ كېتىپ، شۇنداق قىلىپ سالغاندۇ، — دىدى نۇسرەتخان ئانا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، — ئېھتىمال كوڭۇل رىشتىنى ئۈزمىگەندۇ. بالىسى بىلەن ئېرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا يېتىپ قالغان بولمىسۇن يەنە.

ئانا بىلەن بالا ھەرخىل پەرەز - ئېھتىماللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقاندىن كېيىن، نۇرئەلا گەرچە ئىبرالشىش خېتىگە ئىمزا قويغان بولسىمۇ، كوڭلىنى ئۈزمىگەن بولسا ۋە تۈرمىدىن چىققىچە كۈتۈشكە ئىرادە باغلىغان بولسا، بۇ نوۋەت بالىسى بىلەن

ئېرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا يېتىپ قالغان بولسا، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق بىر بالىغا تەشنا بولسا، دىلمۇراتنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىلىدىغان قارارغا كەلدى. مۇنداق قىلغاندا، ھەر ئىككەيلەننىڭ دەرت - ھەسرىتى مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلەشكەن بولاتتى. ئۇلار نۇرئەلانى قازا تاپقان ئوغلى تۇرسۇنجاننىڭ نوپۇسىنى ئۆچەرگۈزمىگەن بولۇشى مۇمكىن، دىلمۇراتنىڭ ئىسمىنى تۇرسۇنجانغا ئۆزگەرتىۋېلىپلا، ئۆز سۈتى بىلەن بېقىۋەرسە بولۇۋېرىدۇ، دەپ قارىدى.

نۇرئەلانىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ مۇسىبەت ئۇبۇلقاسىمنىڭ ھايات تەقدىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولمىغىنىدا ئىدى، پەزىلەتمۇ ئۆز ئەلىمىنى ئۇنتۇپ، مۇنچىلا قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى. تاڭ يورۇغاندىن كېيىنلا ئۇ، نۇرئەلادىن ھال ئەھۋال سوراپ كەلمەكچى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ باقماقچى بولدى.

## بىنومۇس

ھەربىر كىشىنىڭ ئايلىق ئاق ئۇن نورمىسى ئارانلا ئۈچ جىڭ ئىدى. مېھماننىڭ ئىززىتىنى قىلىش — ئادىمگەرچىلىكنىڭ نىشانىسى دەپ بىلىدىغان مېھماندوست، قائىدە - يوسۇنلۇق خەلقىمىز ئۇنى پەقەت مېھمان ئۈچۈن، مۇسىبەتدار ئۇرۇق - تۇققانلار ۋە خولۇم - خوشنىلارغا ئىسسىقلىق كىرگۈزۈش، تۈگۈت يوقلاش، توي - تۆكۈنلەرگە داستىخان راسلاپ بېرىش قاتارلىق مۇھىم ئىشلار ئېھتىياجى ئۈچۈن ساقلايتتى. نۇسرەتخان ئانا ئەنە شۇنداق ئۇندا خېمىر يۇغۇردى، پەزىلەت قازانغا سالدى. ياغنى ئۇ مىڭبىر مۇشەققەت بىلەن ئىزلەپ تاپقان ۋە

كىلوسىنى يەتتە يۈەندىن ئالغان ئىدى. قايناۋاتقان ياغ ئۈستىدە بۆژغۈندەك كوپۈك چىقىرىپ، قولۋاقتەك ئۈزۈپ، چىلانىدەك قىزىرىپ پىشقان پىلىكتەك يۇمشاق قۇيماقلار لوڭقا سۈرەتلىك باسۇن تەخسىگە پەۋەس تولدى. قۇيماقلار ئۈستىگە سېپىلگەن ئاق شېكەر ئەتىيازدا ياغقان سېرىق قاردەك ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. پەزىلەت ئۇنىڭ ئۈستىنى ئاپپاق داس بىلەن يېپىپ، ئوز قولى بىلەن گۈل تىكىپ چىققان چىرايلىق داستىخان بىلەن يوگىدى.

— ئەگەر بىز ئويلىغاندەك بولمىسا، — دەپ ئەسكەرتتى نۇسرەتخان ئانا، — دىلمۇرات ھەققىدە ئېغىز ئاچما، ئوزىمىز بېقىۋېرىمىز.

— ماقۇل، ئانا، — دەپ جاۋاپ بەردى پەزىلەت بوسۇغىدىن چىقىۋېتىپ.

............

«مۇسىبەتدار» نۇرئەلانى بۇ ھالدا كورگەن پەزىلەت كۆن بويى ئاپتاپ چۈشمەيدىغان كىچىكىنە ھويلىدا تاشتەك قېتىپلا قالدى - دە:

— نىمە ئىش بۇ، نۇرئەلا؟ — دەۋەتتى.

ياقا پەشلىرى رەڭدار، نەپىس كەشتىلەنگەن ئوتقاشتەك قىزىل يۇڭ پوپايكا، يالىلداپ تۇرىدىغان ناۋاتىرەڭ شىپۇڭ دۇخاۋا كوينەك كىيىۋالغان نۇرئەلانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قىممەتباھالىق ئەتىر چېچىلىپ تۇراتتى. قېشىدا قاشلىق، كوزىدە سۈرمە، لېۋىدە سۇسراق گىلرەڭلىك بوياق...

— مۇنچە قاراۋەرمىگىنە ئادەمنى ئىزا تارتقۇزۇپ، — دىدى ئۇ داستىخانى پەزىلەتنىڭ قولىدىن ئېلىپ، — ئويگە كىرگىنە، ئاداش، مېھمانخانىغا.

— ھازا ئەمەس، توي بولغان ئوخشايدۇ ساڭا؟

— يىغلىدىم، قاخشىدىم، ئورنىغا كەلمىدى. ئولگەنىنىڭ كەينىدىن ئۆلۈپ بېرەيمۇ ئەمدى؟

پەزىلەتنىڭ ئوڭ پۇتى مېھمانخانا بوسۇغىسىدىن ئۆتكەندىلا، كوزى ئۇدۇل تامدىكى ئاچچىق ئانار سۇرەتلىك چوڭ گىلەمگە چۈشكەن ئىدى. بۇ كونا رەڭلىك خوتەن گىلىمى ئوبۇلقاسىمنىڭ دادىسىدىن قالغان تەۋەرۈك ئىدى. بەھرىنساخان ئانا ئۇنى ھەر قانداق قىيىن كۈنلەردىمۇ سېتىۋەتمەي ئوبۇلقاسىمغا ساقلىغان ئىدى. بۇ گىلەم - ئوبۇلقاسىمنىڭ مېھمانخانىسىغا زىننەت بەرگۈچى بىردىن بىر مۈلۈك ئىدى. پەزىلەت «ئۇنى قاچان ئەپكېلىۋالدىڭ؟» دەپ سورىماقچى بولۇۋاتقاندا، نۇرئەلا گەپ سوراپ قالدى:

— بالا بېقىۋاپسەن - ھە؟

پەزىلەت «ماڭا بەرگىن دەپ تالىشىدىغان بولدى» دىگەن خىيال بىلەن:

— ھەئە، ئوغۇل بالا، شۇنداق چىرايلىق دىگىنە؛ بېقىۋالغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خەخنىڭ بالىسىغا ئەمچەك سېلىپ يۈرەمدىمەن؟ — دەپ گەپنى ئۈزدى نۇرئەلا.

پەزىلەت ئازراق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاشقا، يۈرىگىگە قول سېلىپ بېقىشقا باشلىدى:

— نوپۇسقا ئالدۇرۇپ يۈرمەيلا «تۇرسۇنجان» دەپ بېقىۋېرىسەن، ئوبۇلقاسىم قايتىپ كەلسىمۇ، ئۆز بالام شۇ، دەپ يۈرۈۋېرىدۇ...

— بولدى ئۇنىڭ ئېتىنى ئاتاپ يۈرمىگىنە! — دىدى نۇرئەلا سوغاققىنا، — بالىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ نوپۇستىن ئۆچۈرگۈزۈۋەتكەن.

— قاچان؟
— ئۆلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا.
پەزىلەت گېلەم توغرىسىدىكى سوئالنى ئەمدى سورىدى:
— بۇنى قاچان ئەكىلىۋالغان؟
— ئوبۇلقاسىم قولغا ئېلىنىغان كۈنىنىڭ ئەتىسىلا، — ھېچقانداق ھېيقماستىنلا جاۋاپ بەردى ۋە قوشۇمچە قىلدى، — بويۇمدا بار ئىدى ئەمەسمۇ؟
— ئەمدىچۇ؟
— ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ تارتقان خاپىلىقىم ئازمىدى؟ بىر گېلىمى قالسا، نىمە بوپتۇ؟
— ئوبۇلقاسىمنىڭ ئائىسىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟
— مەن نىم بىلەي؟
پەزىلەت يەنە جىم بولۇپ قالدى. نۇرئەلا قۇرۇقتىن قۇرۇق ئولتۇرۇۋېرىشتىن ئىزا تارتقان بولسا كېرەك، «جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرغىن، چاي دەملەپ كىرەي» دەپلا چىقىپ كەتتى. پەزىلەت ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاشقا باشلىدى:
«نىمانداق تاش يۈرەك خوتۇندۇ بۇ؟ كويدۇم - ئولدۇم دەپ يۈرۈپ تېگىۋېلىپ، بىر ئوبىدان يىگىتنى بالاغا قويۇپ، ئەمدىلىكتە ...» تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن تىراگېدىيىلىك بىر ۋەقە ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.
...........
«بىرگە زەربە بېرىپ، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەركىتىنىڭ راسا جىددىيلەشكەن ۋاقتى. ئاجايىپ سۈرلۈك تۈسكە كىرگەن مەكتەپ زالى تومۇرلىرى ئەنسىز سوقۇپ تۇرغان مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن لق

تولغان. نۇرئەلا زالنىڭ بىر بۇرجىكىدە، ئوبۇلقاسىم بولسا، ئاي - كۆنى يېقىنلىشىپ قالغان بۇ ئايىلىنى قوغـداۋاتقانـدەك، نۇرئەلا- نىڭ ئۈستىلىنىڭ يولەنچۈكىـنى تۇتۇپ ئۆرە تۇراتـتى، باۋۇدۇن مۇدىر مىكرافۇنغا تۇمشۇغىنى يېقىپ، بىر تالاي «ئۇزۇندە» ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يىغىننىڭ ئاساسىي مەقسىدىگە كوچتى. ئۇ:

— ئىنقىلاۋىي مائارىپ قوشۇنىـمىزغا سوقۇنۇپ كىرىۋالـغان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنـسۇر، — دەپ بولغـىچە، ئوبۇلقـاسىم سەھنىگە چىقىرىپ بولۇنغان، قورقۇپ كەتكەن نۇرئەلا ئارقـىسىغا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى.

— ئالى مەكتەپتە قۇرۇلغان ئەكسىلئىنـقـىلاۋىي گۇرۇھنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرى، قارا چاپارمىنى، ئەزا تەرەققى قىلدۇرغۇچىسى ...

— بوھتان! — دەپ ۋاقىرىدى ئوبۇلقاسىم غەزەپ بىلەن.

باۋۇدۇن ۋاقىراشنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىغا قارشى، يېڭى شەيئىلەرگە چىش - تىرنىغى بىلەن ئوچ...

— بوھتان!

— بوھتان؟ — دەپ تەكرارلـىدى باۋۇدۇن ۋە دەرھال نۇرئەلا تەرەپكە بۇرالدى، — تۇرە ئورنىڭدىن!

ئىككى چاپارمەن ئۇنىڭ پۈتىنى يەرگە تەككۈزمەي شىرە ئالدىغا ئىلىپ كەلدى.

— چىق، شىرە ئۈستىگە چىق!

گۈلسۇم دوختۇر يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— مۇدىر ئۇ ئاران تۇرىدۇ، بىرلا يىقىلسا، تۈگىشىدۇ. تىرىك پاكىتنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈپ قويمايلى، — دەپ يۈرۈپ ئۇنى «سىـ رىك ئۆيۈنى» ئويناش بالاسىدىن ئاران ساقلاپ قالدى.

باۋۇدۇن سوئال قويدى:

— ئېرىك مەيداندا يازغان ئەكسىلئىنقىلاۋىي خىتاپنامە قېنى؟

جان قايغۇسى ئىچىدە قالغان نۇرئەلا ئارانلا جاۋاپ بېرەلىدى:

— بىلمەيمەن؛ ئۇنداق نەرسە كۆرمىدىم.

ئايال چاپارمەندىن بىرسى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە:

— يازدىكى «مۇزايىۋېشى ۋەقەسى» نى ئەسلەپ باق؛ «تور - پەگا» دىگەن شېئىرنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ جاۋاپ بەر! — دەپ ۋاقىردى.

پۈتۈن دىققىتى بىلەن نۇرئەلانىڭ ھالىتىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان پەزىلەتنىڭ يۈرىگى جىغىلداپ كەتتى، جان - جىسمى تەشۋىش تونۇرى ئىچىدە پۇچىلىنىشقا باشلىدى.

«ئەكسىلئىنقىلاۋىي خىتاپنامە»، «موزايىۋېشى ۋەقەسى» دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە بىر گەپ ئىدى. دىخانچىلىق مەيدانىنىڭ مەھسۇلاتىنى سوۋغا قىلىش يولى بىلەن يۇقۇرىدىكى قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئالدىدا خېلىلا يۈز تېپىپ لەززىتىنى تېتىپ قالغان باۋۇدۇن بۇ مەيدان كۆلىمىنى بەش يۈز مودىن كۆپرەككە كېڭەيتكەن، يېرىمىدىن كۆپرەگىگە بۇغداي تېرىتقان ئىدى.

6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇغداي ئورۇش، خامان يېرىنى تۈزلەش ۋە خامان ئېلىش ئۈچۈن مەيدانغا چىقىرىلغان ئىدى. بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئائىلە يوقلاش ئۈچۈن مەيداندىن كەلگەن ئوبۇلقاسىم ئۆز ئايىلىغا ئاتاپ يازغان بىر پارچە شېئىرنى ئوقۇپ بەرگەن

ئىدى. نۇرئەلا «ھېچكىمگە كورسەتمەسلىك» شەرتى ئاستىدا بۇ شېئىرنى ئېلىۋالغان ۋە ئەتىسلا پەزىلەتكە كورسىتىپ ماختانغان ئىدى. بۇ شېئىرنىڭ ھەممىسى مۇنۇ ئىدى:

«تەلۋە ـ نادان توردە، ئاقىل توھپىكار پەگادىدۇر،
چولدە نىمجاندۇر بېلىق، چاققاق يىلان دەريادىدۇر.
نەۋقىران لاچىن قەپەز ئىسكەنچىسىدە، ۋا دەرىخ!
بەختىۇ ـ ئامەت سالما ـ كەسلەنچۈك تۇتالماس سادىدۇر.
كەزدى جۈت، سولدى قىزىلگۈل، ياھرىدى ئازغان ـ تىكەن،
شۇ قىزىلگۈل ئاشىقى ـــ بۇلبۇل قاقاس سەھرادىدۇر.
ئاتەشىن خۇمداندا كويگەن خىش ئېرۇرمەن، دىلرابا،
سۇبھى ـ شام پىكرىم ـ خىيالىم سەن نۇرى ئەلادىدۇر.
جۈپ كوزۇم بولدى بەسىر تۇنجى نەسىل دىلدارىغا،
شۇ مىراسخورۇم مېنىڭ ئاززۇ ـ مۇرادىم شامىدۇر.»

پەزىلەت بۇنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ بولۇپ «يادا بىلەمسەن؟» دەپ سوراپ، «بىلىمەن» دىگەن جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن كوزى قىيمىغان ھالدا كويدۇرۇپ تاشلىغان ۋە نۇرئەلاغا:

ـــ كىشىگە تىنساڭ، ئوبۇلقاسىمنى بالاغا قويىسەن، ئوزەڭمۇ ئامان قالمايسەن، ھەرگىز ئاغزىڭدىن چىقىرىپ تاشلىما! ـــ دەپ تاپىلىغان ئىدى.

ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بېشى، ئالەم مىسلىسىز چوڭ خۇمدانغا قۇياش بولسا، بۇ خۇمداننىڭ پەلەكتىن ئورلىگەن يالقۇنىغا ئوخشايتتى. تىنجىق دىمىقىنىڭ دەستىدىن نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى.

مەكتەپ ئىچىدىكى بەسەي تېرىلىدىغان يەرگە ئىشلەۋاتقان ئايال ئوقۇتقۇچىلار پاقا يوپۇرمىقى بىلەن پىچان بېسىپ كەتكەن كىچىككىنە ئېرىققا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ سايىسىدا ئارام ئالماقتا، پاراڭ سوقماقتا ئىدى. ئاياللارنىڭ گېپى كىيىم - كېچەك تېمىسىدىن ئۆز ئەرلىرى تېمىسىغا كۆچكەندە نۇرئەلا:

— بىزنىڭ ئوبۇلقاسىم شېئىرنى قالتىس يازىدۇ، — دەپ ماختىنىشقا باشلىدى. پەزىلەت ئۇنىڭ يېنىدىلا ئولتۇراتتى. نۇرئەلا شېئىرنى يادا ئوقۇپ تۈگەتمەكچى بولۇپ، بىرىنچى مىسراسىنى باشلىدى - دە، «ۋاي، مۇزاي يېشى!» دەپلا ئىككى پۇتىنى تەڭ كۆتەردى، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ، ئېرىققا قاپلىشىپ قالدى. پەزىلەت قاتارلىقلار ئۇنى تارتىۋالدى ۋە چاچلىرىغا يېپىشقان بۇدۇشقاق، لەش — لۇجىلەرنى ئېرىغدىدى.

— نۇرئەلا، قېنى مۇزاي يېشى؟ — دەپ كۈلۈشەتتى ئاياللار.

— مۇشۇ يېرىمنى چىشلىۋالدى، — دەپ ئوڭ پۇتىنىڭ ھوشۇق ئەتراپىنى كۆرسەتتى نۇرئەلا.

ئىشتىن چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ئاياللار «ھە، نۇرئەلا، پەگادىدۇر مۇزاي يېشى» — دەپ چاقچاق قىلىشىپ چىققان ئىدى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىنلا پەزىلەت ئۇنىڭ پۇتىنى چىشلىۋالغان «مۇزاي يېشى» ئەمەس، بەلكى ئۇ سانچىغان ئاكاتسىيە شوخىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە سەممىلىك بىلەن چۈشەندۈرگەن ئىدى:

— شۇنداق قىلمىسام، سەن ھەممىنى ئوقۇيتتىڭ، بۇ گەپلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، نىمە دەپ جاۋاپ بېرەتتىڭ؟

نۇرئەلا ئىككىنچى بىر كىشىگە دىمەسلىككە قەسەم قىلغان ئىدى، پەزىلەتنىڭ ھازىرقى تەشۋىشى «نۇرئەلا ۋەدىسىدە تۇرغان بولارمىدى - قانداق؟» دىگەندىنلا ئىبارەت ئىدى.

— شېئىرنى تاپشۇر! — دەپ ۋاقىرىدى باۋۇدۇن.

قولاقلىق يارغىدەك شۇئارلار نۇرئەلانى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئارانلا:

— پەزىلەت كويدۇرۇۋەتكەن، — دىيەلىدى.

— تۇرە ئورنىڭدىن!

بۇ گەپ نىياز كېكەچنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ بولغىچە، ئامبۇردەك ئىككى قول پەزىلەتنى ئولتۇرغان ئورنىدىن يۇلۇپ چىقتى.

— راستمۇ؟

— راست.

— نىمشقا كويدۇرۇۋەتتىڭ؟

— پەزىلەت ئەمدى «بېشىمغا كەلگەننى كورەي» دىگەن يەرگە كەلگەن ئىدى. ئۇ ھىچقانداق ئىككىلەنمەستىنلا جاۋاپ بەردى:

— كۆندەشلىگىم كېلىپ.

بۇ گەپكە نىياز كېكەچ بىلەن باۋۇدۇننىڭ ئىشىنىشى تەبىئى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار پەزىلەتنى ئوبۇلقاسىم بىلەن توي قىلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقان ئىدى. ئۇنىڭغا نۇرئەلا تېگىشۋالغاندىن كېيىن پەزىلەتنىڭ كۆندەشلىك قىلىشى مۇقەررەر ئەمەسمۇ؟ نىياز كېكەچ بىلەن باۋۇدۇن ئەنە شۇ سەۋەپ تۇپەيلىدىن، ئارتۇقچە تەرسالىق قىلشمايلا «مەزمۇننى سوزلە!» دىيىشتى. پەزىلەت ماۋۇلارنى كوڭلىدىن ئوتكۇزۇۋالغان ئىدى: ئۇلار بۇ شېئىرنىڭ ئاشۇ بىرىنچى مىسراسىدىن باشقىسىنى قولغا

چۈشۈرەلمىگەن ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇلار بۇ چاق-
قىچە ئالەمنى مالەم قىلىۋەتكەن بولاتتى.

پەزىلەتمۇشۇ ھالقىلىق پەيتنىقولدىن بەرمەي، نۇرئەلانىڭ
ئاغزىغا گەپ سېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى ۋە مۇنداق دېدى:

— ئەسلىشىمچە، ئوتمۇش قاراڭغۇ جەمئىيەتتە زالىم تەلۋى-
لەر تورگە چىقىۋالغان، ھورمەتلىنىشكە تېگىشلىك كىشىلەر پەگەدا
قالغان؛ بىز بولساق، بۈگۈنكى بەختىيار سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە
ئوقۇپ، بىلىم ئىگىسى بولدۇق؛ بىزنىڭ ئەۋلاتلىرىمىز بىزدىنمۇ
بەختلىك ياشايدۇ؛ سىز ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، بالىمىز يورۇق دۇن-
ياغا - سالامەت كوز ئاچسۇن، دىگەن مەزمۇنلار بار ئىدى.

پەزىلەتنىڭ تەمتىرىمەي - ھودۇقماي بەرگەن جاۋابى
قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن
ئىدى. مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، چىشلىرىنى بىلەپ تۇرغان بىر ئۇچۇم
تەلۋىلەر يامغۇردا قالغان كېسەكتەك ئېزىلىشكە باشلىغان ئىدى.
ئەگەر نۇرئەلانىڭ ئاغزىدىنمۇ شۇ سوز چىقىدىغان بولسا ئىدى،
بۇ گەپ شۇ پەردىلا يىغىشتۇرۇلۇپ، پەقەت ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا
جۈرئەت قىلالمىغان بىرلا كىشى تەرىپىدىن پاش قىلىنغان
«گۇرۇھ» دىگەن مەسىلىلا قالغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، نۇرئەلا
باۋۇدۇننىڭ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن قىلىپ باققان ئاخىرقى
بىر ھەيۋىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى.

— باغلا! — دەپ ۋاقىرىدى باۋۇدۇن غەزەپ بىلەن.
ئارغامچا تۇتقان ئىككى چاپارمەن شىرە ئۇستىگە سەكرەپ چىقتى.

— ئەڭ ئاخىرقى بىر مىنۇت، — دەپ پوپوزا قىلدى
باۋۇدۇن، — پولاتتەك پاكىتلار تاغدەك دوۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ. راس-
تىڭنى ئېيتامسەن — يوق!؟

— نۇرئەلا: «راستىمنى دەي، راستىمنى دەي» دەپ دۇدۇقلىدى - دە، پۈتۈن شېئىرنى يادا ئوقۇپ چىقتى.

ئەھۋال مۇرەككەپلەشكەن، خەۋپ يېقىنلاشقان ئىدى. نىياز كېكەچ پەزىلەتكە قاراپ:

— يەنە بىر توچكا ئۇرۇپ قويدۇق. نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر ئۈستىدىن ئەنزە ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان جىنايىتىدىن ئۆلسەڭمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسەن، ئولتۇر! — دەپ دوق قىلدى (بۇ ئىش پەزىلەتنىڭ مەكتەپتىن قوغلىنىشىغا سەۋەپ بولغان ئاساسىي جىنايەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى).

نۇرئەلانىڭ يىقىلىپ چۈشۈشى ۋە تاياق - توقماق ئاستىدا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شىرە يېنىدىن نېرى بولمىغان گۈلسۈم دوختۇر «ھۇ، بىنومۇس!» دەپ تىللىدى - دە، ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى.

— بۇ نەق ئەكسىلئىنقىلابچىدىن چەك - چېگرا ئاجرىتامسەن- يوق!؟

باۋۇدۇننىڭ بۇ سۇئالىنى بىر ئايال ئاكتىپ ئوچۇقلاشتۇردى:

— چەك - چېگرا ئاجرىتىمەن، ھازىرلا ئاجرىشىمەن، دىمەمسەن؟ نۇرئەلا يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— مەن ئۇنىڭ مۇنداقلىقىنى بىلمەپتىمەن، ئېزىپتىمەن، ئالدىنىپتىمەن، ھازىردىن باشلاپلا چەك - چېگرا ئاجرىتىمەن...

............

پەزىلەت يۇقۇرقىلارنى ئويلاۋاتاتتى. نۇرئەلانىڭ رەڭ - چىرايىغا، ياسىنىشىغا قاراپ ھەيران بولۇۋاتاتتى. گىلەمنى ئەكىلۋالغانلىقى ۋە بەھرىنساخان ئانىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكەنلىگىگە نەپرەتلىنىۋاتاتتى.

نۇرئەلا چاپىدان ۋە داستىخان كوتىرىپ كىردى ۋە: «ساقلىتىپ قويدۇم - ھە؟» دەپ ئۆزۈر قويدى. دەل شۇ چاغدا:

— نۇرئەلا، قېنى سەن؟ ماڭمامسەن؟! — دىگەن قوپال ئاۋاز ئاڭلاندى.

پەزىلەت بۇنىڭ باۋۇدۇننىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى دەرھاللا بىلدى ۋە:

— نەگە بارماقچىسىلەر؟ — دەپ سورىدى پەس ئاۋاز بىلەن.

— توي قىلايلى دەپ ئالدىرىتىپ، ئارام بەرمەيۋاتىدۇ.

باۋۇدۇن دەرىزە يېنىغا كېلىپ بولغان ۋە بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ، بايىقىدىنمۇ قوپاللىراق ۋاقىرىدى:

— ئېزىپتىمەن، ئالدىنىپتىمەن دەپ يىغلاپ، كوزۇڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىۋەرمىگەن بولساڭ، نىمە قىلاتتىم مەن سېنى؟ دەۋاتقان گېپىنى قاراڭ! ... چىقامسەن - چىقمامسەن!؟

تامدەك تاتىرىپ كەتكەن نۇرئەلا پايپاسلاپ چىقىپ كەتتى. پەزىلەت ئۇنىڭ پەس ئاۋاز بىلەن ئېيتقان سوزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى:

— ئوبدان باۋۇدۇن، جېنىم باۋۇدۇن، مۇنچە رەنجىمەك. چىقاي دەپ تۇرسام مېھمان كېلىپ قېلىپ ... يۈرۈڭ، بۇ ئويگە كىرىپ جىندەك ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. ھە، راست، پىلىكتەك قويماق بار، چايمۇ دەملەپ قويدۇم. يۈرۈڭا!...

پەزىلەت ھەممىنى چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ، بىر قانچە ئايلار ئىلگىرى گۈلسۇم دوختۇر ئېيتقاندىنمۇ كۆچلۈكرەك تەلەپپۇز بىلەن:

— ھۇ، بەتنۇمۇس! — دىدى - دە، سىرتقا قاراپ ئۇقتەك ئېتىلدى.

## قەلب نەزمىلىرى

پەزىلەت، مېھرىڭىزنىڭ مەھسۇلىدىن خۇشخەۋەر تاپتىم،
مۇشەققەتلىك ئۇزۇن مەنزىل يولىدا ھەمسەپەر تاپتىم.
جاھاندا بىرغىنا ـ تەنھا ئانامغا ــــ مېھرىۋانىمغا،
مېنىڭدەك ئوغلىدىن چەندان ۋاپادار جانكۆيەر تاپتىم.
قارام دولقۇندا، ئاھ، قۇچقان نىمەرسەم لوجە ـ لەش بولدى،
بۈگۈن مەن رازى ئۆمرۈمدىن، جۇلالىق ساپ گوھەر تاپتىم.
چېكىپ زەخمەت قارا تۇندە شاياتۇن ئوينىغان چولدە،
بۈگۈن مېھرى ـ ساداقەت ئەرشىدە ماھى ـ قەمەر تاپتىم.
تەئەججۇپ ئىلكىگە چوكمەك، دىسەم سىغمايدۇ جان تەنگە:
بەختلىكمەن، پەخىرلىكمەن ھەقىقى دىل سۆيەر تاپتىم.

پەزىلەت ياندۇرۇپ ـ ياندۇرۇپ ئوقۇۋاتقان بۇ يالقۇنلۇق نەزىم ــــ ئوبۇلقاسىمنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن بوللىغان يۈرەك سوزى، پەزىلەتكە بولغان چەكسىز ئىخلاس ـ ئىشەنچىسىنىڭ غۇبارسىز دۇردانىلىرى ئىدى. ئوبۇلقاسىم بىر ئويدە تەنھا، ئىگە ـ چاقىسىز، يار ـ يولەكسىز قالغان ئانىسىنىڭ ئالتىنچى قېتىملىق مەكتۇبىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆز ھاياجىنىنى باسالماستىن ئۇشبۇ نەزمىنى يازغان ئىدى.

.....................

«ھۇ، بىنۇمۇس!» دەپ ـ لا سىرتىمقا قاراپ ئېتىلغان پەزىلەت ئۆز ئويىدە ئانىسى بىلەن بىر ھازا پاراڭلىشىپ ـ ئەھۋاللىشىپ

بولغاندىن كېيىن يولغا چىقىپ، ئوبۇلقاسىمنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە، كۈن تېخى تاغ كەينىگە موكىمىگەن ئىدى. بەھرىنساخان ئانا پەزىلەتنى دەرھاللا تونىيالماي قالدى. پەزىلەت:

— بەھرىنساخان ئانا، مەن — پەزىلەت؛ تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغان ئوخشىمامدىمەن؟ — دېگەندىلا، بەھرىنساخان ئانا:

— ۋاي پەزىلەت، قىزىم، كەلسىلە - كەلسىلە، — دەپ بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئورۇقلاپ - جۇدەپ، ئۇششۇك تەككەن ئۈزمە يوپۇرمىقىدەك قارىداپ كەتكەن مەڭزىنى پەزىلەتنىڭ قەھرىۋادەك سارغىيىشقا باشلىغان مەڭزىگە ياقتى ۋە، — كوزۈم تورلىشىدىغان بولۇپ قالدى، كۈن قايرىلىش بىلەن تەڭ بىر نەرسىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەيمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى. سىپىلاپ يۈرۈپ دىگىدەك كورپە سالدى. ئۇ، تېلىپ قالغان سېرىق قوناقنىڭ قاتتىق زاغرىسى بىلەن چىغ چايدانىنىڭ ئىلمان سۈيىدىن بولەك نەرسە بولمىغاچقا، داستىخان سالالماي تىت - تىت بولۇۋاتاتتى. سەزگۈر پەزىلەت:

— بەھرىنساخان ئانا، كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى بولدى، ئاز - تولا مۇڭدىشىۋالايلى، بىر پەس ئولتۇرۇۋالسىلا، — دەپ قولىدىن تۇتۇپ ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. ئۇ بەھرىنساخان ئانىنىڭ سولغۇن چىرايىغا سەپسالدى ۋە ئويلاندى: ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق — نۇرانىلىق نەگە كەتكەندۇ؟ كىچىك باللارنىڭكىگە ئوخشاش يۇمۇلاق، قوي كوزلىرىدە جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان جۇلالىق ئوتلار قېنىدۇ؟ سۇۋادان كوچىتىدەك تىك زىلۋا قەددىنى ئەنجۈر شېخىدەك ئېگىپ - مۈكچەيتكەن زادى قانداق كۈچتۇر؟ ... پەزىلەت ئويلىغانسېرى ئېچىناتتى ۋە ئازاپلىناتتى. ئۇ، قىرۋۇ پەسلىگە يېقىنلاشقان باغ - ۋارانلاردەك يال-

ئاچىلىشقا باشلىغان ئۆي ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئوبۇلقاسىمدىن خەت - خەۋەر بار - يوقلۇغىنى سورىدى. بەھرىنساخان ئانا مۇنداق جاۋاپ بەردى:

— بالامنىڭ ئىخلاسمەن بىر ئوقۇغۇچىسى شۇ مەيدانىنىڭ تىراكتورچىسى ئىكەن. ئۇ شەھەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىم كەلگەندە، مەن بىلەن كورۈشمەي قالمايدۇ. ئوبۇلقاسىم ئوبدان تۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئانا، كۈندىلىك تۇرمۇشلىرى قانداقراق ئوتۈۋاتىدۇ؟

— قانداق ئۆتەتتى؟ — دەپ بىر ئۇلۇق - كىچىك تىندى بەھرىنساخان ئانا، — ماشىنا بار ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ ئانچە - مۇنچە كىيىم - كېچەكلىرىنى تىكىپ بېرىپ جاھاندارچىلىق قىلىغان ئىدىم. ماشىنىنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن...

— كىم ئېلىپ كەتتى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى پەزىلەت.

— پىشانەمگە پۈتۈلگەن شۇ ئوڭلۇقتىن باشقا كىم بولاتتى؟ — دەپ جاۋاپ بەردى ئانا ۋە ئۇنىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئېلىپ كېتىش جەريانىنى مۇنداق سوزلەپ بەردى، — بىر كۈنى ئەتىگەندە توت - بەش كىشى باستۇرۇپ كىرىپ «يەر ئاستى كارخانا قۇرۇپ كاپىتالىزىم يولىغا مېڭىشقا كىم رۇخسەت قىلدى؟» دەپ سوئال - سوراق قىلىشتى ۋە «مۇسادىرە قىلىندى» دەپ ماشىنىنى ئېلىپ مېڭىشتى. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتىمەن. بىر ھازادىن كېيىن كوچىغا چىقىپ قارىسام، پىشانەمگە پۈتۈلگەن ھېلىقى ئوڭلۇق كېلىنىم ماشىنىنىڭ بېشىنى كوتىرىپ كېتىۋاتامدۇ؟ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇقسام، بۇ ئادەملەرنى ئاشۇ سېھرىگەر خوتۇن باشلاپ كەپتىكەن، ماشىنىنى سېتىپ يەپ بوپتىمىش. شۇندىن بۇيان خەخنىڭ بالىسىنى بېقىۋاتىمەن.

ئىشقىلىپ، كۆڭلۈم ئۇتتۇۋاتىدۇ. لېكىن ئۇبۇلقاسىم بالايىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا قۇربىتىم يەتمەيۋاتىدۇ.

............

پەزىلەت ئۇيگە قايتقاندىن كېيىن بۇ ۋەقەلەرنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى، نۇسرەتخان ئانا چوڭقۇر ئېچىنغان هالدا مۇڭداق دىدى:

— بالام، ئۈچ كۈندە بىر ناشتا قىلساقمۇ، شۇ ئىگە - چاقىسىز خوتۇننى تاشلىۋەتمەيلى.

پەزىلەت بەھرىنساخان ئانىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ تۇردى. ئېھتىياجلىق دورىلارنى ئىزلەپ تېپىپ ئاپىرىپ بەردى. كوزىنىڭ خىرەلىگى ئاستا - ئاستىلاپ ساقىيىپ، چىراق يورۇغىدا يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلەيدىغان هالغا كەلدى. پەزىلەت نۇسرەتخان ئانا بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز ئۆيىدىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئاپىرىپ بەردى. بەھرىنساخان ئانا كۈندۈزى بالا باقسا، كېچىلىرى يىڭنە ئىش قىلىپ تۇرمۇشىنى بىر قەدەر ياخشىلىدى ۋە ھەتتا ئۇبۇلقاسىمدىن خەۋەر ئالالايدىغان هالغا كەلدى.

ئاشۇ يىللاردا كىشىلەر ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن «ئالدى ئىشىكتىن يىڭنە پاتمايدۇ؛ ئارقا ئىشىكتىن، پويىز قاتنايدۇ» دىگەنگە ئوخشاش بېيىتلار بىلەن «مىلىك تۇنۇشتۇرۇشتىن بىر تونۇش ئەلا» دىگەنگە ئوخشاش ماقاللارنىڭ رىئاللىق ئاساسى يوق ئەمەس ئىدى. پەزىلەتكە ئوخشاش پۇلى ئاز، ئېھتىياجى كوپ كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، تونۇشلار ئارقىلىق بىر ئامال قىلىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. پەزىلەت ئۇبۇلقاسىمنىڭ سالامەتلىگىگە ئېھتىياجلىق بولغان دورا، ھەسەل، قوي يېغى قاتارلىقلارنى زىياۋىدىن ئاكامنىڭ سوغاق سارايىنىڭ سىرتىدا قالغان تونۇش - بىلىشلىرى

ئارقىلىق ھەل قىلىپ، بەھرىنساخان ئانىغا ئەپكېلىپ بېرىپ تۇر-
دى. «پېشانىسىغا تورەلگەن كېلىن» نىڭ دەردىنى كوپ تارتقان.
بەھرىنساخان ئانا پەزىلەتنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىدىن چەكسىز مەم-
نۇن بولدى ۋە ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈندى. ئۇ، ھەر قېتىم ئوبۇل-
قاسىمغا خەت - خالتا ئەۋەتكەندە، پەزىلەتنىڭ غەمخورلۇغىنى
ئىزھار قىلماي قالمايتتى. ھەتتا پۈتۈن خەتنىڭ كوپ قىسمى
پەزىلەتنىڭ پەزىلىتىنى تەرىپلەش بىلەن تولغانمۇ بولاتتى. ئۇ،
كوپ قېتىملىق سىردىشىشلار نەتىجىسىدە، پەزىلەتنىڭ يۈرەك سىر-
لىرىنى بىلىۋالغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئوبۇلقاسىمغا يازغان ئالتىنچى
قېتىملىق خېتىنى پەزىلەتكە بولغان چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە بۇ
ئىككى ياشنىڭ بەختلىك ئىستىقبالىغا بولغان بۈيۈك ئارزۇ - ئىشەن-
چىسىنى توزىماس گۈل - چېچەكلىرى بىلەن تولدۇرغان ئى-
دى. بۇ گۈل - چېچەكلەرنى رەتكە تىزغاندا، مۇنداق بىر نەزىم
شەكىللەنگەن بولاتتى:

ئەزىز ئوغلۇم، جاپا سەھراسىدىن مېھرى - ۋاپا تاپتىم،
پەزىلەت ئىشقى - مېھرىدىن بۇ دەردىمگە شىپا تاپتىم.
ئۇزاق تۈنلەر ئۇراتتىم ئاھ، چوكۇپ غەم - غۇسسىغا تەنھا،
بۈگۈن دىل سىردىشى - شېرىن زۇۋان بۇلبۇلگويا تاپتىم.
نەپەستىن قالغىدەك بولغان ئىدىم تىنجىق - بورۇختۇمدا،
گويا چەكسىز گۈلىستان - باغ ئارا خۇشبۇي ھاۋا تاپتىم.
ئېرىپ كەتكەن يېغى كوزنىڭ چىدالماي دەرت - پىراقىڭغا،
كوزۇم سۈرمەك ئۇچۇن نەرقى - باھاسىز تۇتىيا تاپتىم.
ھاياتىمنىڭ بىناسى گۇم ئىدى ھىجران بورانىدا،
بۈگۈن گويا بوسۇغا، تۈۋرۈكى مەرمەر بىنا تاپتىم.

لەھەتنىڭ تەكتىگە مەھكۇم پېقىر - مىسكىن ئىدىم، بىلسەڭ،
قۇياشنىڭ ۋەسلىنى روشەن كورەرگە تىك قىيا تاپتىم.
ئۇلۇغ ئادەم - ھاۋا نەسلى ئىچىدىن ئىزلىسەڭ مىڭ يىل،
جورى - جۈپتى تېپىلماس مېھرى ئاتەش دىلرابا تاپتىم.
پۈتۈن ئۆمرۈم بويى كورسەم سېنى شۇل دىلرابا بىرلە،
دېگەيمەن: بۇ جاھان دىشۋاسىدىن مەڭگۈ ئادا تاپتىم.

ئەگەر بەن ئۆز گەرتىش مەيدانىدا تۇرۇۋاتقان بىر سىياسى مەھبۇس ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق روھىي ئوزۇق، مەنىۋى كۈچ - قۇۋۋەت بارمۇ؟ كويۇمچان ئانىنىڭ مۇبارەك قولىيازمىسىنى تاپشۇرۇۋالغان ئوبۇلقاسىم يۇقۇرقى خەتنى — بىزنىڭ پەزىلەت ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ ئوقۇۋاتقان يالقۇنلۇق نەزمىنى يازغان ئىدى. بۇ نەزىم پەزىلەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇ، ئۆز ئىچىدە ئوقۇيتتى، ئوقىغانسېرى جانلىناتتى، ھاياجانلىناتتى. ئاخىرى ئۇ: «تەئەججۈپ ئىلكىگە چوكمەك ...» دېگەن مىسرالارنى يەنە بىر قېتىم ئۈنلۈك تەكرارلىدى - دە، قولىغا قەلەم ئالدى. پەزىلەتنىڭ كوڭلىدەك ئاپپاق ۋاراقلار بىر كېچىلىك جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگەك نەتىجىسىدە سۆيگو - ساداقەت، مېھرى - ۋاپا گۈل - چېچەكلىرى بىلەن بېزەلدى. گويا بۇ گۈل - چېچەكلەر ۋىسال تاڭلىرىنىڭ جانغا ھوزۇر بەخش ئەتكۈچى سالقىن شامىلى بىلەن ھەممە ياققا خۇشپۇراق تارقاتماقتا ئىدى. گويا بۇ خۇشپۇراقلار ھىجران چوللىرىدە جاراھەتلەنگەن سان - ساناقسىز يۈرەكلەرگە شىپا بولماقتا ئىدى. پەزىلەت ئاخىرقى چېكىتنى قويۇپ بولدى - دە، قولىيازمىنى قولىغا ئالدى ۋە خۇددى ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرى ئالدىدا دىكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك جانلىق، ئىنتوناتسىيىلىك ئوقۇدى:

مۇبارەك مەكتۇبىڭ گۈلزارى ئىچىدە خۇش ناۋا تاپتىم،
داۋاسىز دەردۇ - رەنجىمگە شىپالىق بىر كىميا تاپتىم.
ۋاپا يامغۇرلىرى تۆككەن بۇلۇتتۇر ۋارىغىڭ گويا،
جاپا سەھراسىدا چاڭقاش ئازاۋىدىن ئادا تاپتىم.
ئۇرالغان يەر - زېمىن، ئاسمان جاھالەت ياپقۇسى بىرلە،
گويا دانكو قولىدا پارلىغان مەشئەل - زىيا تاپتىم.
غېرىپچان ۋەسلىگە شامۇ - سەھەر تەشنا سەنەم گەردىم،
جۇدالىق دەشتىدە غەييۇر غېرىپتەك جان پىدا تاپتىم.
نەئەججۇپ ئېلىگە چوكسۇن نىمىشقا شۇل سەنەمجانىڭ،
دىگىن چەكسىز ئىشەنچ بىرلە: ھەقىقى دىلرابا تاپتىم!...

## جان بولسا، جاھان ...

زىياۋىدىن ئاكا ئۆز خېتىدە «سېتىپ خىراجەت قىلىپ تۇرۇڭلار» دەپ تاپىلىغان دۇراپ پەلتۇ بىلەن كەچەت تۇماقىنىڭ پۇلى تۈگەپ بولغىلى نەۋاخ، پەزىلەتنىڭ «كەپتىرى» ① مۇ ئاللىقاچان ئۇچۇپ كەتكەن. نۇسرەتخان ئانىسىنىڭ ئانىسىدىن قالغان تەۋەرۈك قارا نىمچىمۇ دوپپىچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئونلىغان بادام دوپپىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلار نورما - نوپۇسسىز دىلمۇراتنى ساغلام ئۆستۈرۈش، بەھرىنساخان ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش ۋە ئۆزلىرىنىڭ سېرىقتال ھالەتتە ئۆتۈۋاتقان تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق سىغىنغان كۆڭۈلەرگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قول - ئىلگىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مېھرىدىن كېچىشكە تەييار ئىدى.

① كەپتەر — «كەپتەر» ماركىلىق ۋەلىسىپىت

— جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، — دەيتتى نۇسرەتخان ئانا مال - دۇنيانى قاچە مەنسىتمەي، — مۇنۇ قول سائىتىمنى ۋاكالىتەن سېتىش ماگىزىنىغا ئاپىرىپ بېرىپ كەلگىنە.

— مېنىڭكىنىمۇ بېرىۋېتەيمۇ؟

— مەيلىڭ.

...

بۈگۈن يەنىلا پۇل لازىم ئىدى. پەزىلەت ئۆز قولىغىدىكى شاپتۇل چېچىكى ياقۇت كوزلۇك ھالقىسىنى سېتىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى.

— بۇ قېتىم ئۆزەم سېتىپ باقايمىكىن؟ — دەپ مەسلىھەت سالدى ئۇ، — ۋاكالىتەن سېتىش ماگىزىنىدىكىلەر بەك ئەرزان سورايدىكەن، سېتىپ بولمىغىچە پۇلنى بەرمەي، ئاۋارە قىلىدىكەن.

— مەيلىڭ، — دەپ جاۋاپ بەردى نۇسرەتخان ئانا بۇرۇنقىدەكلا.

.........

پەزىلەت ئۆمرىدە كەلگەندىن بۇيان يۈز تۇرانە سودىلىشىپ بىر نەرسە سېتىپ باقمىغان ئىدى ۋە قانداق سېتىشنىمۇ بىلمەيتتى. ھازىر ئۇ، بىر جۈپ ھالقىنى چىڭ سىقىمدىغان ھالدا زەرگەر دۇكانلىرى ئالدىدا ئايلىنىماقتا ئىدى. بىر قىسىم خېرىدارلار ھەر قايسى زەرگەرچىلىك دۇكانلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق زىننەت بۇيۇملىرى تاللىماقتا، ئۆز ئارا باھا تالاشماقتا. لېكىن پەزىلەتكە قارايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئاخىرى ئۇ، بىر پاي ھالقىنى ئۆڭ قولىنىڭ ئالقىنىدا لەرزان چۈشۈرۈشكە، شۇ تەرىقىدە ئەتراپنى چوكىلەشكە باشلىدى. بىر ھازادىن كېيىن مەڭزىد

دىن قان ئورلەپ تۇرىدىغان سالاپەتلىكقىنا بىر ئادەم يېقىن كېلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— سىڭلىم بۇنى ساتامىلا؟ — دەپ سورىدى. پەزىلەت ئوتتۇز - ئوتتۇز ئۈچ ياشلار ئەتراپىدا كورۇنىدىغان بۇ ئادەمگە ۋە يان - يېنىغا بىر قاردۋەتكەندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى.

— يۇرسىلە، دالدىدىراق سوزلىشەيلى، — دىدى خېرىدار سىلىق - سىپايىلىق بىلەن.

پەزىلەت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ تار كوچىغا كىردى.

— كورۇپباقاي، — دەپ قول ئۇزاتتى خېرىدار خېلى ئىچكىرلىگەندىن كېيىن ۋە هالقىنى كۇنگە تۇتۇپ، بىر كوزىنى قىسىپ، بىر هازا قارىغاندىن كېيىن باهاسىنى سورىدى.

— بۇيرۇتۇپ ياساتقان، بىر يۇز يەتمىش يۇەنگە پۇتكەن ئىدى، — دەپ راستىنى ئېيتتى پەزىلەت، — باها تالاشمايمەن، بەرگەنلىرى هىساپ.

خېرىدار تازا سىنچىلاپ يەنە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن:

— قارىسام، مال - دۇنياغا كوز - قارىنى توق ئادەمنىڭ بالىسى ئوخشايلا. ئوشۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس، بىر يۇز يىگىرمە يۇەنگە بېرىۋېتەملا؟ - دىدى.

«ۋاكالىتەن سېتىش ماگىزىنىغا ئېلىپ بارغان بولسام، يەتمىش يۇەندىن ئاشمايتتى، — دەپ ئويلىدى پەزىلەت، — مال تونۇيدىغان ئادەم ئوخشايدۇ. ماقۇل دىيىشكە ئالدىراپ كەتمىسەم بولىغىدەك.»

خېرىدار يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مەنمۇ كەم سورىمىدىم. قارىسىلا، نىماندىق يەرگە قاراپلا تۇرۇۋالىلا؟ ماقۇل، يۇز ئوتتۇز يۇەنگە بېرەملا ئەمىسە؟

پەزىلەت ئىتتىكلا جاۋاپ بەردى:

— ماقۇل.

— ھەر ئىككى كوزى ئوخشاشمۇ - قانداق؟ — دەپ سورىدى خېرىدار شوبھىلەنگەندەك.

— ئوپ - ئوخشاش، — دەپ جاۋاپ بەردى پەزىلەت ۋە جۇپتىنىمۇ ئۇزاتتى.

— يۇرۇڭ! — دېدى ئۇ تەلەپپۇزىنى «سىلى - ئوزلىرى»دىن «سىز» گە ئوزگەرتىپ، — پۇلىڭىزنى ئېلىپ بېرەي.

ئۇ، بىر جۇپ ھالقىنى يانچۇغىغا سالغان پېتى ئالدى - كەينىگە قارىماي خاتىرجەم كېتىۋەردى، پەزىلەت ئارقىسىدىن مېڭىۋەردى: چوڭ يولغىمۇ چىقتى، خېرىدار توختايدىغاندەك ئەمەس. پەزىلەت ئاخىرى تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:

— نەدىن ئېلىپ بېرىسىز؟

خېرىدار تەپتارتماستىنلا سوئال قويدى:

— نىمىنى؟

— ھە؟ نىمە دەۋاتىسىز؟ مېنى بوزەك ئېتەمەن دەۋەتامسىز!؟

— ئاۋازىڭىزنى ئوچۇرۇڭ! — دەپ خىتاپ قىلدى خېرىدار پەس، لېكىن جىددى تەلەپپۇزدا، — ياخشىلىقچە قايتىپ كېتىڭ، بولمىسا، ئوزىڭىزنى «ئوماچ پونكىتى» ① دا كورىسىز!

بېشىدىن ئىسسىق - سوغاق ئوتمىگەن بىر ئادەم بولغىنىدا ئىدى، بۇ جايىنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ تەشۋىشكە چۇشكەن ۋە ھەر قانداق نەرسىنىڭ مېھرىدىن كەچكەن بولاتتى. پەزىلەت ئانچىمۇ قورقۇپ كەتمىدى.

---

① ئوماچ پونكىتى — ئوز دەۋرىدىكى ئاتالمىش «يىغىۋېلىش ئورنى» غا خەلق تەرىپىدىن قويۇلغان نام.

— بارسام - بېرىۋېرىمەن، يۈر! — دەپ بۇيرۇق قىلدى
ئۇ، — مەن ماكانسىز ئەمەس، ئوغرى - بۇلاڭچى ئەمەس؛ ئۇ
يەردىن قورقۇپمۇ كەتمەيمەن!

خېرىدار خېلىلا جىددىيلەشكەن ئىدى. ئەمدى ئۇ ئاۋازىنى
تېخىمۇ پەسەيتىپ تەھدىت سېلىشقا باشلىدى:

— ئۇ يەر قىز بالا بارىدىغان يەر ئەمەس. ياخشىلىقچە
قايتىپ قېلىڭ!

پەزىلەت ئاۋازىنى قويۇۋەتتى:

— ھەي كۈندۈز بۇلاڭچىسى، يا ھالقىنى بەر، يا پۇلىنى!
بولمىسا، يۈر، بارىدىغان يەرگە ئۆزەم باشلاپ باراي!

بىر مۇنچە كىشىلەر ئولاشتى ۋە سوراشقا باشلىدى.

— مەن بازار باشقۇرۇش كادىرى، — دەپ ئۆزىنى تونۇش-
تۇردى ھېلىقى بۇلاڭچى، — مۇنداق نەرسىلەرنى باشقۇرۇش
ھوقۇقىمىز بار!

توت ئادەم يىغىلغان يەرگە بازار باشقۇرۇش خادىملىرى
ئۈنەي قالمايتتى. بىرەيلەن:

— سەن بازار باشقۇرۇش خادىمىمۇ؟— دىگەن سوراق بىلەن-
لا ئۇنىڭ كارنىيىنى سىقتى، — ئېيت، قايسى بازارنى باشقۇر-
دىغان نىمىسەن؟!

— مەن سىلىنى ئىزلەپ كېلىۋاتقان ئىدىم، سىلىگە بىرەي
دىگەن ئىدىم، — دەپ يانچۇقىدىن ھالقىنى چىقاردى ئۇ.

— ئېلىپ بېرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ھالقىنى
تاپشۇرۇۋالغان كىشى. ئاڭغىچە، ئۇچۇپ چۈشكەنلىگىنى ياكى ئۈنۈپ
چىققانلىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر بولۇم بازار باشقۇرۇش خا-
دىملىرى تېپىپ - دەسسەپ، مۇشتلاپ سورەپ ئېلىپ كەتتى.

پەزىلەت ھىلىقى «ھەققانىيەتچى» گە ئۈمىت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ، پەزىلەتكە قاراپمۇ قويماي كەتتى. پەزىلەت ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

— ھالقا مېنىڭ ئىدى، — دەپ قولىنى ئۇزاتتى.

— باشقۇرۇلدى! — دېدى «ھەققانىيەتچى» كورەڭلىك بىلەن.

«تاماشا» كورۇشكە ئامراق يولۇچىلار يەنە ئولاشقان ئىدى. پەزىلەت ھودۇقماستىن تەلەپ قويدى:

— ئۇنداق بولسا، رەسمىيەت بىلەن تاپشۇرۇۋېلىڭ؟

— قانداق رەسمىيەت ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سوئال قويدى «ھەققانىيەتچى» تاتارغان ھالدا.

— ماڭا تالۇن كېرەك، ھوججەت كېرەك!

«تاماشىبىنلار» پەزىلەتنىڭ تەلىۋىنى قوللاپ، غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى:

— راست ئەمەسمۇ؟ تالۇن بەرمىسە بولامدۇ؟

— ۋاقتى كەلگەندە، كىمدىن سۈرۈشتۈرىدۇ؟

— ............

«ھەققانىيەتچى» ئىلاجسىز ھالدا تالۇن دەپتىرىنى چىقاردى - دە، بىر كاتەكچىگە پەزىلەتنىڭ ئىسمىنى، يەنە بىر كاتەكچىگە «بىر جۈپ ھالقا» دەپلا يېزىپ پەزىلەتكە ئۇزاتتى:

— بولدىمۇ ئەمدى؟

— تۈزۈك يېزىڭ! — دەپ قايتۇرۇپ بەردى پەزىلەت، — بىر جۈپ شاپتۇل چىچەكلىك ياقۇت كوزلۇك زەر ھالقا، باھاسى بىريۈز يەتمىش يۈەن، دەپ يېزىڭ، ئىسىم — پامىلىڭىزنىمۇ يېزىڭ!

«تاماشىبىنلار» پەزىلەتنىڭ قورقۇمسىزلىقىغا، پەم - پارا-

ستىگە ئاپىرىسىن ـ تەھسىن ئوقۇشقا، ئۇز ئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدى:

— «بىر جۈپ ھالقا» دەپ يېزىپلا ئالتە موچەنلىك ھالقىدىن بىر جۈپنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، بۇنى چونتەككە سالماقچى ـ دە، ئۇستىلىغىنى قاراڭلار!

— يامان قىز ئىكەن، بوش كەلمىدى ...

«ھەققانىيەتچى» تولۇقلاپ يېزىلغان تالۇننى قوپاللىق بىلەن ئۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كەتتى.

«تاماشىبىنلار» ئۇز ئارا غۇلغۇلا قىلىشىپ قالدى:

— «ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ» دىگەن شۇ ـ دە!

............

پەزىلەت بۇ ئەھۋالنى بايان قىلغاندا، نۇسرەتخان ئانا يەنىلا:

— بوپتۇ بالام؛ «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان»؛ ئۇنچىلا قىلىپ كەتمىگىن، ھوججەتنى تۈزۈكرەك يەردە قويغىن، — دىدى.

— بۇنى نىمە قىلغىلى بولىدۇ، ئانا؟

— زامان مۇنداق بولۇۋېرىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ۋاقتى كەلگەندە، بۇنىڭمۇ ئىستەك ـ سورىغى بولىدۇ.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى پەزىلەت مەيۇسلىنىپ.

دەرۋازا قېقىلدى. پەزىلەت ئىتتىك قوزغالدى، ھايال ئۆتمەي ئۇ ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. مېھماننىڭ قولىدا ئىسسىق يوگەلگەن بوۋاق تۇراتتى.

— دوختۇر، — دەپ ئىلتىجا قىلدى مېھمان تىترەك

ئاۋاز بىلەن، — نەۋرەمگە بىر قاراپ باقسىلا، ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، شالى ئېقىۋاتىدۇ. ئانىسى بەك ئەنسىرەۋاتىدۇ.

راست، بوۋاقنىڭ پېشانىسى ئوتتەك قىزىق، يۈزلىرى ئاناردەك قىزىل ئىدى، ئۈزلۈكسىز ئېقىپ تۇرغان شالى يوگەكنىڭ ئازراق يېرىنى چىلىق - چىلىق ھول قىلىۋەتكەن ئىدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى نۇسرەتخان ئانا تەپسىلى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، — چىش چىقىۋېتىپتۇ. مۇنداق چاغدا ھەر قانداق بوۋاقتا بۇ خىل ئەھۋال يۈز بېرىدۇ.

— دورا ... — دېدى مېھمان يەنە تەلمۈرۈپ.

— دورا بىھاجەت. ھەرگىز ئەندىشە قىلمىسىلا، ئەتىلا ۋىلىقلاپ كۆلۈپ كوز ئاچىدۇ.

بۇ مېھمان كوڭلى ئىنز جايىغا چۈشكەندىن كېيىنلا قائىدە - يوسۇننى يادىغا كەلتۈردى - دە، زىياۋىدىن ئاكامىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە ئوبدان تونۇشىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. «كەم تېپىلىدىغان ئادەم» دەپ ماختىدى. پەزىلەت تېخىچە بايىقى خاپىلىقنىڭ تەسىرىدىن خالاس بولمىغان بولسا كېرەك، مېھمان سوراپ قالدى:

— پەزىلەتقىز خاپا كورۈنىدىغۇ؟

نۇسرەتخان ئانا قىسقىغىنا جاۋاپ بەردى. مېھمان «ھەي ...» دەپ بىر ھەسرەتلەنگەندىن كېيىن:

— بۇرۇنراق خەۋەر تاپقان بولسامچۇ؟ — دەپ ئەپسۇسلاندى ۋە ئەسكەرتتى، — بىز زىياۋىدىن ئاخۇننىڭ ياخشىلىقىنى كوپ كورگەن. ھەر قانداق خىزمەتلىرى بولسا چاقىرتىۋەرسىلە.

مېھمان ئوزىنىڭ ئىسىم - ئادرېسىنى ئېنىق يېزىپ بەردى ۋە ھەر قانداق سودا - سېتىق ئىشلىرى بولسا، بىجانىدىل، خا-

لىسى بېجىرىپ بېرەلىدىغانلىغىنى تەكرار - تەكرار ئىزھار قىلدى.

نۇسرەتخان ئانا بۇ خالىس نىيەت كىشىنى: «ماقۇل. رەھمەت: بالا شامالداپ قالمىسۇن» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئۇزىتىپ قويدى.

پەزىلەت بايىقى سوئالىنى قايتا تەكرارلىدى:

— ئانا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق؟ «غەزىنە» نى ئاچايلى، — دەپ جاۋاپ بەردى ئانا ۋە، — ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىغا بىر قاراپ كىرەي، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

«غەزىنە» — نۇسرەتخان ئانىسىدىن قالغان كىچىككىنە تۆمۈر ساندۇق ئىدى، ئۇنىڭدا قالغىنى پەقەت توت سەر ئېغىرلىقتىكى بىر جۈپ ئالتۇن بىلەيزۈك بىلەن قەدىمقى نۇسخىدىكى بىر جۈپ ئالتۇن زەر بىلەن بىر پارچە زىخچا ئالتۇن ئىدى. بۇ ساندۇقنى ئۇلار ئۆي ئاقتۇرۇش دولقۇنى يېتىپ كېلىش ھارپىسىدا مورىنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلاپ كەلگەن قىممەتلىك كىتاپلىرىنى تىزىپ، مورىنى چاپلىۋەتكەن ئىدى. چاپلىۋېتىلگەن جايىنى بولسا، ئاپپاق ئاقارتىپ، رەڭدار نەقىشلەپ، «ئۈزۈندە» بىلەن تولدۇرۇۋەتكەن ئىدى. باستۇرۇپ كىرگەن «قىزىل قوغدىغۇچىلار» پۈتۈن ئۆينى ئوڭتەي — توڭتەي قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، «ئۈزۈندە» نىڭ خاسىيىتى تۈپەيلىدىن بۇ جايغا چېقىلىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. پەزىلەت ھازىر شۇ مورا تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى، دىلمۇرات يىغلاپ ئويغاندى. پەزىلەت ئۇنى ئەركىلىتىپ، پەس قىلاي دەپ تۇرغاندا، نۇسرەتخان ئانا كىردى - دە:

— قوي، بىردەم يىغلاپ تۇرسۇن، — دېدى ۋە ھەيران بولۇپ تۇرغان پەزىلەتكە چۆشەندۈردى: — ئىشىكىگە قولۇپ سېلىنقلىق تۇرىدۇ. بىز بۇ يەرنى چىقىپ بولغىچە، كەكە - پىچاق ئاۋازىنى بېسىپ كەتكىدەك يىغلاپ تۇرسۇن، بول!

دىلمۇرات يىغلىماقتا، پەزىلەت مورىنى چاقماقتا، نۇسرەتخان ئانا ھويلىدا تۇرۇپ سىرتنى كۆزەتمەكتە. ئۆي ئىچىدىكى سادىغا قۇلاق سالماقتا ئىدى. ئۆيلىخاندەكلا، دىلمۇراتنىڭ ئاۋازى پەزىلەتنىڭ قولىدىكى كەكىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتمەكتە ئىدى. نۇسرەتخان ئانا بايىقى مېھمانىنىڭ «ئەتە جەزمەن كېلىمەن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى: «زىنخچا ئالتۇننىلا كۆرسىتىپ باقىمەن، باشقىسىغا تەگمەيمەن» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ.

— ئانا!..

نىمانچە ئەنسىز ۋاقىرايدىغانسەن؟ — شۇ سۆز بىلەن تەڭ ئىشىكتىلا كىرگەن نۇسرەتخان ئانا، «ئىسست» دەپ پىشانىسىگە بىرنى ئۇرغانچە ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

مورا ئىچى قۇپ - قۇرۇق بولۇپ، مورا تېمىنىڭ ئۇچاققا ئۇدۇل قىسمىدىكى باش پاتقىدەك جاي قۇرۇمسىز - ئاق ئىدى.

بۇ تام تۇنسا كاس - كاسىنىڭ مېھمانخانىسى بىلەن تۇتاش ئىدى. نۇسرەتخان ئانا بىلەن پەزىلەت «غەزىنە» نى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن مورىنىڭ تېگىنى كولاۋاتقان چاغدا، ئۇلارنىڭ تۇيۇپ قالغانلىقى ۋە مەلۇم مەزگىلدىن كېيىنلا تامنى تېشىپ، ئۇندىغا چاڭگال سالغانلىقى، كامارنى بولسا، خام كېسەك بىلەن ئېتىۋەتكەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— ئىسست! — دەپ تەكرارلىدى نۇسرەتخان ئانا، — سىرغىغا ئورنىتىلغان ئاق قۇناق چوڭلۇقىدىكى ئۇن دانە گوھەر

تاشنىڭ ھەر بىرى مىڭ نەچچە يۈز يۈەنگە يارايتتى!

نۇسرەتخان ئانىنىڭ دېگىنى راست ئىدى. بىلەيزۈككىمۇ مۇنداق گوھەردىن قاتار - قاتار ئون ئىككىسى ئورنىتىلغان ئىدى. بۇ تاشلار ئاجايىپ جۇلالىق نۇر چېچىپ تۇراتتى. نۇسرەتخان ئانىنىڭ ئانىسى بۇ تەۋەررۈكلەرنى مىراس قالدۇرغان چېغىدا: «قىزىم، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ـــ يەتتە ئەجدادىمىزنىڭ قولىدىن ئۆتكەن تەۋەررۈك: سەنمۇ ئەۋلادىڭغا مىراس قالدۇرارسەن» دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. نوسرەتخان ئانا ئۇنى شانۇ - شەۋكەتلىك قاراخانىلار دەۋرىنىڭ تەۋەررۈكى، ھىچبولمىغاندا، سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ راسا گۈللەنگەن چاغلىرىنىڭ يادنامىسى؛ مومىلىرىمىزنىڭ بىرەرسى ئاشۇ سولتانلىرىمىزنىڭ بىرەرسىنىڭ مەلىكىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلاتتى. مۇنداق قىممەتباھالىق مەدىنى مىراسنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىدىغان كۈنلەرگە ئۇلاشقاندا، تېگىشلىك ئورۇنغا تەقدىم قىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھېچنىمىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان بىر قارا قوساق قۇلاق كەستىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى!

— مەن ئەرز قىلىمەن! ساقچى باشلاپ كېلىمەن! — دېدى پەزىلەت يېرىلىپ كەتكىدەك ئاچچىقى بىلەن.

— ۋاقتى ئەمەس، — دېدى نۇسرەتخان ئانا، — ئۇلار بۇنى ئاسانلىقچە بىر كىمگە كورسىتىشكە پېتىنالمايدۇ، يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. داداڭ كەلگەندە سۈرۈشتۈرەيلى!

نۇسرەتخان ئانىنىڭ تەھلىلى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى: ھازىر تۇنسا كاس - كاس بىلەن نىياز كېكەچنىڭ كۈنى تۇغقان پەيت. ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېتىشكە مۇھتاج ئەمەس؛ سېتىش جەريانىدا بىلىنىپ قالىدىغانلا بولسا بېشىغا قونغان ئامەت قۇشىنىڭ ئۇچۇپ كېتىشى مۇقەررەر.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ئېيتۋەت، — دېدى ئانا دىلمۇراتنى قۇچىقىغا ئېلىپ، — ئازراق لاي ئېتىپ، مورىنى چاپلىۋېتىپ تۇرغىن. قالغان مەسىلىھەتنى داداڭ كەلگەندە قىلىشارمىز.

پەزىلەت بىر داس لاي ئېتىپ كىردى ۋە مورىنى چاپلاشقا كىرىشتى. ئۇ:

— شىفۇلۇڭ دۇخاۋا كويىنىكىمنى سېتىۋېتەيمۇ؟ — دەپ سورىدى پۇچۇق كېسەكنى ئوز جايىغا چاپلاۋېتىپ.

— ھېلىقى كىشى كەلسە، ماۋۇ گىلەمنى كورسىتىپ باقايلى، — دېدى ئانا ۋە يەنە تەكرارلىدى، — جان بولسا، جاھان...

## يېتەكچى

قارا توھمەت خۇددى زاغ، ئەللەي مۇرات، ئەللەي،
تىرنىغىدا قەلبىم داغ، ئەللەي مۇرات، ئەللەي.
ئاتام بىلمەس ھالىمنى، ئەللەي مۇرات، ئەللەي،
كىمگە ئېيتاي ئاھىمنى، ئەللەي مۇرات، ئەللەي.
..........

نىسبى شەپ. دەرىزىدىن كىرگەن ئوكتەبىر شامالىلىرى يەلكىنى قورۇماقتا. ئىككىنچى قېتىم يىغلاپ ئويغانغان دىلمۇرات ئۇخلاپ قالغىلى نەۋاخ. پەزىلەت تېخىچە بوشۇك تەۋرەتمەكتە. ئۇنىڭ «ئەللەي بالام» دېيىشتىن ئوڭايسىزلىق - قورۇنۇش ھېس قىلىپ، «ئەللەي مۇرات» دەپ ئوقۇيدىغان مۇڭلۇق بوشۇك

ئاخشىمغا بۈگۈن يەنە يېڭى بىر مەزمۇن قوشۇلغان، ئۇ، ئەللەي ئېيتماقتا، ياش توكمەكتە، ئەسىر ـ ئاماز شام ئارىلىقىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقەنى ئەسلىمەكتە...

پەزىلەت دىلمۇراتنى قىزغىن ئوينىتىۋاتقاندا، زىياۋىدىن ئاكام ھويلىغا كىرىپ كەلدى. پەزىلەت دىلمۇراتنى كۆتەرگىنىچە، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇچتى:

— دادا !...

ئۇ، پۈتۈن دەرت ـ ئەلەملىرىنى ئۇزاقتىن بۇيان سېغىنغان بۇ جانكويەرنىڭ قۇچىقىغا توكۈپ بېرىشنى، ئۇنىڭ ئاتىلىق تەسەل-لىلىرىنى ئاڭلاشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە؟ لېكىن زىياۋىدىن ئاكام بىر پەس تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن گەپ ـ سوز-سىز مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى.

نۇسرەتخان ئانا ئويدە يوق ئىدى. ئۇ، ئاھالە كومىتېتىنىڭ سوغاق مەجلىسخانىسىدا ئايىغى ئۇزۇلمەس قۇرۇق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. دادىسىنىڭ قارىشىدىن قانداقتۇ بىرخىل گۇمان ـ نەپرەت ھېس قىلغان پەزىلەت ئىزا ـ ئاھانەت ئىچىدە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ـ دە، دىلمۇراتنى بولىدى، ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى بىر ـ بىرىگە گىرەلەشكىنى نەۋاخ. پەزىلەت ھامان بوشۇك تەۋرەتمەكتە، ئەللەي ئېيتماقتا ئىدى:

ئاناڭ كىمدۇر، نەدىدۇر، ئەللەي مۇرات، ئەللەي،
ئاتاڭ كىمدۇر، نەدىدۇر، ئەللەي مۇرات، ئەللەي.
...........

ئاشخانا ئىشكى شەپىسىز ئېچىلىپ، زىياۋىدىن ئاكا كىرىپ

كەلدى. پەزىلەت تۇيمىدى. ئۇنىڭ «ئەللەي» ئېيتقىنى ـ ئېيتقان، بوشۇك تەۋرەتكىنى تەۋرەتكەن ئىدى. زىياۋىدىن ئاكا بىردەم قاراپ تۇردى. يۈرىكى شاماللىق تۇندىكى شامدەك ئېرىپ كەتتى. چىداشقا تاقىتى قالمىدى. چۈنكى ئۇ، مەجلىسخانىدىن قايتىپ كەلگەن ئايىلى بىلەن تا ھازىرغىچە مۈڭدىشىپ چىققان. ئەھۋالنىڭ پۈتۈن جەريانى بىلەن تونۇشۇپ بولغان ئىدى.

— قىزىم، ئوبدان قىزىم، كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىن، — دەپ ئۇزۇر قويدى ئۇ، پەزىلەتنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن تۇتۇپ، ئىششىپ كەتكەن كوزلىرىگە مېھرىۋانلىق بىلەن تىكىلىپ، مەن ھەممىنى بىلدىم، ھەممىنى چۈشەندىم ...

زىياۋىدىن ئاكىنىڭ پەزىلەت بىلەن قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سوراشماستىنلا مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىشىدىكى سەۋەپ مۇنۇ ئىدى:

ئۇزۇندىن بۇيان بىر ئېتىمۇ كېلىپ ـ كېتىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن زىياۋىدىن ئاكا، بۈگۈن شەھەرگە كەلگەن ئىدى. بۇلۇتلار گىرۋىكىدىن ئاخىرقى قىزىللىق ئۇچۇشكە باشلىغان چاغدىلا ئۆز مەھەللىسىگە يېقىنلاشقان زىياۋىدىن ئاكىنى يەنىلا شۇ تۇنسا كاس ـ كاس قارشى ئالدى:

— ئەسسالام، قاياقتىن كېلىشلىرى؟

— يېڭىساردىن①، — دېدى زىياۋىدىن ئاكا سالامغا جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن.

— شۇنچە يەردىن سوۋغا ـ سالامسىز قورۇق كېلەمدىغان؟ — دېدى تۇنسا كاس ـ كاس ئاچچىق تەنە بىلەن، نەۋرىلىرى ئالدىلىرىغا چىققىدەك بولۇپ قالغاندا ...

---

①«كادىرلار مەكتىۋى» يېڭىسار ناھىيىسىدە ئىدى.

زىياۋىدىن ئاكىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى غۇژژىدا بولۇپ كەتتى ۋە ياندۇرۇپ سورىدى:

— نىمە؟ نىمە دەۋاتىسىز؟!

— تېخىچە خەۋەرلىرى يوقمۇ؟ — دەپ زەھەر سانچىدى كاس - كاس، — كون ئۈتۈكنى ياراتماي، خىروم ئۈتۈكنى تاپالماي، بولغان يەرلىرى شۇ! تېزرەك بېرىپ، ئارزۇلۇقلىرىنى يۈرەكلىرىگە تېڭىۋالسىلا!.. ئۇ، كاسىلدىغىنىچە خالتا كوچىغا كىرىپ كەتتى. زىياۋىدىن ئاكام ھويلىغا كىرىپ قارايدىغان بولسا، راست، پەزىلەتنىڭ قۇچىقىدا بالا!.. ئۆز ئۆمرىدە پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە بەۋاستە ئارىلاشمىغان، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەدىشەپنى قاتتىق ساقلايدىغان بىر كىشى ئۈچۈن «كىمنىڭ بالىسى؟» دەپ سوراش ئىنتايىن قولايسىز ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن زىياۋىدىن ئاكا ئۆز قىزىغا گەپمۇ قىلماستىن مېھمانخانىغا كىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھال پەزىلەتكە تولىمۇ ھار كەلدى. زىياۋىدىن ئاكا ئۆز قەدىرىنى ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتكەندىن كېيىنلا، پەزىلەتنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىش، روھىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن كىرگەن ئىدى. پەزىلەت ئۆزىنى تۇتۇۋالمىدى ۋە «دادا» دەپ ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ، بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ھەممىسىنى پەقەت ھەسرەتلىك كۆز يېشى ئارقىلىقلا ئىزھار قىلاتتى ۋە ئارىلاپ - ئارىلاپ «كەم ئەقىللىق قىپتىمەن، مۇنداق بولۇپ كېتىشىنى ئويلىماپتىمەن» دەيتتى. زىياۋىدىن ئاكا بولسا: «قەدەمنى تۈز باسقانسەن، توغرا قىلغانسەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەپسۇسلىنىدىغان يېرى يوق؛ بالىلار ئۈچۈن — كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى ئۈچۈن جاپا چېكىش ئىزا - ئاھانەتلىك ئىش ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئابرويلۇق ئىش!»

دەپ تەسەللى بېرەتتى. لېكىن پەزىلەتنىڭ ئۆكسىگىنى ئۆكسۈ-
گەن ئىدى. زىياۋىدىن ئاكا ئۇنىڭ كۆرەش ئىرادىسىغا ئىلھام
بېرىش لازىملىغىنى ھىس قىلدى.

— بالام، پەزىلەت، بېشىڭنى كوتەر، چىرايىمغا قارىغىنا!

ھەممە ئۆيدە چىراق ئۆچكەنلىگى ئۈچۈن بولسا كېرەك.
بۇ ئاشخانىنىڭ ئۆنبەش ۋاتلىق كىچىككىنە لامپۇچكىسى ئاجايىپ
ئۆتكۈر نۇر چېچىپ تۇراتتى. پەزىلەت دادىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ
ھەيران قالدى. زىياۋىدىن ئاكىنىڭ سېرىقتا مايسىل ئاق،
سوزۇنچاق يۈزى توق چىلان رەڭگىگە كىرگەن ۋە يۇپ - يۇمۇلاق
بولۇپ قالغان ئىدى.

— كوردۇڭمۇ؟ — دىدى زىياۋىدىن ئاكا ئۆيۈلتاشتەك
چىڭ ۋە سېمىز بىلەكلىرىنى كورسىتىپ، — ئادەم ئۆزىنى
ئاسراشنى بىلىش لازىم. سالامەت - بېجىرىم تۇرغاندىلا، كۆرەش
قىلغىلى، غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ! نى - نى ئادەملەر ئۆزىنى بوغۇزلى-
دى، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى... دۈشمەنلىرىمىز بىزنىڭ نامۇ - نىشانىسىز
ئۆلۈپ تۈگىشىمىزنى كۈتىدۇ! بىزنىڭ تىك تۇرۇشىمىز ئۇلار
ئۈچۈن قورقۇنچلۇق؛ بىزنىڭ كۈلكىمىز — ئۇلار ئۈچۈن مۇسىبەت،
ھازا!...

پەزىلەتنىڭ كوز ياشلىرى قۇرۇپ كەتكەن. ئۇ، ھازىر
ئىخلاس بىلەن تەربىيە ئالماقتا ئىدى.

— مەن كەتمەس بولۇپ قايتىپ كەلدىم، — دىدى زىيا-
ۋىدىن ئاكا، — تاغ رايونىنىڭ ھاۋا كېلىماتىدەك ئۆزگىرىشچان
سىياسى ۋەزىيەت «كادىرلار مەكتىۋى» دىن ئىبارەت بۇ «يېڭى
شەيئى» نىمۇ پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى.

— راستىنلا كەتمەمسەن؟ ئەسلىدىكى خىزمىتىڭنى قىلامسەن؟ —

دەپ سورىدى پەزىلەت ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولۇپ.

— كەتمەيمەن، دەرۋازىۋەنلىك قىلىمەن!

پەزىلەت ئەجەپلىنىپ سورىدى:

— سەن قىلمىغان شۇ ئىش قاپتىمۇ ئەمدى؟ قويغىنا، دادا، ئۇنداق ئىشنى كىم قىلسا - قىلسۇن!

زىياۋىدىن ئاكام تەنتەنىلىك هالدا مۇنداق دىدى:

— دەرۋازىۋەنلىك—پوستا تۇرۇش دىگەنلىك؛ مەن پوستا تۇرىمەن، خۇددى ئۇتمۇشتە ماناس دەرياسى قىرغىقىدا پوستا تۇرغاندەك تۇرىمەن؛ تىرە - پىرەن بولۇپ قېچىۋاتقان گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ رەسۋا قىياپىتىنى كورۇپ تاماشا قىلىش نەقەدەر كوڭۇللۇك ئىدى - هە!...— هازىرمۇ ئۇ، ئاشۇ دەريا قىرغىقىدا پوستا تۇرۇۋاتقان غەييۇر جەڭچىدەك مەغرۇر ئىدى.— هازىرقى زامان نائەهلىلىرىمۇ بەرىبىر قاچىدۇ؛ مەن دەرۋازىدا مىختەك، ياق، ئەينى يىللاردا ئوزەم تۇتقان شىتىكتەك تىك تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسايمەن؛ بۇ مۇتىهەم تامغا ئوغرىلىرىنىڭ كونا - يېڭى هىساۋاتىمىنىڭ قۇيرۇغىنى ئۇزمەي تۇرۇپ قېچىپ كېتىشىگە هەرگىزمۇ يول قويمايمەن!

پەزىلەت ئەمدى ئۇزۇن مۇددەتلىك سىناقلاردىن ئوتكەن يەنە بىر قابىل يېتەكچى ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ كوزىدىن ئۇمىت ۋە ئىشەنچ نۇرى، غەلىبە زەپەر نۇرى چاقناپ كەتتى. «بولىدۇ!» دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ دادىسىنىڭ مۇنۇ سوزلىرىگە:

— ئاناڭ هازىردىن ئېتىۋارەن قانۇنسىز نازارەتنى رەت قىلىدۇ. ئەمگەك مەجبۇرىيىتىنى رەت قىلىدۇ؛ ئۇلار بىلەن ئوزەم سوزلىشىمەن! پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇگەن، ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىنى يېڭىۋاشتىن كۇتۇۋېلىش ئۇچۇن پۇختا هۇل تەييارلا!...

كوز يېشى مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. كۈرەش قىلىش كېرەك. بۇ ھەقىقەتنى ھەرگىزمۇ ئېستىن چىقارماسلىق كېرەك.

يول ئېچىلماس ئاچمىساڭ،
بورە ئۆلمەس ئاتمىساڭ؛
بەختۇ - ئىقبال نەدىكەن،
كۈرەش بىلەن تاپمىساڭ!...

## «ھىلىقى خوتۇن»

كونىلارنىڭ «ئۆينىڭ چىرىغى — بالا» دېگىنى نېمە دېگەن توغرا - ھە؟ مانا ئەمدى دىلمۇرات «ئۆينىڭ چىرىغى» لا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ چىرىغى بولۇپ قالدى. دىلمۇرات زىياۋىدىن ئاكىنىڭ قەلبى تۈرۈشى نەتىجىسىدە «ئاما ئازارىتى» دىن خالاس بولغان نۇسرەتخان ئانا بىلەن تەڭ ئويغىنىدۇ. بوۋىسى ئىشقا ماڭغاندا، سېمىز، بودرۇق قوللىرىنى شوخلۇق بىلەن پۇلاڭلىتىپ، بارماقلىرىنى يۇمۇپ - ئېچىپ «خوش، دادا» دەپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. جان كويەرلىرى بىلەن ئوينىشىدۇ.

— دىلمۇرات، پۇتۇڭ قېنى؟ — دەپ سورايدۇ پەزىلەت. دىلمۇرات بولسا، ئىككى قولى بىلەن ئىككى پاقالچىقىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ «ئەنئە» دەپ ئىگىز كوتىرىدۇ - دە، ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كېتىدۇ ۋە ئومىلەپ قوپۇپ «ئىبە ئەنئە» دەپ كارىۋاتنى ئۇرىدۇ. نۇسرەتخان ئانا بىلەن پەزىلەت سۆيۈنۈش بىلەن كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە يېڭى سوئاللارنى باشلايدۇ:

— دىلمۇرات، قولۇڭ قېنى؟

— دىلمۇرات، بېشىڭ قېنى؟

دىلمۇرات ھەمىشىگە قىزىقارلىق جاۋاپ بېرىپ، ئۇز مېھ-رىۋانلىرىنىڭ كۆڭلىنى بەخت تۇيغۇسىغا چومدۇرۇۋېتىدۇ.

... ... ...

نۇسرەتخان ئانىنى «ئاھما نازارىتى» دىن خالاس بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئىزلەپ كېلىدىغان ھاجەت-مەنلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. تۇنسا-كاس - كاس قاتارلىق ھەسەتخورلارنىڭ «يەر ئاستى دوختۇر-خانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بېيىپ كەتتى، تىنىپ كەتتى» دەپ دوختۇرخانىغا چېققانلىقىدىنمۇ ياكى دوختۇرخانىنىڭ ئەسلىي ئېھتىياجى چۈشكەنلىگىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، نۇسرەتخان ئانىنى دوخ-تۇرخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى مۇئاشىنىڭ يېرى-مىنىلا بېرىپ، ئەسلى خىزمىتىگە قويغان ئىدى. «ھازىرچە ئىشلەپ تۇراي، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار» دەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئەمدى پۈتۈن ئۆي - ھويلىدا پەزىلەت بىلەن دىلمۇرات قالدى. پەزىلەتنىڭ ئاي - ھەپتىلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇرمۇشى-دىن خەۋەر ئېلىش، بالا بىلەن ئويىنىشىش، بالا ئۇخلىغاندىن كېيىن بولسا، كىتاب ئوقۇش، كۈندىلىك خاتىرە يېزىش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. بەھرىنساخان ئانىنى يوقلاپ كەلگەن، بولۇپمۇ ئوبۇلقاسىمدىن خەت - خەۋەر كەلگەن ئاخشاملىرى بولسا، چەك - چېگرىسىغا يەتكىلى بولمايدىغان خىياللار دېڭىزىدا سەير-قىلىش بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلايتتى.

.........

دىلمۇرات غالتەك ھارۋىنى تاشلاپ، بىجىرىم ماڭالايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ «نۇش ئەننە»، «پەش ئەچچە» دەپمۇ

ئولتارماي، «نۇشيەت ئانا» دەپ ئېيتالايدۇ. «پەزىلەت» كىچىك باللارنىڭ تىلى ئاسانلىقچە كەلمەيدىغان ئىسىم بولسا كېرەك، دىلمۇرات بىر ئىككى ھەپتىگىچە «پەۋ ئەچچە» دەپ يۈرۈپ، تېخى ئەمدىلا «پەژىيەت ئەچچە» دېيەلەيدىغان بولدى. پەزىلەت كىتاپ ئوقۇپ كوزى، خاتىرە يېزىپ قولى تالغان ھامان دىلمۇ-راتنى گەپكە سالاتتى:

— دىلمۇرات، ئاۋۇ نىمە؟

— چىياق.

— ماۋۇچۇ؟

— دۇتاي.

— ماۋۇچۇ؟

— ئىپ.

— ئىپ ئەمەس، تارا، دە.

— ئىپ ئەمەس، تايا...

كېيىنكى كۈنلەردە پەزىلەت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. «سىنىپىي كۈرەش بىلىمى» بىلەن «ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاپ» شوئارلىرىنى ۋاقىراپلا مەكتەپ تامام-لىغان بۇ قىز ئەمدى ئۆزىنىڭ تولىمۇ بىلىمسىز — نادان ئىكەن-لىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئۆزىنى يېقىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇقەررەر ئېرىشكۈسى بولغان ئالىجاناپ كەسپىنىڭ ئىلمىي ھۇلىنى يېڭى ئاساستا قۇرۇشقا بېغىشلاپ، ئۆگەنگەنسېرى كۆڭلى ئېچىلىپ، روھى كوتىرىلىپ قالغان ئىدى. بۈگۈنكى ۋەقە ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسىملا قىلىپ قويدى.

.........

روزى ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى ئىدى. ئالتە ياشلىق دىلمۇ-

راتنىڭ زىغىرمۇ شىم ــ چاپان بىلەن كىرىشى ھەممىيلەنى
ھەيران قالدۇردى.

— كىم كىيگۈزۈپ قويدى؟ — دەپ ھەممىدىن ئاۋال سورىغان كىشى يەنىلا شۇ پەزىلەت ئىدى.

— ھىلىقى خوتۇن، — دەپ جاۋاپ بەردى دىلمۇرات.

— ھىلىقى خوتۇن؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى زىياۋىدىن ئاكا، نۇسرەتخان ئانا تەكلا.

— ئۆزەڭنىڭ شىم ـ چاپىنىڭ قېنى؟

پەزىلەتنىڭ بۇ سوئالىغا دىلمۇرات:

— مانا، — دەپ جاۋاپ بەردى چاپىنىنىڭ ھەممە تۆگمىسىنى يېشىپ ۋە ئىشتانىنىڭ پۇشقىغىنى قايرىپ كۆرسىتىپ.

«ھىلىقى خوتۇن؟» دەپ تەكرارلىدى پەزىلەت ئۆز ئىچىدە ۋە ئۆتكەندە بولۇپ ئۆتكەن بىر نەچچە قىتىملىق ۋەقەلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى.

دىلمۇرات تۇت ياشقا قەدەم قويغان يىلىنىڭ بىر كۈنى ئۇ، بەش يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى كوتىرىپ كىرگەن ئىدى، پەزىلەتنىڭ «كىم بەردى؟» دىگەن سوئالىغا ئۇ «بى خوتۇنۇڭ» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. پەزىلەت ئانچە ئەجەپلىنىپمۇ كەتمىدى. چۈنكى، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ مۇئاشى تولۇق بېرىلىۋاتقان كۈنلەردە دادىسىنىڭ تاپشۇرىغى بويىچە ئۇ، قانچىلىغان ئائىلىلەرگە پول ئاپىرىپ بەرگەن ئىدى. زىياۋىدىن ئاكا پەزىلەتنىڭ «نىمىشقا بېرىمىز؟» دىگەن سوئاللىرىغا «قەرز ئالغان ئىدىم» دەپلا جاۋاپ بېرەتتى. بىر كۈنى پەزىلەت «قەرز»نى تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتقاندىن كېيىن ئانىسىدىن: «دادام نىمىشقا ساپلا يېقىندىن بۇيان تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن ئادەملەردىن قەرز

ئالغان بولاتتى، ئانا؟» دەپ سورىغان ۋە «كېيىنرەك بىلىپ قالارسەن» دېگەن جاۋابنى ئالغان ئىدى.

كۆنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، تۆمەن پاتمان قىيىنچىلىق تېشى ئۇ ئائىلىنىڭ بېشىغا چۈشتى، پەزىلەت ئانىسى ئورنىدا كوچا سۈپۈرۈشكە چىققان بەزى كۈنلەردە دەرۋازا يوچۇغىدىن تاشلانغان بىر تۇگۈنچەك ياكى بىرەر كونۋېرتلىق خەتنى كۆرۈپ قالاتتى - دە، دەرھال ئۆيگە ياناتتى، چىراقنى ياندۇراتتى. تۇگۈنچەك ئىچىدىن بىر نەچچە يۈەن، بەزىدە ھەتتا نەچچە ئون يۈەن چىقىپ قالاتتى. كونۋېرت ئىچىدىن بولسا، بەزىدە ئاشلىق، ياغ، پاختا، گوش، شېكەر بېلىتى قاتارلىقلار، بەزىدە «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەرداشلىق بېرىش غەلىبە»، «سىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىڭلار — بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز...» دېگەنگە ئوخشاش ئىمزاسىز ئىلھاملاندۇرۇش خەتلىرى چىقىپ قالاتتى. پەزىلەت دەسلەپكى قېتىم ھەيران بولۇپ «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىغاندا، نۇسرەتخان ئانا كۈلۈپ تۇرۇپ «ئۇلارمۇ قەرز ئالغان» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. كېيىنچە پەزىلەت تونۇپ يەتتىكى، بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ئاقكۆڭۈل، سەممىي - سادىق كىشىلىرىنى ناھايىتى ياخشى تونۇيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، قاراپ تۇرمايدۇ، قولىدىن كەلگەن ھەممە ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ. بىر نان تاپسا تەڭ يەيدۇ. بىزنىڭ خەلقىمىز — جان تەسەددۇق ئەپلەشكە ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ خەلق!...

بۈگۈنكى ئەھۋال بولسا، پەزىلەتنى ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى. چۈنكى دىلمۇراتنىڭ جاۋابى «بى خوتۇك»دىن «ھىلىقى خوتۇن»غا ئۆزگەرگىنى نەۋاخ. پەزىلەت يېرىم كېچىگىچە ئويلىنىپ چىقتى. ئويلانغانسېرى بۇرۇن ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىۋارى-

دىن سىرتتا قالغان بەزى تەرەپلەر يېگىمۋاشتىن گەۋدىلىنىشكە باشلايتتى. پەزىلەت ئوز ـ ئوزىگە پىچىرلايتتى:

— توختا، كىملىگىمنى بىلىپ قالاي. مەنمۇ ئۇنىڭ ياخشى-لىقىنى يەردە قويمايمەن.

پەزىلەت قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنىنى كوچىلىكە پۈكۈپ قويغان ئىدى. ئۇ، دىلمۇراتنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، ئوينايدى-



غان دائىرىنى بەلگىلەپ بېرىپ، كوچىغا چىقىرىۋەتتى ـ دە، قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن تالانى كۆزەتتى. دەل شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سومكا كوتەرگەن بىر ئايال كەلدى ـ دە، دىلمۇراتنىڭ ئىككى قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا ئىڭىشىپ تۇرۇپ خېلى بىر نىمىلەرنى دىدى، دىلمۇراتنىڭ باش ـ كوزىنى سىلىدى. پەزىلەت ئارقا تەرەپتىكى ئوگزىدە ھەم خېلى يىراقتا بولغاچقا، ئايالنىڭ يۈزىنى كورەلمىدى ۋە سوزىنى ئاڭلىيالمىدى. ئايال بىر ھازادىن كېيىن ئىككى يۈەنلىك پۇلدىن ئىككىنى چىقىرىپ دىلمۇراتنىڭ قولىغا تۇتقازدى. دىلمۇرات ئوي تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئايال دىلمۇراتنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ كوز يېشىنى سۈرتۈۋاتقان چاغدا پەزىلەت:

— ۋاي، بۇ نۇرئەلاغۇ؟ — دەپ ۋاقىرىۋېتىشكە قىل قالدى.

## ئازاپلىق ئەسلىمە

كۈمۈش يەلكەن يېيىپ ئاسمان دېڭىزىدا ئۈزمەكتە. ئۇ گاھ قارا بۇلۇت دولقۇنلىرى ئىچىگە چوكمەكتە، گاھ دولقۇنلارنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. پەزىلەت بولسا، چەكسىز ئازاپلىق خىيال دېڭىزىدا ئۈزمەكتە. گاھ قارام دولقۇن، تىرەن قايناملار قوينىغا چوكمەكتە، گاھ خادا تاشلارغا ئۇرۇلماقتا. تىنىمسىز ئۇرلىگەن شىددەتلىك دولقۇنلار ئاخىرى ئۇنى 1968 ـ يىل قىرغىقىغا ئاتتى.

شۇ يىلنىڭ ئوكتەبىرىدە ئۇ، مائارىپ قوشۇنىنىڭ يېڭى جەڭچىسى سۈپىتىدە بۇ مەكتەپ بوسۇغىسىغا تۇنجى قەدەم قويغان

ئىدى، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئۇچراشقان ئادىمى نىياز كېكەچ بولدى. نىياز بۇ مەكتەپنىڭ ئاساسىي ھوكۇمرانى ئىدى. ئۇ، پەزىلەتكە نەشتەردەك قادىلىپ:

— ئاخىرى قولىمىزغا كەپسىز - دە؟ ياخشى ئىشلەڭ، ئىدىيىڭىزنى ئوبدان ئۆزگەرتىڭ! — دېدى.

پەزىلەت ئۆزىنى چاقچاق تىككەن ئۇستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىپ، بۇ مەكتەپكە چىقىپ قالغىنىغا پۇشايمان يەۋاتقان چاغدا، خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ، پاختىدەك ئاق، ماموقتەك يۇمشاق، تومۇز ۋاقتىدىكى ئەشمە قومدەك ئىسسىق قولىنى ئۇزاتقان قىز — ئەنە شۇ نۇرئەلا ئىدى. ئۇ، تومپاق شاپتۇلدەك يۇمىلاق، ئاق يۈزلۈك، ئىنچىكە قاشلىق، سېمىزرەك قىز ئىدى. بويى پەزىلەتتىن ئۈچ - تۆتىلىك پەس، بۇرنىنىڭ جىيەكلىرى سەل - پەل كەڭ ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئەيىبىنى ئېغىز تو- زۇلىشىنىڭ چىرايلىقلىغى، بىر جۈپ قاپ - قارا كۆز قارچۇغىنىڭ ئۆتكۈرلىگى بىلەن چىرايىدىكى خۇشخۇيلۇق يېپىپ تۇراتتى. ئۇ، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدىراق خىزمەتكە چىققان يېڭى خىزمەتداش بولۇپ، تولۇقسىز سىنىپلارغا «قىزىل ناخشا» دەرسى بېرەتتى. بۇ ئىككەيلەن شۇ مىنۇتتىن باشلاپ يېقىنلىشىپ كەتتى. ئوقۇتقۇ- چىلار بۆرۈنقىدەك ھەر قايسى پەنلەر بويىچە بىر قانچە گۇرۇپپىغا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەنلەر بويىچە ئىك- كىلا گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ئىدى. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى پەزىلەت بىلەن نۇرئەلانىڭ گۇرۇپپىسىمۇ بىر بولدى. بۇلاردىن باشقا قىزلار بولمىغاچقا، پەزىلەت بىلەن نۇرئەلا كۆپرەك بىللە يۈرىدىغان، ئاز كۈن ئۆتمەستىن كىيىم كىيىشتىمۇ بىر خىللىشىدىغان بولدى. بويتاق ئەر ئوقۇتقۇچىلار ھەر ۋەجى بىلەن ئۇلارغا يې-

قىلىشتىقى ھەركەت قىلىشماقتا ئىدى. پەزىلەتنىڭ نىياز كېيىكچى-
نىڭ تەلىۋىنى رەت قىلغان قىز ئىكەنلىكى ئاشكارىلانغاندىن كې-
يىن، يانپاشقا ئېلىنىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغان بەزى بويتاق
ئوقۇتقۇچىلار پەزىلەتكە يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بو-
لۇپ قالدى. نۇر ئەلا بولسا، پۈتۈن مەكتەپنى «ئوز ئالقىنىدا
چۆرۈۋاتقان» باۋۇدۇن سىلىڭنىڭ ئەتىۋالىق ئادىمى بولۇپ قالدى.
باۋۇدۇن «يېڭى قان» بولۇپ پارتىيىگە كىرگەن ۋە مەكتەپ ئىن-
قىلاۋىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغاندىن كېيىن نۇر ئەلا-
غا بولغان ئىگىدارچىلىقنى كۈچەيتكەن ئىدى. چوڭ پىيەن يىغىن-
لىرىدا مەخسۇس تېمىدا سۆزلەشنى نۇر ئەلاغا تاپشۇراتتى. گەر-
چە ئۇنىڭ خەت - ئىملاسى پەزىلەتنىڭكىدەك ئوچۇق، چىرايلىق
بولمىسىمۇ، مەكتەپتىكى دوكلات كۆپەيتمىلىرىنى نۇر ئەلاغا كۆچۈرتە-
دىغان، پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭ تىرىشچان روھىنى ماختايدىغان
ھەتتا كۆپچىلىكنى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىدىغان ھالغا يەتتى.
بىر كۈنى ئۇ، نۇر ئەلاغا «ماڭا ئەگىشىدىغانلا بولسىڭىز، ئاز
كۈن ئۆتمەي يېڭى قانغا ئايلىنىسىز، پارتىيىگە كىرىسىز؛ ئەتتى-
ياق كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىقىغا ئۆستۈرۈشكە مانا مەن كېپىل»
دېگەن ئىدى، بۇ گەپنى نۇر ئەلا شۇ كۈنى پەزىلەتكە يەتكۈز-
گەن ۋە «ئىشەكنىڭ كەينىدىن ماڭىدىغان توگىمىدىم مەن؟»
دەپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

«ئىشەك» — باۋۇدۇننىڭ كونا لەقىمى. ئۇ، ئىگىز بويلۇق،
قارىغا مايىل بۇغداي ئۆڭلۈك، قويۇق قارا قاشلىق، خېلى كې-
لىشكەن قەددى قامەتلىك بىر يىگىت. ئۇ، دارىلمۇئەللىمىننىڭ بى-
رىنچى يىللىقىدىلا توپ مەستانىلىقى بىلەن نام چىقارغان ئىدى.
ۋالىبول، ۋاسكېتبول، پۇتبولنى ھەقىقەتەن ياخشى ئوينايتتى. لې-

كىن. ئۇ چۈشكەن مەيداندىكى ھەر قانداق مۇسابىقىنىڭ ئاخىرى
جېدەل بىلەن ئاياقلاشماي قالمايتتى، جېدەلنىڭ ئاساسىي سەۋەب-
چىسى يەنىلا باۋۇدۇننىڭ ئۆلۈك پۇتى ئىدى. ئۇ، كىشىلەرنى قىڭغى-
رىغى سۇنۇپ، لىپەكلىرى چىقىپ كەتكىدەك تېپەتتى. بۇ لەقەم
شۇنىڭدىن قالغان ئىدى.

باۋۇدۇن بۇ خۇي - پەيلىنى مەكتەپكىمۇ بىللە ئېلىپ كەل-
دى. ھەر سائەتلىك تەنتەربىيە دەرسىدە بىر - ئىككى ئوقۇغۇ-
چىنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن قان ئالمىسا، كۆڭلى ئارام تاپمايتتى،
ئۇنىڭ توپ تېپىپ پىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنىڭ زەربىسىگە چى-
دىيالمىغان ئوقۇغۇچىلار ئاخىرى باۋۇدۇن دېگەن ئىسىم بىلەن
قوشكېزەك بولغان «ئىشەك»-دېگەن لەقەمنى قورال قىلىپ، شىد-
دەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى...

تەنقىت تەربىيە قوبۇل قىلمايدىغان، ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا
ئابرۇيى تۆكۈلگەن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى ساغلام بۇ يىگىتنى
قېرىنداش مەكتەپلەرنىڭ بىرىگە يۆتكەپ ئىشلىتىش ھەققىدە بې-
سىلغان قەدەملەر زايا كەتتى. ھېچقانداق مەكتەپتىن ئۇنىڭغا
خېرىدار چىقمىغان ئىدى.

«تۆتنى ئېنىقلاش ھەركىتى» نىڭ دەسلىۋىدە ئۇ، «تايان-
چى كۈچ — ئوق يىلتىز» بولۇپ، مەكتەپ رەھبەرلىكىگە قارشى
شۇنداق ھۇجۇمغا ئۆتتىكى، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى بەزى كىشى-
لەر ئۆز كۆڭلىدە ئۇنى يېڭى رەھبەرلەر نامزاتى قىلىپمۇ بولدى.
باۋۇدۇننىڭ بېشىغا ھوقۇق تاجىسى قونۇش ئالدىدا تۇرغان كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە «شىنجاڭ مائارىپى» ژورنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆ-
لۈمى تەرىپىدىن بىر پارچە ئالاقە كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا باۋۇ-
دۇننىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئېغىر ھالدا تەن جازاسى بەرگەنلىك پا-

كىتلىرىنى رەتلەپ ئەۋەتىش تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ئۇلار باۋۇدۇن تەرىپىدىن ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈلگەن بىر تالاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ھەققىي دەلىل - ئىسپاتلىق پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇ مەخسۇس ئالاقىنى ئەۋەتكەن ئىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى باۋۇدۇننى مەتبۇئات يۈزىدە ئاشكارا تەنقىت قىلىشتىن ساقلاپ قالالىغان بولسىمۇ، بۇنىڭغا بىرەر مەنسەپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى.

باۋۇدۇن رەسمىلەشكەن كۈندىن ئېتىۋارەن ئۆز بېشىنى ئوڭشىۋېلىش يولىدا ئىزدەندى. ھەر يىلى مەكتەپكە يېڭىدىن چىققان قىز ئوقۇتقۇچىلارغا يېقىنلىشىپمۇ باقتى. لېكىن نەتىجە چىقمىدى. بۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق كاشىلا بولۇۋاتقىنى — ئۆز تەبىئىتى ئىدى.

باۋۇدۇن قىش - ياز يالاڭباش يۈرەتتى. ئۇنىڭ كىندەك قاپ - قارا، بولۇق چاچ ھەرقانداق يىگىتنىڭ ھوسنىگە ھوسۇن قوشقان بولاتتى، لېكىن سەتىراچ ئۇستامنىڭ قولىدا بىر - ئىككى ئايدا بىر نۆۋەت يۇيۇپ - تارىلىشتىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە سۇ بىلەن تاغاق دىدارىنى كۆرمەيدىغان بۇ چاچ ئۇنى يۇڭلۇق مەخلۇققىلا ئوخشىتىپ قوياتتى. بەزى ئايال ئوقۇتقۇچىلار «ئىسىت، سىزگە بەرگەن چاچ! يۇيۇپ - تاراپراق يۈرسىڭىز بولمامدۇ؟» دىسە، «مۇنداق مىشچانلىق بىلەن خوشۇم يوق!» دەپ جاۋاپ بېرەتتى. ئۇ، باش ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە مەكتەپنىڭ يەڭلىك - يەڭسىز، ياقىلىق - ياقىسىز تەنتەربىيە مايكىلىرىنى كىيەتتى، قولتۇق ۋە دۈمبىلىرىدىن شور ئۇرلەپ كەتسىمۇ، ئاق مايكىلار سېغىز رەڭگە، كۆك مايكىلار تومۇر رەڭگە كىرىپ كەت-

سىمۇ چاتىغى يوق ئىدى. بەزى ئايال ئوقۇتقۇچىلار بولسا، «ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، ئەكىنلىك، يۇيۇپ بېرەيلى» دىمەكچە تاشلاپ بەرمەيتتى ياكى ئۆزى يۇيۇپ كىيمەيتتى. قىشىن - ياز كىيىدىغىنى يەنىلا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئاياقلىرى ئىدى. تومۇز كۈنى كىيىۋالغان بىر جۈپ چۈخىيى ئارقىلىق بىر ئىشەك ئېغىلىنىڭ سېسىقچىلىغىنى كۆتىرىپ يۈرەتتى... قىسقىسى ئۇ، پۈتۈن پاسكىنىچىلىق - مەينەتچىلىكنى پرولېتارىياتقا خاس «خىسلەت»، جىمى پاكىزلىك ۋە گۈزەللىكنى بۇرژۇئازىيىگە مەنسۇپ «ئىللەت» دەپ قارايدىغان بىر «قىزىل» تەلۋە ئىدى. ھەملىلا بۇرنىغى كولىغان قولى بىلەن چىشى ئارىسىدىكى لوقمىنى قىرىپ چىقىرىۋېرىدىغان بۇ غەلىتە ئادەم ئەمدى مۇئاۋىن مۇدىرلىق ئىمتىيازىغا تايىنىپ نۇر ئەلانى قىستىماقتا، نۇر ئەلا ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇش غېمىدە ئىدى.

پەزىلەت، ئوبۇلقاسىمنىڭ سۆز ئېچىشىغا تەقەززا بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر سەھەرىدە نۇر ئەلا يالۋۇرغان ھالدا ئوتۇنۇش قىلدى:

— ئوبدان پەزىلەت، جېنىم پەزىلەت، ئوبۇلقاسىمنى چاقىرىۋەتسەڭ مۇھىم بىر گېپىم بار ئىدى.

پەزىلەت ئەجەپلەنگەن ۋە ئەنسىزلىككە چۈشكەن ھالدا سوئال قويدى:

— ئۆزەڭ چاقىرساڭ بولمامدۇ؟

— ئۆزەڭ بىر چاقىرىۋەتكىنە، جېنىم دوستۇم، سېنىڭ قانداق خىزمىتىڭ بولسا، مەن قىلاي.

پەزىلەت بىلەن نۇر ئەلا دەرس ئارىلىغىدىكى دەم ئېلىش، دەرس تەييارلاش، چۈشلۈك ئارام ئېلىش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بىر

ياتاقنى ئىگەللىگەن ئىدى. پەزىلەت ئوبۇلقاسىمنى ئەنە شۇ ياتاقتا چاقىرىپ قويدى، نۇر ئەلا كۈتمەكتە ئىدى.

گۆرۈپپا ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتكەن پەزىلەتنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. دەرسلىك كىتاۋىنى ۋاراقلاپ باقتى، ئوقۇغۇسى كەلمىدى. مەيدانغا چىقىپ باقتى، تۇرغۇسى كەلمىدى. كۆڭلى ياتاق تەرەپنىلا تارتىپ تۇراتتى. لېكىن دەرسكە كىرىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. سىنىپ ژورنىلىنى ئالدى ـ دە، دەرىزىلىرىگە چوڭ-كىچىك ئوغۇت سىۋەتلىرى قالايمىقان تىزىلىپ كەتكەن سىنىپلار تەرەپكە قاراپ كەتتى.

پەزىلەت دەرس سائىتىنى مىڭ تەسلىكتە توشقۇزۇپ، سىنىپ ژورنىلىنى ئىشخانىغا قويۇپلا ياتاق تەرەپكە ماڭاي دەپ تۇرغاندا، باۋۇدۇن چاقىردى ۋە «قىزىل ھاكىمىيەت» ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ سورايدىغان سوئاللىرى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق ـ قانداق ئىدىيىۋى سىياسى تەربىيە بەرگەنلىگى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى توغرىسىدا ئىدى. پەزىلەت جاۋاپ بېرىپ بولغىچە، قىسقا تەنەپپۇس ۋاقتى توشۇپ، ئىككىنچى سائەتلىك دەرس باشلىنىپ قالدى. پەزىلەتنىڭ بۇ سائەتتىمۇ دەرسى بار ئىدى.

پەزىلەت دەرسىنى تۈگىتىپ، ياتاق ئالدىغا كېلىش بىلەن تەڭ نۇر ئەلا ياتاقتىن چىقتى.

— پەزىلەت، جېنىم دوستۇم، مېنى تەبرىكلە! — دەپ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى ئۇ.

بۇ سىرلىق تېپىشماقنىڭ تېگىگە يېتەلمەي گاڭگىراپ قالغان پەزىلەت:

— تەبرىكلەيمەن، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى چەكسىز ئازاپ ئىچىدە...

نۇرئەلا ئوبۇلقاسىم بىلەن توي قىلدى، ئوبۇلقاسىم قولغا ئېلىنىپ، يىگىرمە كۈندىن كېيىن تۇغدى، بالىسى «ئۇلۇپ» يىگىرمە كۈن بولماستىن تۇرۇپ، ئەنە شۇ باۋۇدۇن بىلەن توي قىلدى. ئۇ ھازىر باۋۇدۇننىڭ ئەمرىدە ئەمەس، بويتاق، بۇرۇنقى مەكتەپتە ئەمەس، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىدى.

........

ئاسمان دېڭىزىدىكى كۈمۈش يەلكەن قارام دولقۇنلار قوينىغا غەرق بولدى. پەزىلەت ئازاپلىق ئەسلىمىلەر دېڭىزىدىن يەكۈن قىرغىقىغا ئۈزۈپ چىققان ئىدى:

— يۈرەكسىزلىكىڭ، مەيدانسىزلىقىڭ، ۋاپاسىزلىقىڭ تۈپەيلىدىن شۇنچە ئادەمنى بالاغا گىرىپتار قىلغان ئىدىڭ. كۆرۈۋاتقان كۈنۈڭ شۇمۇ، نۇر ئەلا؟.. ئوغلۇڭ تۇرسۇنجان ئۆلۈپ كېتىش بىلەن تەڭ تويغا جابدۇنۇپ يۈرگەن سەن ئەمەسمىدىڭ؟ خەقنىڭ بالىسىغا، يەنە كېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزەڭ بېقىۋېلىشنى رەت قىلغان بىر بالىغا بۈگۈن نىمانچىلا خەيرىخالىق قىلىپ كېتىسەن؟ بولىدى قوي، دىمۇراتقا غەمخورلۇق قىلىمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولما!..

ئۇ، يېنىك نەپەس ئېلىپ، بەھوزۇر ئۇخلاۋاتقان دىمۇراتقا چوڭقۇر مېھرى بىلەن ئۇزاققىچە تىكىلدى ـ دە، ئاستاغىنا كوزىنى يۇمدى.

## ۋىسال كۈلكىسى

كاككۇك، كاككۇك، كاككۇك...

بۇ يېقىملىق ناۋا يېڭى باھارنىڭ، ۋىسال باھارى ۋە

بەخت باھارىنىڭ باشلانغانلىقىدىن خۇشخەۋەر بەرمەكتە. جۈپ قا-لىغاچ تەكشى چىچەك ئاچقان شاپتۇل شېخىدا سايراۋاتقان شە-كىل چۇشقۇرۇلگەن تور پەردىلىك ئوچۇق دەرىزىدىن كىرىۋاتقان ساپ ھاۋا بۇ خۇشخەۋەرنى ئىسپاتلىماقتا.

يېقىمدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئازادە مېھمانخانىنىڭ ئو-دۇل تېمىغا ئېسىلغان يېڭى نۇسخىدىكى گىلەمگە چۇشۇرۇلگەن جۈپ - جۈپ ئانارلار ئوتقا شىتەك جۇلالىماقتا. گىلەمنىڭ تېگى بولسا، ئەبەدى غازاڭ بولماس كۆپ - كۆكچىلىكتىن دې-رەك بەرمەكتە. چىلان رەڭدە سىرلانغان يېڭى نۇسخىدىكى ئىش-كاپ ئىچىدىكى رەت - رەت كىتاپلار بولسا خارلىنىش - كۆيۈ-دۈرۈلۈش ۋاقتىم كەلمەسكە كەتتى، دېگەندەك قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا. ئىشىكنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە ئات باغرى دۇخاۋا بىلەن قاپلانغان سافا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى چاي شىرەسى ئۈستىدىكى چە-رايلىق پەتنۇستا قەن - ناۋات، كەمپىت؛ ئۈچ دانە ئىستاكان ئىچىدە ئاتىنىڭ قېنىدەك چاي، چايغا سېلىنغان كاللەك - كاللەك ناۋاتلار تېخى ئېرىپ بولمىغان.

سافادا ئىككى كىشى يانمۇ - يان ئولتۇرۇپ سۆزلەشمەك-تە. ئۇنىڭ بىرى بىز: ڭ پەزىلەت. ئۇنىڭ بېشىدا توققۇز يىل بۇرۇن بىز كۆرۈپ ئوتكەن مەرۋايىت بىلەن گۈل تىكىلگەن با-دام دوپپا، قولىغىدا شاپتۇل چىچىگى ياقۇت كۆزلۈك ھالقا، ئۇ-چىسىدا ئانار گۈلى شىفۇڭ دۇخاۋا كۆينەك ۋە توپارەڭ سارجى پىلاتى، پۇتىدا ئەترەڭ ئۆزۈن پايپاق، مېغىزرەڭ ئاياق.

ئۇنىڭ بادام دوپپىسىدىن باشقا ھەممە نەرسىسى ۋاكالە-تەن مال سېتىش دۇكىنى ئارقىلىق تۇغمىگەن ئەمەسمىدى؟ شۇن-داق، ئۇلار ئاللىقاچان سېتىلىپ تۇگىگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى

تېخى سۇ بىلەن دەزمالنى، ماي بىلەن ماي چوتكىسىنى كورۇپ باقمىغان كىيىم - كېچەكلەر.

ئەجەپلەنمەڭ: خاسىيەتلىك يېڭى ئوكتەبىر ئاپتىۋى خەلقىمىزگە يېڭىچە ھايات بەخش ئەتتى. زىياۋىدىن ئاكام بىلەن نۇسرەتخان ئانا ئۈزۈل - كېسىل ئاقلىنىپ ئۆز خىزمەتلىرىگە ئورۇنلاشتى. ئون نەچچە يىللىق مۇئاشىنىڭ تۇتۇپ قىلىنغان قىسمى تولۇقلاپ بېرىلدى. تۇنسا كاس - كاس، نىياز كېكەچلەر ھېلىقى «غەزىنە» نى يىغىشتۇرۇۋېتىشكە پېتىنالماي يۈرۈشكەن ئىدى. ئۇمۇ ئۆز ئىگىلىرى قولىغا قايتىپ كەلدى...

پەزىلەتنىڭ مەسىلىسى تېخى بىر تەرەپ بولمىغان ئىدى. ئۇ، ئۆز مەسىلىسىنىڭ تېزرەك بىر تەرەپ قىلىنىشىغا، سىنىپ ژورنىلى بىلەن دەرسلىك كىتاپ - كونسپېكلارنى كوتىرىپ سىنىپقا كىرىشكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھورمەت ئېھتىرامىغا، يېقىملىق كۈلكە بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ يېڭى دەرس باشلاپ كېتىشكە قانچىلىك تەشنا ئىدى - ھە؟ ئۇ، ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن توققۇز يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز ئىزلەنگەن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ مەسىلىسى نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ؟ ئون نەچچە يىل ئىچىدە مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدىنلا تۈرمىگە تاشلانغانلار، قالپاقلىق ۋە قالپاقسىز قوغلاپ چىقىرىلغانلار ئون توققۇز ئىدى. ئالدى بىلەن «قالپاقلىق» ئەنزىلەر بىر تەرەپ قىلىنىۋاتاتتى.

پەزىلەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاق پاكچۇ كوينەك، زىغىرەڭ سارجى شىم، بوغداي تۇمشۇق جىگەرەڭ ئاياق كىيگەن كىشى ئۇنىڭ ھوسنى جامالىغا قاراپ سوزلىمەكتە:

— پەزىلەت، خېلىلا جۇدەپ قاپسىز.

— ئۆزىڭىزگە قاراپ بېقىڭا، — دەيتتى پەزىلەت، — شۇ-

چاغدىكى ئوبۇلقاسىم سىزمۇ، ئەمەسمۇ؟

راست، كىتاپ كويدۇرۇش دولقۇنى يامراپ كېلىش بىلەن تەڭ سەكرەپ ئورنىدىن چىقىپ، بىر بولۇم ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ «ئىنقىلاۋىي چوڭ پىپەن گۇرۇپپىسى» قۇرۇپ، كويدۇرۇلۇش خەۋپى ئاستىدا تۇرغان نەچچە يۈزلىگەن قىممەتلىك كىتاپلارنى ئۆز «گۇرۇپپىسى» ئىختىيارىغا ئۆتكۈزىۋالغان ۋە شۇ يول بىلەن ئامان ساقلاپ قالغان زىرەك، جىگەرلىك يىگىت ئوبۇلقاسىم شۇ ئىدى؛ باۋۇدۇن مۇدىر پۈتۈن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئارا كۈندە ئالتە قاتار «ئۆتمۈشنى ئەسلەش تامىقى» يېيىشكە قىستىغاندا «بېدە بىلەن كېپەكنى ئۆتمۈشتىمۇ ئىشەك بىلەن توخۇ يىگەن، دىۋىرىمىز ئۆسمۈرلىرىنى بېدە بىلەن كېپەك يېيىشكە زورلاش — چېكىدىن ئاشقان ئەخمەقلىق!» دەپ ئورنىدىن چىقىپ، باۋۇدۇننىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغان ... قەيسەر يىگىت ئوبۇلقاسىم شۇ ئىدى. توققۇز يىللىق تۈرمە ھاياتى نەتىجىسىدە چاچلىرى شالاڭلاشقان ۋە ئاقىرىشقا باشلىغان، سول قۇلاق تۈۋىدىن تارتىپ ئاغزىنىڭ سول جاۋغىيىغىچە بولغان يېرىنى جىگەرەڭ قاپارتما تارتۇق ئىگىلىگەن يادىكىغۇ، لېكىن مەغرۇر يىگىت ئوبۇلقاسىم شۇ ئىدى. ئۇ، ھازىر پەزىلەتنىڭ سوئالىغا جاۋاپ بەرمەكتە:

— ۋىجدانلىق پىشقەدەم سىياسى مەھبۇسلارنىڭ سەۋرى - تەسەللىلىرى، ئانامنىڭ نەسىھەتلىرى ۋە سىزنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىڭىز بولمىغان بولسا ئىدى...

پەزىلەت قىزاردى، يەرگە قارىدى، ئۆز ھاياتىدا تۇنجى قېتىم يۈز تۇرانە قىلىنغان ئاشۇ بىر ئېغىز تەشەككۈرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ شۇنچە قىزارغان قىز ئوبۇلقاسىمنىڭ ئە-

گەك بىلەن ئۆزگەرتىش! مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى ۋە تەل-
تۆكۈس ئاقلانغانلىقىدىن بىر قانچە كۈنلەر ئىلگىرى خەۋەر تاپ-
قان ئىدى. ئۇنىڭ كورۇشۇپ كەلگۈسى، باشتىن كەچۈرگەن سەر-
گۈزەشتىلەرنى ئۆزتاقلاشقۇسى، خەتلىردە ئىزهار قىلىنغان ئارام-
بەخش سوزلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. نەچچە
قېتىم جابدۇنۇپ باقتى، يەنىلا جۇرئەت قىلالىمىدى، ئۈستۈمگە
توقۇلغان جىنايى بەدنامىلار تېخىچە ئۆز جايىنى تاپمىغان تۇرسا،
قانداق بارىمەن؟»
بۈگۈن قەتئى نىيەتكە كەلدى - دە، مەقسەتلىك ھالدا
دىلمۇراتنىمۇ بىللە ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.
ناۋات سېلىنغان ئۈچ ئىستاكان چاينىڭ بىرى دىلمۇرات-
نىڭ ئىدى. ئۇ، ئۇبۇلقاسىم بىلەن پەزىلەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئول-
تۇرغاندا، ئۇبۇلقاسىمنىڭ كوپرەك دىققىتى دىلمۇراتتا بولۇپ قال-
دى. ئۇبۇلقاسىم ئۇنىڭ بېشىنى سىلايتتى. چىرايىغا بەكمۇ سىنى-
چىلاپ قارايتتى. بىر گەپلەر بوغۇزىغا تۇرۇپ قېلىۋاتقاندەك گەپ
قىلالماي قالاتتى ياكى ئاساسىي تېمىدىن چەتنەپ كېتەتتى. پە-
زىلەت ئاخىرى «ئۇبۇلقاسىمنىڭ بالىسى—تۇرسۇنجان ھايات بول-
سا، دىلمۇرات بىلەن تەڭ بولۇپ قالاتتى، بۇنى كورۇپ ئۇنى
ئەسلەپ يۈرىكى سىنقىلىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋە
«دىلمۇرات، ئويناپ كىرگىن، دەرۋازىدىن يىراقلىشىپ كەتمىگىن
جۇمۇ» دەپ تاپىلاپ چىقىرىۋەتكەن ئىدى. ئاردىنى خېلىغىچە جىمە-
جىتلىق باسقاندىن كېيىن:
— بۈگۈنكىدەك كۈنلەرگە ئۇلاشقاندا، بالىڭىز ھايات بول-
سا، قانچە ياخشى بولاتتى - ھە؟— دېدى پەزىلەت.
ئۇبۇلقاسىمنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۆچمىنچى

ئىستاكانغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. پەزىلەت يۈرەكنى ئېزىدىغان گەپنى دەپ سالغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلدى - دە، قېرىلاردىن ئۆگىنىۋالغان تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— ئوبۇلقاسىم، ئۆلگەنىنىڭ كەينىدىن ئۆلمەك دۇرۇس ئەمەس...

ئوبۇلقاسىم پەزىلەتكە باشتىن ئاياق بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ئۇ هايات، — دېدى.

— ئۇ هايات؟ — پەزىلەت هاڭ - تاڭ بولۇپ سورىدى، — بالا هايات بولسا، نۇر ئەلا مۇنچىلىك بولۇپ كېتەرمىدى؟

— بالا هايات، — دەپ تەكرارلىدى ئوبۇلقاسىم، — ئۇ شۇنچە ساغلام، تېتىك چوڭ بولماقتا.

— قېنى، ئۇ قەيەردە؟

— هىلىراق ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى.

— نېمە؟ — پەزىلەت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئولتۇرۇڭ، پەزىلەت، جىندەك تەخىر قىلىڭ.

پەزىلەت يېڭىۋاشتىن ئولتۇردى. ئوبۇلقاسىم ئاستاغىنا ئورنىدىن قوزغالدى، ئىشكاپتىن بىر خاتىرىنى ئالدى - دە، ۋاراقلىدى، ئوچۇق كونۋېرتلىك خەتنى پەزىلەتكە ئۇزاتتى:

— كۆرۈپ بېقىڭ.

خەت توپ - توغرا ئالتە بەتكە سىغداپ يېزىلغان ئىدى. پەزىلەت ئىككىنچى بەتكە كۆچكەن چاغدا، ئىختىيارسىز هالدا پىلاتىسىنىڭ هەممە تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى ۋە يۈز - كۆزلىرىدىكى تەر تامچىلىرىنى ئاپپاق قولياغلىقى بىلەن سۈرتىۋالدى. ئوبۇلقاسىم داغدام ئوچۇق دەرىزىنىڭ پەردىلىرىنىمۇ ئىككى ياققا قاي-

رىۋەتتى. جانغا ھوزۇر بەخش ئەتكۈچى باھارنىڭ سالقىن شامىلى ئۇرۇپ تۇرماقتا، پەزىلەتنىڭ يەنىلا دىمى سىقىلماقتا، ئۇ، ھامان ئۆز ئىچىدە ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

«ئەدىرلىك ئوبۇلقاسىم، مېنى كەچۈرسىڭىز، مېنى ئەپۇ قىلسىڭىز، مەن قاتمۇ-قات سىياسىي-مەنىۋى بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلمەي...»

«ئىشىنىڭكى، پۈتۈن شەھەر بويىچە ساق قالغان بىردىن بىر مەسچىت شۇ ئىدى. مەن سويۇملۇك ئوغلىڭىز — كۆز گۆھىرىڭىزنىڭ پەزىلەتنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدىم. پەقەت تۆت يىلدىن كېيىنلا...»

«مەن سىزگە بولغان چەكسىز ئەقىدەمنى بالىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئارقىلىق ساقلاپ كەلدىم. تۇرسۇنجان — پەزىلەتنىڭ ئىلكىدىكى دىلمۇرات — كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى مۇقەررەركى، ئۇ مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدىن ئايرىلىپ قالغىنى يوق...»

پەزىلەتنىڭ سەۋرى-تاقىتى تۈگىگەن ئىدى. «بىنومۇس! — دېدى ئۆز ئىچىدە قەھرى بىلەن، — ئۆز ۋاقتىدا ‹خەقنىڭ بالىسىغا ئەمچەك سېلىپ نېمە قىلىمەن› دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ سېنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلغىنىڭ شۇمىدى؟!»

خەتنىڭ ئاخىرىدا ماۋۇلار تەلەپ قىلىنغان ئىدى:

«سىز ئۆزۈل-كېسىل ئاقلىنىپ چىقتىڭىز. قولىڭىزغا شۇنچە نۇرغۇن پۇل تەگدى. پەزىلەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتسەك، ئۇنى تولۇق رازى قىلساق، تۇنجى نەسلىمىزنى ئۆز قولىمىز بىلەن چوڭ قىلساق...»

پەزىلەتنىڭ قولىدا تەلەپنامە. ئونبىر يىل ئالدىدىكى توقمىچاق شاپتۇلدەك يۇمىلاق، سېمىز، ئاق يۈزلۈك خۇشخۇي

قىمز — ھازىرقى ياداڭغۇ، سەبدە، يۈزلۈك بەرىشان ئايال نۇرئەلا گويا چاناقتا پېتىپ كەتكەن نۇرسىز كوزلىرىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى توكۇپ، قوللىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ: «جېنىم پەزىلەت، بالامنى بەرگىن، مېنىڭ تۇرسۇنجانىمنى بەرگىن!...» دەپ يېلىنماقتا. ناله قىلماقتا. ئاجايىپ چىگىش ۋە مۇرەككەپ ھىسسىياتلار تورى ئىچىدە ئازاپلىنىۋاتقان پەزىلەتنىڭ سۇنۇق ئاۋازى سىرتقا چىقىپ كەتتى: «دىلمۇرات ئۇنىڭ؟...»

— ياق، دىلمۇرات سىزنىڭ.

پەزىلەت چوچۇپ ئويغاندى. بوۋاقتەك كوزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئوبۇلقاسىمغا تىكىلدى ۋە «مېنىڭ؟»دەپ ھەر ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويدى.

— شۇنداق، ئۇ سىزنىڭ يالىڭىز، — دېدى ئىشەنچ بىلەن ئوبۇلقاسىم، — ئىككىمىزنىڭ بالىسى.

پەزىلەت كەپ قىلالمىدى — دە، ئالقىنىدا مىجىلىپ تۇرغان ئالته بەتلىك خەتكە قارىدى. ئۇ گويا «بۇنىڭغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىسىز؟» دەپ سوراۋاتاتتى. ئەمدى ئۇزۇن يىللىق سىرلىق تۈگۈنچەكنى ئۇزۇل — كېسىل يېشىۋېتىش قارارىغا كەلگەن ئوبۇلقاسىم ئوز سوزىنى:

— سىز «قوشماق ئاداش» ئوينىغانمۇ؟ — دېگەن سوئالدىن باشلىدى. بۇ سوئالدىن غەلىتىلىك ھىس قىلغان پەزىلەت:

— «قوشماق ئاداش» ئوينىمىغان ئۇيغۇر بالىسىمۇ بولامدۇ؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن جاۋاپ بەردى. ئوبۇلقاسىم سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەنمۇ ئوينىغان. بىراق ئۇنتۇرۇپ قويغان ئىدىم.

— نىمىڭىزنى ئۇنتۇرۇپ قويغانتىڭىز؟

— ئەڭگۈشتېرىمنى.

ئوبۇلقاسىمنىڭ «ئۇتتۇرۇپ قويغانلىغى» راست ئىدى.

ئون يىل ئالدىدا پەزىلەت ئوز دوستى نۇر ئەلانىڭ زورى بىلەن ئوبۇلقاسىمنى ياتاقتا چاقىرىپ قويغان ئەمەسمىدى؟ «ئۇتتۇرۇپ قويۇش» تېراگېدىيىسى دەل شۇ ياتاقتا يۈز بەرگەن ئىدى. باۋۇدۇن مۇدىر تېخى ئالدىنقى كۈنىلا نۇر ئەلانى ئوزى بىلەن بىللە بولۇشقا قىستىغان. «توتلىنى ئېنىقلاش» ھەركىتى مەزگىلىدە يېزىدىن ئالغان سەھرالىق خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، بۇنىڭ بىلەن نىكالىنىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغان. نۇر ئەلا بولسا، بۇ ئاپەتنى خوشنىسىغا ئىتتىرىپ قويماقچى بولۇپ: «پەزىلەت مەندىن ياخشىراقمۇ؟ ئۇنى ماقۇلغا كەلتۇرۇشنى مەن ئۇستۇمگە ئالسام قانداق؟» دىگەن. باۋدۇن: «ماڭا سىياسى ئىستىقبال كېرەك. مەن ئوز تەقدىرىمنى بۇنداق بىر قارا ئائىلىگە باغلاپ قويالمايمەن. ئۇ، ھىلىقى ئاقسوڭەكنىڭ خېلى» دىگەن. نۇر ئەلا باۋۇدۇننىڭ قولىدا نابۇت بولۇشنى خالىمىغان ۋە دەرھال ئوبۇلقاسىمنى قولغا كەلتۇرۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى. ئۇ، ئاخىرى پەزىلەتنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئوبۇلقاسىمنى چاقىرتقان ۋە سويگۈ ـ مۇھەببەت ئىزھار قىلغان ئىدى. ئۇ، مۇنداق دىگەن ئىدى: «پەزىلەت سىزنى، مايتاغدىكى ئاكامغا قويۇپ قويغاندەكلا ئوخشايدۇ، دەيدۇ؛ شۇنچە يېقىن ئوتتۇۋاتىمىز، ئەگەر سويگۈ ـ مۇھەببەت توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ قالسا نىمىمۇ دەرمەن، دەپ بەك ئازاپلىنىۋاتىدۇ؛ مېنى سىز بىلەن بىللە ئوتتۇشكە دالالەت قىلغۇچىمۇ ئاشۇ پەزىلەت؛ بۈگۈن سىزنى ئالاھىدە چاقىرىپ قويغىنىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ...»

نۇر ئەلا شۇ چاغدا دەرسكە كىرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئى-

كەن. باۋۇدۇن ياتاقتا باستۇرۇپ كىرىپتۇ - دە:

— نىمە قىلىشىۋاتىسەن؟!— دەپ ئۇچمەنلىك بىلەن ۋاقىراپتۇ. نۇرئەلا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ:

— تويي خېتى ئالماقچى ئىدۇق، شۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن...— دەپ دۇدۇقلاپتۇ.

— راستمۇ؟!— دەپ تەگەپتۇ باۋۇدۇن ئەلھازىنى بۇزۇپ.

ئوبۇلقاسىم بۇ تەكەببۇر لۈكچەك ئالدىدا نۇرئەلانى مات قىلغۇسى كەلمەپتۇ - دە، يىگىتلىك غۇرۇرى ئۇرغىغان ھالدا جاۋاپ بېرىپتۇ:

— راست!

نۇرئەلا ئوبۇلقاسىم بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەن، سېزىكلىك دەۋرى باشلانغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوزىچە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، شىرنە - شەرۋەتلىرى ئېرىپ كېتىپ، شۇ جەرياندىكى سىھىرگەرلىكلىرىنى سوزلەپ بەرگەن ۋە ئوبۇلقاسىمنىڭ قۇچىقىغا ئوزىنى ئېتىپ «سىزنى مەن پەزىلەتنىڭ يۇرىگىدىن سۇغۇرۇۋالغان» دەپ ناز بىلەن ئەركىلىگەن ئىدى...

ئوبۇلقاسىم ھازىر «ئۇتتۇرۇپ قويغان» ئاشۇ ئەگگۈشتىرىدىن سوراۋاتاتتى:

— سىز جىنايى بەدنامغا ئۇچرىغاندا، نىمە ئۈچۈن كوكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالمىدى؟ بىر قىز ئۈچۈن، بولۇپمۇ مائارىپ قوشۇنىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى قىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك روھىي ئازاپ بولامدۇ؟— ئوبۇلقاسىم ھاياجانلانغان ۋە قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىدى. ئۇ ئوزىنى تۇتالماي سوزلەپ كەتتى،— ئەمدىلىكتە بولسا، دىلمۇراتتىن ئاللىقاچان سۇنۇپ كەتكەن كونا چىنىنى يېڭىۋاشتىن قادايدىغان قاداق

ئورنىدا پايدىلانماقچى! مۇمكىن ئەمەس، ئەللا مۇمكىن ئەمەس!
ئۇنىڭ سىھىرلىك كوز ياشلىرى بىلەن ئېرىپ كېتىدىغان يۈرەك
ئەمدى قالمىدى!... شۇنچە ئۇزۇن خەتكە بېرىدىغان جاۋابىم پە-
قەت توت قۇرلا: ئاڭلاپ بېقىڭ، پەزىلەت.

پەزىلەت بېشىنى كوتەردى، ئوبۇلقاسىم ئوقۇدى:

نىچۇككى، ئەمدى بولغانسەن دىلىڭنى قايتىدىن بەرمەك،
جۇدۇن كەزگەن مۇھەببەتنىڭ چولىگە گۇل-چېچەك تەرمەك؟
جاۋاپ بەر، ئەسلىگە كەلگەن قاچاندا، قايسى تۇپراقتا،
ۋاپاسىزلىق تېشى بىرلە چېقىلغان بىر نېپىز ئەينەك!؟

پەزىلەتنىڭ كوز ئالدىدا يەنە شۇ گەۋدە — ئەرۋادەك ئورۇق، پەرىشان ئايالنىڭ غۇۋا كولەڭگۇسى. ئۇ، قويۇق ئىس-تۇتەكلەر ئىچىدە ئاستىلاپ يىراقلاشماقتا ۋە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم «پەزىلەت، جېنىم دوستۇم، مېنى بۇ ئازا...ئازاپ - ئوقۇبەت چو-لىدىن قۇتقۇزۇۋېلىش پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىنلا كېلىدۇ!...» دەپ يالۋۇرماقتا، نالە قىلماقتا ئىدى.

«بەس، نۇرئەلا، — دەپ پىچىرلىدى پەزىلەت ئوز ئىچى-دە،— كونىلار، نىمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن دەپ بىكار ئېيت-مىغان. سەنمۇ تېرىغىنىڭنى ئال، دوستۇم!...»

ئوبۇلقاسىم ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئاستاغىنا قولىنى قويدى، كوزلىرىگە تىكىلدى:

— دىلمۇراتنىڭ ئانىسى،— دېدى ئۇ چەكسىز سويۇنۇش بىلەن.

— دادىسى،— دېدى پەزىلەت ۋە «لاپپىدە» بىر قار-دى-دە، نۇمۇسچان كوزلىرىنى يەرگە تىكتى.



— بالامنىڭ ئانىسى، ئانامنىڭ ئامراق كېلىنى، مېنىڭ سۆيۈملۈكۈم، ئۆمۈرلۈكۈم...

ئوبۇلقاسىم ئادەمزات نەسلىنىڭ بۇ جان كويەرىنى، ھىج-
ران تۈنلىرىنىڭ مۇدھىش باغرىنى نۇر قىلىچى بىلەن يېرىپ

ئوتكۈچى بۇ سادادقەت شامىنى چەكسىز ھورمەت ۋە چەكسىز مېھرى - مۇھەببەتلىك ھىسسىياتى بىلەن ئوز باغرىغا تاڭدى. پەزىلەتنىڭ يۈرىگى ئوز ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئوزى ياخشى كورگەن كىشىنىڭ يۈرىگى بىلەن تەڭ سوقتى، نەپەسى ئوز قەدىردانىنىڭ نەپەسى بىلەن قوشۇلدى. دىلمۇراتنىڭ:

— ئاچا، ھېلىقى خوتۇن كېلىۋاتىدۇ!— دېگەن تەشۋىشلىك ئاۋازى بىر تەن - بىر ۋۇجۇت بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككى گەۋدىنى بىر پەس ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. دىلمۇرات مېھمانخانا بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندا، بۇلار سافادىن بۇرۇنقىدەك جاي ئېلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. دىلمۇرات پەزىلەتنىڭ قۇچىقىغا ئوزىنى ئاتتى ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ:

— بالام - بالام، دەيدۇ تېخى!— دېدى.

پەرىشان ئايال — نۇر ئەلا بوسۇغىدا پەيدا بولدى - دە، سافادا يانمۇ - يان ئولتۇرغان بىر ئائىلە كىشىلىرىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ، بۈگۈن بايمىقى ئالتە بەتلىك «تەلەپنامە»نىڭ جاۋابىنى ئالماقچى ئىدى؛ يەنە بىر قېتىم تەلەي سىناپ باقماقچى ئىدى.

— ئاشۇ خوتۇن، — دەپ كورسەتتى دىلمۇرات،— بۇدۇ يەنە بالام - بالام دەيدىغان بولسا، ئاغزىغا توپا چېچىۋەتمەيدىغان بولسام!...

ئوبۇلقاسىم بىلەن پەزىلەت ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى. بۇ— يالقۇنلۇق ئىككى يۈرەكنىڭ ۋىسال سەھەرىدىكى شاتلىق كۈلكىسى، بەخت كۈلكىسى، غەلىبە كۈلكىسى ئىدى؛ دىلمۇراتنىڭ كومۇش قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن تېخىمۇ ئۇلغايغان بۇ كۈلكە— پارلاق، گۈزەل ۋىسال تاڭلىرى شەنىگە بېغىشلانغان يۈرەك ئەلنەغمىسى ئىدى.

1980 - يىل ماي - نويابىر، قەشقەر.

تۇرسۇن نىياز

# ئۆمىت شامى ئوچكەندە

# چۈشىنىش

مەن زاۋۇت باشلىقى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، پېشقەدەم زاۋۇت باشلىقىمىزنىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ قالدى. ئۆز ئورنىنىڭ بىراقلا ماڭا ئۆتۈپ قالغىنىغا چىدىمايۋاتقاندىمۇ-يە؟ ئۇنداقمىكىن دېسەم، ئىلگىرى «مەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمىكەنمەن چاڭجاڭ...» دەپ نەچچە-نەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن چاغلىرىمدا «خاتىرجەم بول ئەكبەر، ھازىر دەۋرىمىز بىلىم ئىگىلىرىگە، سىلەردەك ئىقتىدارلىق ياشلارغا مۇھتاج. بىز قېرىپ قالدۇق. بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنى سىلەردەك ياشلار زىممىڭلارغا ئېلىشىڭلار كېرەك. سەن بۇ خىزمەتنىڭ ئەھدىسىدىن جەزمەن چىقىپ كېتەلەيسەن، مۇبادا بەزى ئىشلاردا قىيىنىلىپ قالغىدەك بولساڭ پارتىيە تەشكىلى بار، يولداشلار بار، يەنە مەنمۇ تېگىشلىك ياردىمىمنى ئايىماي، سېنى يېتىشتۈرۈشكە تىرىشىمەن» دەپ ماڭا ئىلھام ۋە تەربىيە بەرگەن ئىدى. بۇلارنى ئەسلەپ: «ياق، پېشقەدەم چاڭجاڭ ماڭا ھەرگىزمۇ يامانلىق قىلمايدۇ» دەيمەن، ئەمىلىيەتتىچۇ؟ مانا ھازىر قىلغانلا ئىشىمدىن پۇتاق چىقىرىپ، ئولتارسا-قوپسا مەن بىلەنلا ئېيتىشىپ يۈرەت-

تى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن بارغانسېرى غەزىپىم، ئۆچلۈكۈم قوزغىلاتتى.

«ھەي... تازىمۇ قۇۋ، ئىككى يۈزلىمىچى ئادەم ئىكەندە بۇ، — دەيمەن ئىچىمدە، — ئالىكىرى يۈرىكىنىڭ مۇنچىۋالا ئېچىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانمىكىنە؟ چىدىماق تەستە، نىمىلا دېگەن بىلەن ھوقۇق دېگەن ھوقۇق - تە، راستىن ئۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بۇنچىلا چاندۇرۇپ يۈرۈشىنىڭ نىمە ھاجىتى...»

«چوغنى پاختىدا، بىگىزنى قاپتا ساقلىغىلى بولماس» دېگەندەك، مەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ بىر ھەپتە ئۆتە - ئۆتمەيلا ئۇ، قوسىقىدا ساقلاپ كەلگەن غۇممىنى بىر يولى ئاشكارىلاپ قويغان ئىدى.

مەن شۇ كۈنى ئەتىگەن ئىشخانامغا ئەمدىلا كىرىپ رېمونت سېخىدىكى بىر ئىشچى ئېلىپ كىرگەن ھوججەتكە قول قويۋاتاتتىم، شۇ چاغ، بىردىنلا ئىشىك ئېچىلىپ پەشقەدەم زاۋۇت باشلىقىمىز بولۇمگە كىرىپ كەلدى، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئورۇن بوشاتتىم، ئۇ مەن كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل ھېلىقى ئىشچىنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ قولىدىكى مەن تەستىقلىغان ھوججەتنى قولىغا ئېلىپ سورىدى:

— بۇ نىمە ھوججەت ئىكەن؟

— رېمونت سېخىدىكى ئىشچىلارنىڭ كەچلىك تاماق پۇلى ھوججىتىكەن، — دىدىمەن دەرھال جاۋاپ بېرىپ، — بۇرۇنقى قائىدە بويىچە تەلەپ قىلىنغان تاماق پۇلىنى تەستىقلاپ بەردىم.

— تەكشۈرۈپ كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق، تەكشۈرۈپ كۆرمىدىم.



— ئۇنداق بولسا هوججەتكە ئالدىراپ قول قويماڭ، بۇ هوججەتتە ئىسمى ئىشچىنىڭ، قايسى كۈن، قانچە سائەت جاپەر قىلىپ ئىشلىگەنلىكى ئېنىق يېزىلمىغان، ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە كېيىن چاتاق چىقىدۇ.

چاڭجاڭ شۇ يەرگە كەلگەندە، سوزنىڭ ئاخىرىنى قەستەن ئىچىگە يۇتۇپ قولىدىكى ھوججەتنى ماڭا سۇندى، مەن ئەجەپلەنگەن ھالدا ھوججەتنى قولۇمغا ئالدىم، يېنىمدا تۇرغان ھېلىقى ئىشچىمۇ بىر ماڭا، بىر زاۋۇت باشلىقىغا «بۇ نېمە بولغىنى؟» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى، ئارىمىزنى بەردەملىك ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى، شۇ ئارىدا تۇساتتىن بىرسى زاۋۇت باشلىقىنى چاقىرىپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى، ھېلىقى ئىشچى يولداشمۇ ئۈن - تىنسىز ھوججەتنى يانچۇقىغا سېلىپ، قايتا ئوزگەرتىپ كىردىش ئۈچۈن بولۇمگە چىقىپ كەتتى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىشقا سەپرايىم تېخىمۇ ئورلەپ ئاغزىمدىن ئەسكى تىللارنى ياغدۇردۇم. بىر خىل ئوچمەنلىك يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى: «ھەي، ئۇنىڭ ئەلپازىنى تېخى، — دېدىم ئىچىمدە غەزىۋىمنى مىڭ تەسلىكتە بېسىپ، — ئەگەر سېنىڭ يۈزدە - يۈز توغرا بولغاندىمۇ، ئاشۇ ئاددى ئىشچى ئالدىدا، قول قويۇپ بولغان ھوججەتنى قايتۇرۇۋەتكىنىڭ نېمىسى؟ بۇ جەزمەن كىشىلەر ئالدىدا مېنى مەسخىرە قىلغانلىق، ئىناۋىتىمنى يەرگە ئۇرغانلىق، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھەر قانچە گەپ - سوزلىرىڭ بولسىمۇ ئاڭلىمايتتىممۇ؟! بولدى، ئەمدى بىلدىم، سېنىڭ ئوتكەندە ‹قوللايمەن، قوللايمەن!› دېگەنلىرىڭنىڭ تېگى مۇنداق ئىكەندە! بولمىسا، بۇنچىلىك ئىشتىن قوسۇر تېپىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟»

ئارىدىن بىرەر ئاي ئوتۇپ زاۋۇت بويىچە ئېچىلغان بىر قېتىملىق سېخ باشلىقلىرى يىغىنىدا، مەن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات توغرىسىدا ئوز كوز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم ۋە خېلىدىن بېرى كوڭلۇمگە پۈكۈپ كېلىۋاتقان كارخانا باشقۇرۇش

ئىشىغا دائىر بەزى بىر ئىجابىي تەكلىپ پىكىرلىرىمىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتتۇم، بۇ تەكلىپلىرىم يىغىنغا قاتناشقان خېلى كۆپچىلىك كىشى-لەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى، لېكىن بىرلا مەسىلى-دە، يەنى كارخانا ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان مۇكاپات - جازادا بۇ پىشقەدەم زاۋۇت باشلىقى بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا يەنە ئىخ-تىلاپ يۈز بەردى. مەن: «ئىشچىلارغا بېرىلىدىغان يىللىق مۇكاپات-نى ھەر يىلقىدەك ئۇلارنىڭ خىزمەتكە قاتناشقان ئىش كۈنىگە قاراپ تەقسىم قىلىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا، ئىشچىلارنىڭ ئىش ۋاقتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن قارى-شىمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. لېكىن كىم بىلسۇن سۆزۈم تۈ-گە تۈگىمەيلا ئۇ، نەخ مەيدانىنىڭ ئۆزىدىلا:

— ياق، ئەگەر ئەكبەرنىڭ دېگىنىدەك بولغاندا، يەنىلا كونا كەش كېيىپ، يېڭى يولدا مېڭىش كېلىپ چىقىدۇ. بىز ئىش ۋاقتىغا جەزمەن كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن يەنە بىر مۇھىم نۇقتا — شۇ ئىش ۋاقتى ئىچىدە ئۇ كىشى قانچىلىك مەھسۇلات ياراتتى؟ ئۈنۈمى قانچىلىك؟ مۇكاپات پۇلى بېرىشتە مانا بۇ تەرەپ ھېساپقا ئېلىنىشى كېرەك، دېمەكچىمەنكى، بېرى-لىدىغان مۇكاپاتتا جەزمەن پەرق بولۇش كېرەك، پەرق قانچە چوڭ بولسا شۇنچە ياخشى، بۇ — «ھەر كىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئىشلىگىنىگە قاراپ ھەق ئېلىش» دېگەن سوتسىيالىس-تىك تەقسىمات پىرىنسىپىغىمۇ ئۇيغۇن، — دەپ سۆزۈمنىڭ شېخىغا ئۆرۈۋەتتى ۋە ئۆزىنىڭ «توغرا ئەمەس» دېگەن بۇ قارىشىنى ئىسپاتلايدىغان بىرمۇنچە دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن-دىن كېيىن گېپىنى تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەندىن بېرى، مېنىڭ بۇ يىغىندا باش قاتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بىرمۇنچە ئى-

جابى كوز قاراشلىرىمۇ ھىلىقى بىر ئېغىز «خاتا» بىلەن بىر تاياقتا ھەيدىلىپ، نولگە تەڭ بولدى، 30 يىلدىن بۇيان ئۆزى زاۋۇت باشقۇرغاندا، بىرەر قېتىممۇ ئەقىل ئىشلىتىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۇرئەت قىلمىغان بۇ پىشقەدەم زاۋۇت باشلىقى، ھوقۇق ئەمدى مانا ئوتكەندە، ئەقىللىق، چارە - تەدبىرلىك، زېرەك بولۇپ كەتتى، مەنچۇ؟ نامدا چاڭجاڭ، بىلىم ئىقتىدارلىق زىيالى، ئەمەلىيەتتە بولسام، ئۇنىڭ تىزگىنلىشى بىلەن ئىش باشقۇرىدىغان ئىسمى بار، جىسمى يوق، ئەمەلى بار ھوقۇقى يوق كىشى بولۇپ قالدىم ...

روھىي كەيپىياتىمدىكى بۇ خىل نارازىلىق ئاستا - ئاستا ئەمەلىي خىزمەتلەردىمۇ كورۇنۇشكە باشلىدى، خىزمەتتىن كوڭلۇم سوۋۇپ، ئىرادەم ئاجىزلاشتى، توۋەندە ئوزەم ھەل قىلىپ كېتەلەيدىغان كىچىك ئىشلار بولسىمۇ، قەستەن ئۇنىڭغا ئىتتىرىپ قويىدىغان بولۇۋالدىم، مەقسىدىم، ئاشۇ يول بىلەن ئۇنىڭغا بولغان ئاچچىغىمنى چىقىرىۋېلىش. لېكىن، ئۇچۇ؟ «قېيىشقانىنىڭ قىزىنى ئال» دىگەندەك، مېنىڭ بۇ قىلىقلىرىمغا پەرۋا قىلماي خاتىرجەم يۈرەتتى. بەزىدە ئەقىل كورسىتەتتى. چاقچاق قىلاتتى. كوپلىگەن ئىشلارنى يەنىلا مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا ھاۋالە قىلاتتى.

بىر كۈنى ئۇ زاۋۇت پارتىيە ياچېيكىنىڭ بىر قېتىملىق يىغىنىدا مېنىڭ يېقىندىن بۇيان خىزمەتتە ئانچە ئەستايىدىل بولۇپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىمنى، بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى دادىل بىر تەرەپ قىلماي، ئەكسىچە ئىتتىرىپ قويۇۋاتقانلىقىمنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئاستىرتىن تەنقىت قىلىشقا باشلىدى. مەن بۇ چاغ ئۆزۈندىن بۇيان ئىچىمگە يۇشۇرۇپ كېلىۋاتقان قوساق كوپۈكۈمنى بىر يولى ئاشكارىلاش نىيىتىگە كەلدىم - دە، دەرھال گېپىنى ئارىلاپ:

— رەھمەت چاڭجاڭ، سىزنىڭ ماڭا شۇنچىلىك كۆڭۈل بولۇپ يۇرگىنىڭىزمۇ يېتەر! مەن سىز تۇرغان يەردە قانداق قىلىپ بۇ ئىشىڭلارنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايمەن، ئۇنىڭدىن كورە، بۇ خىزمەتنى سىزلا ئىشلەۋېرىڭ، مەن يەنىلا بۇرۇنقى كەسپىي خىزمىتىمنى ئىشلەۋېرەي، — دەپ تەنە بىلەن ئۇنىڭغا دوق قىلدىم.

زاۋۇت باشلىغىمىز كۇتمىگەندە قىلغان بۇ سوزۇمنى ئاڭلاپ بىردىنلا چوچۇپ كەتتى ۋە تەڭدىن تولىسى ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىنى خىجىللىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەكبەر، بۇ سوزىڭىز تازا جايىدا بولمىدى، پارتىيە، تەشكىل يىراق كەلگۇسىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ۋەزىپىنى سىزگە تاپشۇردى، بىز قېرىلارنىڭ ئەمدى ۋاقتى توشتى، سىزمۇ مۇشۇ پەيتتە دادىل ئىشلەپ مۇستەقىل خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى ئوستۇرمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مەنمۇ بەلكى كوپ ئوتمەي خىزمەتتىن ئايرىلىشىم مۇمكىن. مېنىڭچە، سىز يەنىلا بۇ ۋەزىپىنى تولۇق ئۇستىڭىزگە ئالغىنىڭىز تۇزۇك، شارائىت پىشىپ يېتىشتى.

چاڭجاڭنىڭ بۇ ئاخىرقى سوزلىرى تېخىمۇ ئوغامنى قايناتتى: «قاراڭ، ئۇنىڭ سوزلىرى نىمە دىگەن چىرايلىق، نىمە دىگەن يېقىملىق - ھە؟! — دىدىم ئىچىمدە، — ئۇنىڭدىن كورە سەن مېنىڭ ئىشىمغا توپا سالدىڭ، مەندىن ھوقۇق تارتىۋالدىڭ، شۇ قىلغانلىرىڭ ئۇچۇن بۇرۇنىڭدىن بۇلاق قىلىمەن دىسەڭ بولمامدۇ؟ تەشكىل تېخى بۇ ۋەزىپىنى ماڭا ئىشىنىپ «تاپشۇرغانمىش»، ئوزى قېرىپ «يېشى توشقانمىش»، مۇستەقىل خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىم «پىشىپ يېتىلمىگەنمىش»، شۇنداقمۇ گەپكە ئۇستا ھىلىگەر كىشىلەرمۇ بولىدىكەن - ھە؟!»

مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ تېخىمۇ زەردەم قايىندى - دە-
گەپ - سوزسىزلا يېغىندىن قايتىپ چىقتىم ۋە ئويگە كىرىپلا يۇقۇ-
رى دەرىجىلىك پارتكوم تەشكىلات بولۇمگە بىر پارچە ئىلتىماس
خېتى يېزىپ، ئوز ۋەزىپەمدىن ئىستىپا بېرىشنى تەلەپ قىلدىم،
بۇ خەتكە پىشقەدەم زاۋۇت باشلىغىمىزنىڭ ماڭا قىلغان «سەمىمى
ياردەم ۋە قىزغىن قوللاشلىرى» نىمۇ ئىمكان بار تولۇق يېزىشقا
تىرىشتىم. قىسقىسى، بۇ خەتنى ئىستىپا خېتى دىگەندىن كورە-
ياخشى يېزىلغان بىر شىكايەتنامە دىيىشكە بولاتتى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن تەشكىلات بولۇمىدىكى مەسئۇل يولداش
بۇ ئىلتىماسنى كورۇپ، بىردىنلا كۇلۇپ كەتتى ۋە سالماق قىيا-
پەت بىلەن ماڭا قاراپ:

— سىز، بۇ زاۋۇت باشلىغىنى چۈشەنمەمسىز؟ — دەپ
سورىدى.

مەن بۇ سوئالغا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشىمنى بىلمەي بىر
هازا تۇرۇپ قالدىم ۋە ئىچىمدە دىدىم «بۇ ئادەم بىلەن 10
يىلدىن بۇيان بىر زاۋۇتتا ئىشلەۋاتقان تۇرسام، ئۇنىڭ ئۇستىگە
دەل مۇشۇ ئادەمنىڭ توسقۇنلىغى تۇپەيلىدىن ئوز ۋەزىپەمدىن
ئىستىپا سوراش ئۇچۇن كېلىۋاتقان تۇرسام قانداقمۇ چۈشەنمەي-
دىكەنمەن ...؟»

— هەيران بولماڭ، يىگىت، — دىدى ئۇ دەرهال كوڭ-
لۇمدىكىنى چۈشەنگەندەك يەر ئاستىدىن كۇلۇمسىرەپ قاراپ، —
سىز بۇ كىشىنى تازا ياخشى چۈشەنمەپسىز، مېنىڭچە ئۇ، ياخشى
ئادەم، ياخشى پىشقەدەم رەهبىرى كادىر، ئىشەنمىسىڭىز مانا بۇ-
نى ئوقۇپ كورۇڭ، بۇ تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ بىزگە سۇن-
غان دەم ئېلىشقا چىقىش هەققىدىكى ئىلتىماس خېتى.

مەن ئۇنىڭ قولىدىكى سېرىق تاشلىق كونۋېرتكە سېلىنغان بىر پارچە خەتنى قولۇمغا ئېلىپ تۆۋەندىكى قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتتۈم:

«پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە:

دەۋرىنىڭ تەلىۋى، ۋەتەننىڭ ئېھتىياجى بىز پىشقەدەملەردىن كەلگۈسى ئىزىمىزنى باسىدىغان، بىلىم - ئىقتىدارلىق، كەسپكە پىشقان زور بىر تۈركۈم ياش ئەۋلادلارنى تېزدىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا، بىزدەك پىشقەدەم كادىرلارنىڭ ئارقا سەپكە چېكىنىپ، ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشىمىزمۇ پارتىيە-خەلق ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز. مەن بۇ يىل ساق - سالامەت 60 ياشقا كىردىم، 30 يىل زاۋۇتتا ئىشلەپ، خەلق ئالدىدىكى بۇرچۇمنى ئاز - تولا ئادا قىلدىم. هازىر زاۋۇدىمىزدا جىددىي ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلماقتا، زاۋۇتنىڭ باشقۇرۇش هوقۇقى ئەكبەرگە ئوخشاش ياش، بىلىم - ئىقتىدارلىق زىيالىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن ئىنتايىن رازىمەن. مەن ئۇنىڭ هازىرقى كەسپىي قابىلىيىتىگە ئاساسەن، رەھبەرلىكتىن ئۇنىڭغا هەر تەرەپلىمە ياردەم قىلىشىنى، قاتتىق تەلەپ قويۇشنى تەلەپ قىلىمەن. ئۇ، بۇ ۋەزىپىنىڭ هۆددىسىدىن تامامەن چىقىپ كېتەلەيدۇ. ئاخىرىدا رەھبەرلىك مۇۋاپىق كۆرسە، مەنمۇ يېڭى يىلدىن باشلاپ دەم ئېلىشقا چىقسام.

ھۆرمەت بىلەن: قاۋۇل نۇر»

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ بىر هازا بېشىمنى كۆتىرەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم. تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى مېنىڭ بۇ قە-

يىن ئەھۋالىمنى دەرھال پەملەپ يەتتى بولغاي، ماڭا كويىنىش
ھىسسىياتى بىلەن كۆلۈمسىرەپ قاراپ دىدى:

— كېرەك يوق يىگىت، دۇنيادىكى ئىشلار مانا شۇنداق
مۇرەككەپ بولىدۇ، ھەر قانداق ئادەمنى چۈشىنىش ئۈچۈنمۇ مەلۇم
بىر جەريان كېرەك، سىز ھىلىمۇ بۇ پىشقەدەم زاۋۇت باشلىغىنىڭ
ئۈمىدىنى يەردە قويماي تىرىشىپ ئىشلەڭ.

مەن ئۇنىڭ سوزىنى ئاڭلاۋېتىپ ئىختىيارسىز قىستاپ كېلى-
ۋاتقان كوز يېشىمنى يوشۇرالماي قالدىم - دە، تېز-زدىن ئورنۇم-
دىن تۇرۇپ:

— بولىدۇ باشلىق، مەن ئۇنى چۈشەنمەپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈ-
مىدىنى يەردە قويمايمەن، — دىگىنىمچە سىرتقا ئوزەمنى ئاتتىم.

# ئەندىشە قىلماڭ ساقى ئاكا

گۈلباغ دادۇيگە كەلگىنىمگە ئانچە كوپ بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قانچە كۈندىن بۇيان بۇ دادۇينىڭ ئومۇمى ئەھۋالى توغرىسىدا خېلىلا تونۇشلۇق بولۇپ قالغان ئىدىم. تۈنۈگۈن كەچتە دادۇيدە ئېچىلغان يىغىندا، ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدىن كەلگەن كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە قىلغان غۇلغۇلىسى مېنى تېخىمۇ يېڭى پاكىت ۋە يېڭى تەسىراتلار بىلەن تەمىنلىدى. مەن شۇڭا، يىغىن ئاخىرىدا دادۇي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى قاسىمكامدىن:

— ئاڭلىغانلىرىمدىن دادۇيىڭلارنىڭ ئەھۋالىدا زور ئىلگىرىلەش بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بولغاندا، ھەممىگە تاۋاپ بىرەر بېيىغان ئائىلىنى تونۇشتۇرۇپ بىر نەرسە يازسام قانداق؟ — دەپ سورىدىم.

— مەيلى، — دېدى سېكرېتار كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ئەگەر يازىمەن دېسىڭىز 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى ساقىكام بۇ خىل ئائىلىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تىپى، خالىسىڭىز شۇنى يېزىڭ.

— ساقىكام؟

— ھە ساقىكام، بەلكى ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، ئاڭلىسام

«مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دىمۇ بىر قېتىم كېلىپ زىيارەت قىلغان ئىكەنسىز.

— ئېسىمدە، — دېدىممەن ئون يىل بۇرۇنقى . تونۇش ئىسمىنى دەرھال يادىمغا ئېلىپ، — ھازىرقى ئەھۋالى قانداقراق؟

— بۇنى سىزگە تاماقتىن كېيىن سۆزلەپ بېرەي، قالغان تەرىپىنى ئەتە ئۆزىڭىز بارغاندا كۆرۈپ بېقىڭ.

× × ×

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن سېكرېتار ئىككىمىز دادۈي ئالدىدىكى، ئىككى تەرىپى بوككىدە سۇۋادان تېرەكلىك چوڭ يول بىلەن 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ كوجۇم مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدۇق.

ئۆكتەبىر، تالقان توكتى مەزگىلى. يول بويىدىكى تۇتاش كەتكەن كەڭ دالا - ئېتىزلاردا قوناق ئۇراۋاتقان، ماشىنا - سەيالكىلاردا بۇغداي تېرىۋاتقان، ئالدىراش كېۋەز تېرىۋاتقان ئەر - ئاياللار، يىگىت - قىزلارنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ۋە ناخشا ساداسى بىلەن ئەتراپ ئاجايىپ شادىيانە تۈسكە كىرگەن ئىدى.

بىز 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئائىلىلەر بويىچە سالغان قوناق خامانلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، يولدىن 50 - 60 قەدەم يىراقلىقتىكى تاملىرى سۈتتەك ئاقارتىلغان ئازادە بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.

— مانا بۇ ئۆي ساقىكامنىڭ ئۆيى، — دېدى سېكرېتار ئىشىكنى چېكىپ تۇرۇپ، — سىز بۇرۇن كەلگەندە بەلكى ئۇنىڭ كونا ئۆيىگە كىرگەن بولغىيتتىڭىز؟

سېكرېتارنىڭ سوزى تۈگە - تۈگىمەي ئىشىك ئېچىلىپ، هويلىدىن چاچ - ساقاللىرىغا خېلىلا ئاق كىرگەن، بېشىغا يېڭى سارچە قارا تۇماق، ئۈستىگە خەسىدىن ئۇزۇن كوينەك كىيىپ، بېلىنى كوك بەلۋاغ بىلەن مەھكەم باغلىۋالغان ساقىكام چىقىپ كەلدى - دە، قولىدىكى غەلۋىرنى ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىغا قويۇپ، بىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كورۇشتى ۋە:

— هەي بۇ بىپەرۋالىغىمنى قاراڭ، مەن تېخى نەۋرەم ئالمىجانىمكىن دەپ ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن، قېنى، ئويگە كىرەيلى، ئويگە، — دېدى.

بىز ساقىكامنىڭ كەينىدىن ماڭدۇق. ئۈزۈم تاللىرى سايە تاشلاپ تۇرغان چوڭ سۇپىغا نەپىس گۈللۈك چوڭ شىرداق، شىرداق ئۈستىگە قىزىل تاۋاردىن قىلىنغان يېكەنداز كورپە سېلىنغان ئىدى. ئاقكوڭۇل ساهىپخانىنىڭ تەكلىۋى بىلەن بىز كەڭ - كۇشادە ئولتاردۇق. بىدىشتىكى مەي باغلاپ ۋايىغا يەتكەن ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر كوزنىڭ يېغىنى يەيتتى. ساقىكام قولىمىزغا سۇ بەرگەندىن كېيىن داستىخان كەلتۈرۈلدى. بىز نازۇ - نېمەتلەرگە باققاچ، ئۇياندىن - بۇياندىن پاراڭ سوقۇشتۇق.

— ساقىكا بۇ كىشىنى تونىمىدىڭىزغۇ دەيمەن، — دەپ سوز باشلىدى سېكرېتار بىر چاغدا سوزنى بۇراپ، — مەن ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئويىڭىزدە مېھمان قىلىش ئۈچۈن باشلاپ كەلدىم.

— نېمە دېسەم بولار، — دېدى بوۋاي ئىتتىك ماڭا بۇرۇلۇپ، — قېرىغاندا ئادەمنىڭ ئەقلى - هوشى جايىدا بولمايدىكەن، تونۇدۇم دەي دېسەم دەرھال ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، تونۇمىدىم دەي دېسەم بۇرۇن بىر جايدا كورگەندەكلا قىلىمەن.

— 1972 - يىلى ھويلىمىزدا ئۆتكۈزۈلگەن «سىنىپىي تەربىيە كورگەزمىسى» ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ شۇ چاغدا سىزنى تونۇشتۇرۇپ گېزىتكە خەۋەر يازغان مۇخبىر يولداش ئادىلجان شۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ قېتىم ئۇ يەنە سىزنى زىيارەت قىلىپ، گېزىتكە خەۋەر يېزىش خىيالى بىلەن كەلدى.

— بۇ ئەقلىمنى! — دېدى ساقىكام بىردىنلا قويۇق قاشلىرىنى يىمىرىپ، — مەن راستىنلا تونۇماي قاپتىمەن، ئېيتمىسىمۇ ئۇ ئىشلارغا 10 نەچچە يىلدىن ئېشىپ قالدى ئەمەسمۇ... — بوۋاينىڭ نىمە ئۈچۈندۇر ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. گويا بىر ئاچچىق خاتىرىنى ئەسكە ئالغاندەك چىرايلىرى تۈرۈلدى. كېيىن ئۇزىنى ئوڭشاپ، يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيانقى يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. سېكرېتار چايدىن كېيىن بىز ئىككىمىزنى ئوڭچە قالدۇرۇپ، ئىككىنچى ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ خامىنىغا كېتىپ قالدى...

ساقىكام بىلەن بولغان سوھبەت بىر سائەتتىن كوپرەك داۋاملاشتى، ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن مەن شۇنىڭغا ئىشەندىمكى، يېڭى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ساقىكام ھەقىقەتەن ھاللىنىپ قاپتۇ. ھوددىگە بېرىلگەن يەرلىرىنى ياخشى باشقۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، ئائىلە قوشۇمچە كەسپىدىنمۇ ئېغىز تولغىدەك كىرىم قىپتۇ. ئۇ، شۇنچە قىزغىن سوزلىدىيۇ، بىراق بەزى سانلىق پاكىتلارغا كەلگەندە، نىمە ئۈچۈندۇر ئەگىپ كېتەتتى. مەن ئۈچۈن بۇلار زورۇر ئىدى، شۇڭا ئەتەي قايتا سورىدىم:

— ساقىكا، ئېيتىپ بېقىڭا، بۇ يىل خاماندىن ئالغان ئومۇمى ئاشلىقىڭىز ۋە ئائىلە بويىچە قىلغان ئومۇمى كىرىمىڭىز قانچىلىك بولغاندۇ؟

— هەي، بۇنى سوراپ نىمە قىلارسىز، گېزىتكە يازغىدەك-مۇ ھىچنەرسە يوق، — دىدى بوۋاي گويا بىر نەرسىدىن چو-چىگەندەك قولۇمدىكى خاتىرە دەپتەر بىلەن رەسىم ئاپاراتىغا قا-راپ، — ئاق - قارا قوشقاندا يىللىق ئاشلىغىم 800 جىڭ-دەك بولىدىمىكىن ... ھە ... ھە ... ئومۇمى كىرىمىنى دىسە-ڭىز ... بۇمۇ كوپ ئەمەس ...

— ساقىكا، — دەپ يەنە ئاسماقچىلاپ سورىدىم، — ئائىلىسام ئويىڭىز زاچا - گىلەم، ئۇنىالغۇ، كىيىم تىكىش ماشىنى-سى ... قاتارلىقلار بىلەن يېڭىچە تۈسكە كىرگەنمىش، بۇ نەرسە-لەرنى ...

سوزۇمنىڭ ئاخىرى تۈگە - تۈگىمەي ساقىكام بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، گويا سوزۇك ئاسماندا «لەپپىدە» پەيدا بولغان قارا بۇلۇت سايىسىدەك، رەڭگىنى ئوزگەرتىپ گەپ - سوزسىز ئالدىدىكى داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. خوشلى-شىش ئالدىدا مېھمانلىق ھورمىتىمنى قىلدى بولغاي، چىرايىغا قەس-تەن كۇلكە يۇگۇرتىپ: «سىز ئېيتقاندەك، ئويىمىزدە نەدىمۇ گى-لەم - پىلەم، رادىيو - پادىيو بولسۇن، باشقىلار ئەتەي مېنى شاڭخو قىلىپ سىزگە شۇنداق تونۇشتۇرۇپ قويغان ئوخشايدۇ» دەپ قوشۇپ قويدى. مەنمۇ ئورۇنسىز سوئال سوراپ ئۇنى رەن-جىتىپ قويغىنىمغا خىجىل بولغان ھالدا خوشلىشىپ دادۇي ئىش-خانىسىغا قايتىپ كەلدىم.

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا كوزۇمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمە-دى، ئۇيان ئورۇلۇپ، بۇيان ئورۇلۇپ كاللامدا مۇنداق بىر چىڭ-گىش سوئال تۇغۇلدى: «دۇي كادىرلىرى تونۇگۇن ساقىكامنى ‹باي بولغان ئائىلىلەرنىڭ تىپى› دەپ بىرمۇنچە تونۇشتۇرغان

ئىدى. سېكرېتارمۇ ئۆز ئاغزى بىلەن ساقىكام (تاڭشەن) دىنلا 8 مىڭ جىڭ ھوسۇل ئالدى. دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن 4 مىڭ جىڭ بۇغداي پۇلى بىلەن باغ، ئورمان، چارۋىچىلىقتىن قىلغان كىرىمى 2 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ پۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئۆي، سەرەمجانلىرىنى سېتىۋالدى. تېخى گۇڭشې بويىچە ئېچىلغان ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا بىر قوي، بىر دانە ۋەلىسىپىتمۇ مۇكاپات ئالدى، دېگەن ئىدى. ئىمىشكە كادىرلارنىڭ دېگىنى بىلەن ساقىكامنىڭ گېپى ئوخشىمايدۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سالقىن چىرايىچۇ...؟»

مەن مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، خىيال - يىپلىرىم ھېلىقى 10 يىل بۇرۇنقى «سىنىپىي تەربىيە كۆرگەزمىسى» گە بېرىپ چېتىلدى:

بۇ 1972 - يىلىنىڭ 4 - ئاي مەزگىللىرى ئىدى، كىشىلەر ئالدىراش ئەتىيازلىق تېرىلغۇ بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. مەن بۇ دادۈيگە كېلىپ 2 - كۈنى ئەتىگەندە كادىرلاردىن بىرى ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى - دە، بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى بىر گۇڭشې ئەزاسىنىڭ ئائىلىسىدە «ئۆتمۈشنى ئەسلەش، ھازىرقى بەخت - سائادەتنىڭ قەدرىگە يېتىش» مەزمۇن قىلىنغان بىر سىنىپىي تەربىيە كۆرگەزمىسى ئېچىلىدىغانلىغىنى، مۇمكىن بولغاندا مېنىڭمۇ بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم ۋە ھايال بولمايلا 2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە يېتىپ كەلدىم. يىغىن ئورنى راستىنلا دادۈي ئىشخانىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر دېخاننىڭ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. ھويلىنىڭ تاملىرى ھېلىلا يېقىلىپ چۈشكىدەك بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قاپتۇ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 100 گە يېقىن ئەر - ئايال گۇڭشې ئە-

قاسى ۋە ئۇششاق باللار چىراي ۋە كىيىم-كېچەكلىرىدىن تۇپا ئۆرلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىرخىل جۇشىنىپ بولمايدىغان جەڭگىۋار — جۇشقۇن قىياپەتتە قوللىرىدا بايراق تۇتۇپ، رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇراتتى. ھويلا ئىچىنىڭ ھەممە يېرىگە سىنىپىي كۆرەشكە ئائىت ھەرخىل يوغان خەتلىك شوئارلار چاپلانغان، ئۆيگە كىرىدىغان ئار كوچىنىڭ ئىككى يېنىدىكى چوڭ سۇپا بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان 2 خىل تۇرمۇش بويۇملىرى بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئىدى. ئوڭ تەرەپتىكى سۇپا ئىچىدىكى لوڭقا گۈللۈك چوڭ بىردانە خوتەن گىلىمى ئارتىلغان بولۇپ، گىلەمگە ئاقاپ قويۇلغان كارۋاتتا ھەرخىل ئاۋاردىن تىكىلگەن يىپ - يېڭى يوتقان - كۆرپە ۋە كىيىم-كېچەكلەر رەتلىك تىزىپ قويۇلغان، سۇپىدا يەنە 3 - 4 ئاغاردا پەۋەس قاچىلانغان يىرىك ئاشلىقمۇ ئالاھىدە كوزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سول تەرەپتىكى سۇپىغا بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە 70 يېرىگە ياماق چۈشكەن بىر ئەسكى يوتقان، بىر پېشى يوق جۇۋا، بىر دانە پۇچۇق قازان بىلەن يىرىم خالتا كېپەك قاتارلىق نەرسە-كېرەكلەر تىزىپ قويۇلغان ئىدى.

يىغىن باشلىنىپ ھايال ئۆتمەي، سەھنىدە يېشى 50 دىن ئاشقان، پۈغداي ئوڭ، چاساقال، تەمبەل كەلگەن بىر كىشى پەيدا بولدى - دە، كوز چاناقلىرىدىن تۆكۈلگەن ئاچچىق يېشىنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى ئۈستىدىن ئۇزۇنغىچە شىكايەت قىلدى، شىكايەت داۋامىدا ئۇ ئاتىسىدىن قالغان ھىلقى پۇچۇق قازانىنىڭ تارىخى توغرىسىدا خېلى توختالغان بولسىمۇ، لېكىن نەمشقەدۇر بۈگۈنكى بەخت - سائادەتلىك يېڭى تۇرمۇش-

دىن ئېغىز ئاچقاندا سۈپىغا تىزىپ قويۇلغان، زىناچا - گىلەم
ۋە يوتقان - كۆرپىلەر توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىستۇرۇپ قوي-
ماي ئۆتۈپ كەتتى، پەقەت سۆزىنىڭ ئاخىرىدىلا: «بۈگۈن، ئەمە-
دى تۇرمۇشۇم باياشات، كۆڭلۈم خوشال ئۆتمەكتە. كىيىم - كې-
چەك، ئاش - ناندىن غېمىم يوق، تۇرمۇشتا قىينالسام پارتىيە ئې-
گە» دىگەن بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويدى.

ئەتىسى مەن شۇ مەيداندىن تارتىلغان بىر پارچە سۈرەت
ۋە بۇ كىشىنىڭ سۆز خاتىرىسىگە ئاساسەن رەتلەپ چىققان «بۈ-
گۈنكى تۇرمۇشۇم ھەسەلدىن تاتلىق» دىگەن ماۋزۇدىكى زىيارەت
خاتىرەمنى گېزىتخانىغا ئەۋەتتىم، خاتىرەمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي سۈرەت
بىلەن بىرگە بېسىلدى. بۇ كىشى بۈگۈن مەن كۆرۈشۈپ قايتقان
ئاشۇ ساقىكامنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

«ئۇن يىل بۇرۇن ئۆز ئائىلىسىدە «سىنىپىي تەربىيە كۆر-
گەزمىسى» ئېچىپ كىشىلەرنى سىنىپىي زۇلۇم ئۈستىدە چوڭقۇر تەر-
بىيىگە ئىگە قىلغان بۇ ئاقكۆڭۈل ئادەم بۈگۈن ئەمدى نىمە ئۈ-
چۈن ھازىرقى باياشات ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىشتىن باش تارتى-
دۇ؟ ياكى بىرەر ئەندىشىسى بارمۇ - يە؟» خىيالىم يەنە شۇ چې-
گىش سوئالغا جەم بولدى. ئويلاۋېرىپ ئېنىق بىر نەتىجىگە كېلەل-
مىگەندىن كېيىن، كەچلىك تامىقىمنى يەپ بولۇپ سېكرېتار قاسىم
ئاكامنى ئىزلەپ تېپىش قارارىغا كەلدىم.

2 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە كەلگىنىمدە خېلى كەچ كىرىپ
قالغان بولۇپ، يولدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىمۇ بىر قاراپلا پەرق
ئەتكىلى بولمايتتى. يولدىن خامانغا قايرىلىپ 5 - 6 قەدەم مېڭى-
شىمغا تونۇش بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا ئاڭلاندى. ئارقامغا بۇرۇلۇپ

يول بويىدىكى ئېرىق بېشىدا ماڭا قاراپ تۇرغان ساقىكامنى كۆ-
رۈپ ھەيران قالدىم.

— بەللى، سىز ئىكەنسىزغۇ، — دىدى ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ماڭا يېقىنلىشىپ، — نا تونۇش يۇرتتا ئېزىپ يۈرمەك يەنە؟

— يوقسۇ ساقىكا، — دىدىمەن ئۇنىڭغا جاۋابەن چاق-چاق ئاۋازلاش، — سىزگە ئوخشاش تونۇش - بىلىشلەر تۇرغان يەردە ئېزىپ قالسام بولماس. سېكرېتارنى ئىزلەپ كېلىۋىدىم.

— يۈرۈڭ ئۆيگە كىرەيلى، ئەتىگەن ئالدىراپلا كېتىپ قالدىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلىڭىزنىمۇ ئازراق چېكىپ قويدۇم، سېكرېتار بىلەن ئەتە كۆرۈشەرمىز.

ئۇ ھۇ كەپنى ئېيتىپ، مېنىڭ جاۋاپ بېرىشىمنى كۈت-مەيلا ئۆيگە قاراپ ماڭدى، مەنمۇ ئەتىگەندىن بېرى كاللامدا يېشىلمەي كېلىۋاتقان بۇ سىرلىق «تېپىشماق» نىڭ بىرەر يىپ ئۇچىنى تېپىۋالسام ئەجەپ ئەمەس، دىگەن ئوينى كاللامغا پۈكۈپ ئار-قىدىن ئەگەشتىم. ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىشىمىز بىلەن ئۆي ئىچى-دىن ئاڭلانغان جاراڭلىق ناخشا ئاۋازى بىردىنلا خىيالىمنى بۇلۇۋەتتى، مەن ھەم ئەجەپلىنىش، ھەم قىزىقىش ھېسسىياتىم بىلەن ساقىكامغا تىكىلدىم، ساقىكاممۇ كۈلۈمدىگىنىچە ئاللىقاچان سېزىپ بولغاندەك، ئىتتىك ماڭا بۇرۇلدى - دە:

— «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈمى ئاشكارە» دىگەننىڭ ئۆزى مانا شۇ دە، ئەتىگەن سىزدىن شۇنچە يوشۇرساممۇ، ئەمدى ئاشكارە بولۇپ قالدى، — دەپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئۇنداق بولسا، ئەتىگەن نىمىشكە راستىنى ئېيتمىدىڭىز؟

— سەۋەۋىنى كېيىن سۆزلەپ بېرەي، ئاۋال ئۆيگە كىرىڭ.



بىز ئۆيگە كىرگەندە ساقچىكامىنىڭ ئايالى مەريەم ئاچا
ئوغلى پولاتجان ۋە ئىككى ئوغۇل نەۋرىسى رادىيو ئالدىدا
ئولتۇرۇپ بىخارامان تاماق يەۋاتقان ئىكەن. بۇلار مېنى كو-

رۇپ دەرھال تۆردىن ئورۇن بوشىتىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنۇمىغىنىمغا قارىماي، تاماققا تەكلىپ قىلدى.

ئۆي ئىچى راستىنلا يېڭىدىن بېيىغان ئائىلىلەرگە خاس جاھازلار بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەن ئەتىگەن بوۋايدىن سوراپ كۆڭلىنى چېكىپ قويغان ھېلىقى نەرسە - كېرەكلەرنىڭ ھەممىسى مانا مەن دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تاماق يېيىلىپ داستىخان يىغىلغان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ساقىكامدىن يېڭىۋاشتىن سورىدىم:

— ساقىكا، ئەتىگەن كۆڭلىڭىزنى رەنجىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن؟

— ياقەي، — دېدى بوۋاي خىجىل بولغاندەك ساقىلىنى سىلاپ، — ئەسلىدە مەن ھەممىنى سىزگە سۆزلەپ بېرىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن 1972 - يىلى ئەتىيازدا، سىز كېلىپ گېزىتتە خەۋەر قىلغان ئاشۇ بىر قېتىملىق «سىنىپىي تەربىيە كۆرگەزمىسى»دىن كېيىن مۇخبىر دېسە قاچىدىغان بولۇپ قالدىم. بۈگۈن ئەتىگەنمۇ شۇ چاغدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، سىزنىمۇ رەنجىتىپ قويدۇم، كېيىن قىلغان ئىشىمنىڭ تازا ياخشى بولمىغانلىقىنى ئويلاپ، سىزنى ئىزلەپ مېڭىشىمغا مانا... ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— ئېيتىڭا، سىزنى يۈرەك ئالدى قىلىۋەتكەن بۇ زادى قانداق ئىش؟

— شۇ قېتىمقى «سىنىپىي تەربىيە كۆرگەزمىسى» ئېچىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى، — دەپ سۆز باشلىدى ساقىكام بىر ھازا گەپ - سۆزسىز ئولتۇرۇپ كېتىپ، — شۇ چاغدىكى دادۈيىمىزنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان بىر دادۈيجاڭ كۈتمىگەن-

دىلا ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى ۋە دادۇيىمىزگە يۇقۇرىدىن بىر
مۇخبىر يولداشنىڭ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ بۇ دادۇينىڭ سىنىپىي
كۆرەش، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن خەۋەر يازماقچى بولۇۋاتقان-
لىقىنى، شۇڭا دادۇينىڭ مۇشۇ ئىشقا ئۇلگۇرتۇپ مېنىڭ ئائىلەم-
دە بىر نوۋەت «سىنىپىي تەربىيە كورگەزمىسى» ئۆتكۈزۈشنى قا-
رار قىلغانلىقىنى ئېيتتى، مەن بۇ ئىشتىن تولىمۇ ھەيران بولۇپ،
لام - جىم دىمەي تۇرۇپلا قالدىم ۋە ئۇنىڭدىن: «ئۆتمۈش كونا
جەمىيەتتە تارتقان ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىمىزنىغۇ سوزلەپ بېرەر-
مەن، لېكىن كورگەزمىگە قويۇلىدىغان نەرسە - كېرەكلەرنى قان-
داق قىلىمەن؟» دەپ سورىدىم. دادۇيجاڭ دەرھال سوزۇمنى
بولۇپ «ئۆيىڭىزدىكى ھازىرقى بار يوتقان - كورپە، كىيىم -
كېچەكلەرنى بىر ياققا تىزىڭىز، قالغان ئىشلارغا بولسا ئۆزىمىز
مەسئۇل، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ھە، راست، بىر خالتىدا
ئازراق كېپەك تەييارلاپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ، بۇ ئۆتمۈش
كونا جەمىيەتنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى بەخت - سائادەتنىڭ قەدرى - قىم-
مىتىگە يېتىشتە تېخىمۇ پايدىلىق» دىدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ
كەتتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئەل ياتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئۆيىمىز-
نىڭ ئالدىغا بىر ئات ھارۋىسى كېلىپ توختىدى، قارىسام ھار-
ۋىدا كەلگىنى دادۇينىڭ ھارۋىكېشى قاسىمجان بىلەن دادۇيجاڭ
بارات ئىكەن. ئۇلار سىز كورگەن گىلەمنى، 3 - 4 تا-
غار ئاش ۋە بىرقانچە يوتقان - كورپىلەرنى ھارۋىدىن ئېلىپ
ھويلىغا توشۇشقا باشلىدى، مەن بۇ ئىشتىن تېخىمۇ ھەيران بو-
لۇپ: «بۇ نىمە ئىش دادۇيجاڭ؟» دەپ سورىدىم ئۇ ماڭا غەلىتە
بىر ھىجىيىپ «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ دەپتىكەن ساقىسكا، بۇ
سىزگە دادۇيىمىزنىڭ غەمخورلۇقى، سىزنى 5 تە كاپالەتلەندۈر-

گۈچى ئائىلە، دەپ قاراپ، ئۈزۈندىن بېرى دادۈيدە يىغىلىپ قالغان بىر قىسىم قۇتقۇزۇش پۇلىغا بۇ نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىپ كەلدۇق. ئەتە سىز بۇلارنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ھازىرقى ھوزۇر ھالاۋەتلىك تۇرمۇشىڭىز ھەققىدە (بۇلبۇلدەك سايراڭدە ...» — دەپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل تاسادىپىي غەمخورلۇقىغا دەسلەپتە بىردىنلا ئىشىنىپ كېتەلمىگەن بولسامۇ، لېكىن پارتىيە، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزەلدىن مەندەك «5 تە كاپالەتلەندۈرگۈچى ئائىلە» نى يولەپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كۆزۈمگە ئىختىيارسىز ياش ئالدىم. ئەتىسى كۆرگەزمىدىن كېيىن، بۇ نەرسىلەرنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆيگە توشۇۋېتىپ تېخىمۇ خوشال بولدۇم. لېكىن ...

— ھە، ئاندىن نىمە بولدى؟

بوۋاي يەنە بىر ئاز توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— نىمە بولاتتى، ھەپتە ئۆتۈپ ھىلىقى ھارۋا بىر كېچىدە يەنە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا پەيدا بولۇپ قالدى، بۇ قېتىم ھارۋىدا كەلگىنى دادۈيجاڭ بارات، مىنبىڭ لىيەنجاڭى مامۇت ۋە بىرنەچچە مىنبىڭ ئىكەن. مەن ئۇلارنى ئۆيۈمگە مېھمان بولۇپ كەلدى بولغاي، دەپ ئويلاپ، ئالدىغا چىقىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئۇيان-بۇياندىن قورۇق پاراڭ سوقۇشقاندىن كېيىن بىردىنلا گەپنى بۇراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەندە كۆرگەزمىگە قويۇلغان گىلەم، ئاشلىق ۋە يوتقان-كۆرپىلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتىشتى. مەن كۈتۈلمىگەندە ئېيتىلغان بۇ غەلىتە سۆزنى ئاڭلاپ، بېشىمغا گويا بىر چېلەك سوغاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك، تەنلىرىم جۇغۇلداپ، تىترەپ كەتتىم-دە، ھوشۇمنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالدىم،

شۇ ھامان قەھرى غەزىۋىمگە پايلىمايلا: «ھەي ئالدامچىلار! ئىش-
نىڭ تېگى مۇنداق ئىكەندە! سىلەرنى قانداقمۇ پارتىيە، خەلقنىڭ
كادىرى دېگىلى بولسۇن! بۇ، پارتىيە، خەلقنى ئالدىغانلىق ئە-
مەسمۇ؟ مەن ئەمدى قايسى يۈز، ۋىجدانىم بىلەن كۆپچىلىك
ئالدىدا باش كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟ خەپ، توختاپتۇرۇش! ئەتىلا
ئالدامچىلىقلىرىڭنى ئامما ئالدىدا يېيىۋەتمىسەم!» دەپ قاتتىق
ۋاقىرىۋەتتىم. كەينىدىن ئۆيۈمگە تىزىپ قويۇلغان ھېلىقى نەر-
سە - كېرەكلەرنى بىر - بىرلەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارىتىپ
ئاتتىم. گېپىمگە چىدىيالماي ئىچى ئۆرتەلگەن دادۇيجاڭ دەرھال
ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ: «ھە، دادۇينىڭ نەرسە - كېرەكلى-
رىگە پۇل ساناپ بېرىپمىدىڭ؟ ...» دېگىنىچە ئاغزىمغا مۇشت
بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. ئاغزىمدىن شۇ ھامان قان كېلىپ،
بىر چىشىم قولۇمغا چۈشتى. ئۇلار بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلماي،
بىردەمدىلا ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ھارۋىغا
بېسىپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

— ئىش تېخى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى، — دەپ گېپى-
نى داۋاملاشتۇردى سابىقكام، — ئەتىسى ئەتىگەن بارات دادۇي-
جاڭ يەنە بىر كادىرنى ئۆيۈمگە ئەۋەتىپ، بۇ ئىشلارنى مېنىڭ
كۆپچىلىك ئالدىدا قايتا سۆزلەپ يۈرمەسلىكىمنى، ئەگەر سۆز -
چۆچەك قىلىپ دادۇيىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتكۈزسەم،
يۈز - كۆزۈمگە قارا سۈركىلىپ، خەلق - ئالەم ئالدىدا سازا-
يى قىلىنىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى، مەنمۇ بۇ ھىيلىگەر
ھازازۇلنىڭ قىلىمەن دېگەن ھەر قانداق يامان ئىشىنى قىلىش
قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە تىلىمدىن
بىر پارچە ھۆججەت يېزىپ بېرىپ قۇتۇلدۇم. شۇندىن ئېتىۋارەن

بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ، تا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقالغىچە ئۆز دەردىمنى ئۆزەم بىلىپ يۈرۈۋەردىم.

— راستىن جاپا چېكىپسىز. ساقىكا، — دېدىمەن ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھەمداشلىق قىلىپ، — ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدىمۇ؟

— نەدىكىنى دەيسىز، — دېدى بوۋاي تېتىك ئاۋاز بىلەن كوز چاناقلىرىدا پەيدا بولغان ئىككى تامچە ياشنى چايدۇرماي سۆرتىۋېتىپ، — ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن داداۈيىمىزدىكى كوپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزۈلۈك ئاشلىقى تۈگەپ كەتتى، ئائىلىمىزدىكى 5 جان ئادەمنىڭ يېيىشىگىمۇ بىرنەچچە جىڭ تېرىقتىن باشقا بىر نەرسە قالماي، ئىنتايىن قىينالدۇق. بىر كۈنى ئاخشام دادۈيگە بېرىپ ئامبارچىنى تېپىپ، ئازراق ئاشلىق قەرز بېرىشنى ئۆتەندىم، ئامبارچى يىگىت: «توختاڭ ساقىكا، سىزدەك ئاشلىقى تۈگىگەن ئائىلىلەر دادۈيىمىزدە خېلى كوپ، ئەتە دۈيدە يىغىن ئېچىپ، ئاممىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر تەرەپ قىلايلى، ھازىرچە كېتىپ تۇرۇڭ» دەپ يولغا سالدى. ئەتىسى دادۈيدە راستىنلا يىغىن ئېچىپ، ئۆزۈلۈك ئاشلىقى تۈگىگەن بىر قىسىم ئائىلىلەرگە ئاز-تولا ئاشلىق قەرز بېرىشنى مۇزاكىرە قىلىشتى، لېكىن مېنىڭ ئىسمىم كورسىتىلگەندە گۇڭشېدىن كەلگەن بىر يولداش ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلمەيلا: «ساقىكا، ئوتكەندە كورگەزمىگە قويۇلغان ئاشلىقىڭىز تېخى تۈگىمىگەندۇ، ئۇنى ھەتتا رەسىم بىلەن گېزىتكىمۇ بېرىشتى، بولغاندا شۇ ئېشىڭىزنى يەپ تۇرسىڭىز قانداق؟» دەپلا ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى. كوپچىلىكمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنمىگەنلىكتىن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە

بىر قانچە قېتىم دادۇيگە يىغلاپ كېلىپ ھال - ئەھۋال ئېيتسام-
مۇ ھېلىقى دادۇيجاڭ ئاممىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتمىسە بولمايدى-
غانلىقىنى ئېيتىپ، بىرەر جىڭمۇ ئاشلىق قەرز بېرىشكە ئۇنۇمىدى.
نەتىجىدە يوقسىزلىق ئازاۋىدىن چوڭ ئوغلۇم پولاتجان بىر كې-
چىدىلا يۇرتتىن ئايرىلىپ تاكى ئۆتكەن يىلى باھارغىچە ئاياغ
شەھەردە مۇساپىر بولۇپ يۈردى، كىچىك ئوغلۇم ئادىلجان ئا-
نىسى بىلەن خوشنا يېزىدىكى بىر تۇغقان قېرىندىشىمىزنىڭ ئۇ-
يىدە ئىككى ئايدەك تېرىكچىلىك قىلىپ، بۇغدايغا ئوغاق تەككەن-
دە قايتىپ كەلدى. ئەتىگەن سىزنى كۆرۈپ ئېسىمگە مۇشۇ خاپى-
چىلىقلار چۈشكەچكە ...

— گەپتىن قارىغاندا مېنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن جاپايىمىمۇ
ئاز بولماپتۇ - دە، — دېدىمەن خىجىل بولغان ھالدا خاتىرەمنى
سومكامغا سېلىۋېتىپ، — ئىشنىڭ مۇنداق بولۇشىنى مەنمۇ ئويلاپ
باقمىغان ئىكەنمەن.

— ھەي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز، بۇ ئىشلارنى
قانداقمۇ سىزدىن ياكى باشقا بىرەر شەخستىن كۆرگىلى بول-
سۇن، — دېدى ئۇ خۇرسىنىش ئىچىدە ئىنتىك ماڭا بۇرۇلۇپ، —
ھازىر ئويلاپ كۆرسەم، بۇ دەل شۇ چاغدىكى خاتا سىياسەت بى-
لەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەن.

شۇنداق، — ئۇ، راستىن شۇ چاغدىكى 10 يىللىق ئىچ-
كى قالايمىقانچىلىقنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى ئاپىتى، شەكىل-
ۋازلىق، يالغانچىلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى.

ساقىكام سۆزۈمگە چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى بولغاي،

خۇش تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، ئارقىدىنلا سوز قىستۇرۇپ سورىدى:

— ئېيتىڭا، سىز ھەممىنى بىزدىن ياخشىراق بىلىسىز، ھازىرقى بۇ مەسئۇلىيەت تۇزۇمى زادى قاچانغىچە داۋاملىشار؟ كادىرلىرىمىزغۇ ئولتۇرسا - قوپسا «بۇ تۇزۇم ئۇزاققىچە ئوزگەرمەيدۇ، ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇش يوللۇق» دەپ كېلىۋاتىدۇ، كىم بىلسۇن كۇنلەرنىڭ بىرىدە «يېڭى باي دىخان» دېگەن قالپاقنى كىيىپ قالىمەنمۇ - يوق؟

مەن بوۋاينىڭ چىن دىلىدىن چىققان بۇ سەممىي سوزىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۇلۇپ تاشلىدىم ۋە كەسكىن ئاھاڭدا مۇنداق دېدىم:

— ئەندىشە قىلماڭ، ساقى ئاكا! ئۇ كۇنلەر مەڭگۇ كەلمەسكە كەتتى. سىز ھالال مېھنەت ئەجرىڭىز بىلەن قانچىكى تېز بېيىسىڭىز پارتىيە، دولەت سىزنى شۇنچە قوللايدۇ.

ساقىكامنىڭ چىرايى گۇلدەك ئېچىلىپ، كوزلىرىدە شاتلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ، لەۋلىرىدە بەخت تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى ۋە: «مانا ئەمدى راستىنلا خاتىرجەم بولدۇم، قانداق گەپ - سوزلىرىڭىز بولسا تارتىنماي سوراۋېرىڭ» دېگەندەك بىر خىل مەنىلىك قاراش بىلەن ماڭا تىكىلدى ...

# شەرەپ ئىگىسىنى تاپتى

بۈگۈنكى باھالاش يىغىنىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم، لېكىن ئۆزەمدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنى باشقىلار ئالدىدا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، مېنى ئارقا - ئارقىدىن «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» نامزاتى قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان سەپداشلىرىم ئالدىدا سالماق ۋە خاتىرجەم ھالدا ئولتۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلدىم، يىغىننىڭ دەسلەۋىدە ئۆزەمنىڭ ئۈستىدىكى ھەر خىل ماختاش سادالىرىغا پەسەنت قىلمىغان ھالدا ئولتۇردۇمدە، چوڭقۇر چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان شەپكەمنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپلا ئاخىرقى نەتىجىسىنى كۈتۈشكە باشلىدىم. بىراق يىغىن ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى ئىيۇل ئېيىنىڭ تىنجىق ئىسسىغىدىنمۇ ياكى قويۇق تاماكا ئىسى بىلەن قاپلانغان ئىشخانا ئىچىدىكى 40 تىن ئارتۇق ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ماڭىلا كۆز تىكىپ تۇرغىنى ئۈچۈنمۇ، خېلىلا جىددىيلىشىپ قالدىم. ئاخىرى تەردىن بەدەنگە چاپلىشىپ كەتكەن كۆينىكىمنىڭ ياقىسىدىن يېنىك تارتىپ قويۇپ، ئاستاغىنا بېشىمنى كۆتەردىم. مېنىڭ قارشى تەرىپىمدە ئولتۇرغان ۋە يىغىن جەريانىدا باشتىن - ئاياق مەن ئۈچۈن كۆيۈپ پىشىۋاتقان بىرنەچچە دوستلىرىم: «سېنىڭ بۇ قېتىم ئىلغار ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالىنىشىڭ مۇقىملىشىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئامەتنىڭ بىزنىڭ ھە - ھۆلىرىمىز بىلەن قولۇڭغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقانسەن» دېيىشكەندەك كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇشتى. شۇ تاپتا ئۆزەمنىڭمۇ «ئىلغار» دېگەن بۇ تاجنى ئېلىشىمغا ئىشەنچىم كۈچىيىپ قالغان

ئىدى. چۈنكى نامزاتلار ئىسىملىكىدىكى ماڭا تەۋە سان ئۈزلۈك-
سىز ئېشىپ بارماقتا ئىدى، يەنە بىرنەچچە ئاۋاز قوشۇلسا، يۈز-
دە - يۈز مۇقىملاشتىم دىگەن گەپ. ئۆزەمدىكى بۇ ئىشەنچتىن
پىكىر - خىياللىرىم قاناتلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى؛ «ئىلغارلارنى
تەقدىرلەش يىغىنى ...» يۈزلىگەن كوزلەرنىڭ تىكىلىشى... مۇكا-
پات ئېلىۋاتقان ۋاقىتتىكى گۈلدۈراس ئالقىشلار ... بىرنەچچە
قېتىملىق تەجرىبە تونۇشتۇرۇش سورۇنلىرى ... «ئىلغار ئوقۇتقۇچى
ماخمۇت، تىن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى تەشەببۇسنامىلار ...»
— مەن بۇ قېتىم «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» بولۇشقا يولداش
ماخمۇتنى ئەمەس، خالدەمنى كورسەتمەكچىمەن، يولداشلار ئەت-
راپلىق ئويلىشىپ باقساق قانداق؟...
ھىچ كۈتمىگەندە ئوشتۇمتۇت قۇلىقىمغا ئىشتىلگەن بۇ غە-
لىتە ئاۋاز بىردىنلا خىيال يىپلىرىمنى ئۈزۈپ تاشلىدى. خالدەم
مەن بىلەن بىر پاراللىل 1 - يىللىق 2 - سىنىپنىڭ تەربىيە-
چىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يىلقى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆزلەشتۈ-
رۈش نىسبىتى مەندىن 5 پىرسەنت ئەتراپىدا تۆۋەن ئىدى.
مەن شۇڭا «ھازىر ئاساس گەپ — كىمنىڭ نەتىجىسىنىڭ يۇقۇ-
رى - تۆۋەنلىكىدە تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ نەمۇنىچى بولالىسۇن؟
قازاننىڭ كۆۋاچىسى چۆمۈچ ئەمەسمۇ؟» دىگەن ئويغا كەلدىم -
دە، پىكىر بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىغا يەر ئاستىدىن ھومىيىپ قاراپ
قويدۇم، لېكىن يەنىلا چاندۇرماي بېسىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.
— خالدەمنىڭ بۇ يىلقى دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ئەھۋا-
لى، — دىدى ئۇ، سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — گەرچە ماخمۇت-
تىن بىر قانچە پىرسەنت تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماخمۇت-
تىن قېلىشمايدىغان ھەتتا ئېشىپ چۈشىدىغان بىرمۇنچە ئارتۇقچى-
لىقلىرىنىمۇ كورۈشىمىز كېرەك. ئۇ، بۇ يىل يېڭى قوبۇل قىلىنغان
ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈر-
دى، ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز پەرزەنتىدەك مېھرىۋان، ئاتا - ئانىلارغا

ئۇز ئاتا ـ ئانىسىدەك كويۇمچان بولدى. مەن شۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ خالىدەمنى «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» قىلىپ باھالىساق دەيمەن.

مەنمۇ ئەكرەمنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، ـــ دېدى ئىككىنچى بىر ئوقۇتقۇچىمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ ۋە يانچۇغىدىن قاتـ داقتۇ بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ مەكـتەپ مۇدىرىنىـڭ ئالـدىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن كوپچىلىك ئىچىدە قىزغـىن تالاش - تارـ تىش باشلىنىپ كەتتى، بەزىلەر يەنـە مىېنى كورسىتىـشتە چىڭ تۇرسا، يەنە بەزىلەر يولداش خالىدەمنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئۈستـ تىدە سوزلەيتتى. يىغىن شۇ تەقلىتتە بىر سائەتتىن كوپرەك داـ ۋاملاشقاندىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرىمىز ئارسلان ئاكـا ئۇزىـگە خاس تەمكىن ۋە سالماق قىياپەتتە سوز ئالدى - دە، يىغىنىنىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالىغا ئۇز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن:

ـــ بۈگۈن ئاتا ـ ئانىلاردىن مۇشۇ باھالاش يىغىنىمىزغـا مۇناسىۋەتلىك بىر پارچە خەت كەپتۇ، يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر نوۋەت ئوقۇپ كورسەك قانداق؟ ـــ دەپ سوراپ قالدى.

بىز دەرھال ئۇزئارا قىلىشىۋاتقان گەپ - سوزلىرىمىزنـى توختىتىپ بىردەك مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قولىدىكى خەتـكە تـىكىلـ دۇق. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«مەكتەپ رەھبەرلىكى ۋە سۆيۈملۈك ئوقۇتقۇچى ئۇسـتازـ لارغا: بىز سىلەرنىڭ ئوتكەن بىر يىللىق ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى نەتىجىلەرنى يەكۈنلەپ، يېڭى بىر يىلنى قەدەم قويغان ھەمدە بۇ ئىشتا كورۈنەرلىك توھپە ياراتقان ئىلغارلارنى سېلىشـتۇرۇپ باـ ھالاۋاتقان چېغىڭلاردا، ئۇزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە ساپ يۈرەك قېنى بىلەن ياش ئەۋلادلىرىمىزنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇۋاتـقان يولداش خالىدەمدەك مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارغا سەمىمى ئىھـتىرام ۋە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز. مەكتىۋىڭلاردىكى يولداش خالىدەم ئوتكەن بىر يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا، ئايرىم

ئۇستازلار «ئۆگىنىشتە تۆۋەن، لاياقەتسىز» دەپ قاراپ ئۆز سىنىپىدىن شاللاپ چىقىرىۋەتكەن بىر قىسىم پەرزەنتلىرىمىزنى ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەپ بىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن بىر شەرەپلىك خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا مۇناسىپ، يىللىق سىلىشتۇرۇپ باھالاشتا ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھورمەت بىلەن: ×× زاۋۇتتىكى مامۇتجان، قاسىم
ئېلى، ياسىن سىدىقلار»

مەن خەتنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلا - ئاڭلىمايلا بۇ خەتنىڭ دەل ئوتكەن يىلى 10 - ئايدا مەن «يېشى كىچىك، دەرسكە يېتىشەلمىدى، ئىنتىزامى ياخشى ئەمەس» دېگەندەك ھەرخىل بانايى سەۋەپ بىلەن ئۆز سىنىپىمدىن چىقىرىۋەتكەن 5 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن كەلگەن خەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم - دە، گويا بېشىمدىن بىرسى بىر قاپاق سوغاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەتتى، 5 مىنۇت بۇرۇنقى خۇشاللىقىمدىن قىلچىمۇ ئەسەر قالمىغان ئىدى. ھەممەيلەن ماڭا قاراۋاتقاندەك، يۈز - كوزلىرىم پوكاندەك قىزىرىپ ئولتۇرغان ئورنۇمدا قېتىپلا قالدىم. شۇ ئەسنادا ئەتراپىمدا ئولتۇرغان باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاستا - ئاستا جانلىنىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس ھالدا ئوزئارا پىچىرلىشىشقا باشلىدى. قۇلىقىمغا «ماخمۇتنىڭ بىگىسىسى مۇنداقكەندە»، «يۈكنىڭ ئېغىرىنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويۇپ، يېنىكىنى ئۆزى تاللاپ كوتىرىشمۇ بىگىسا بولامدىكەن؟» دېگەندەك گەپلەر ئاڭلانغىلى تۇردى. تېخى 5 مىنۇت بۇرۇن سىنىپىمدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سان نىسبىتىنىڭ خالدەمدىن بىر قەدەر يۇقۇرى ئىكەنلىكىگە قاراپلا مېنى «ئىلغار ئوقۇتقۇچى»

قىلىپ باھالاشتا چىڭ تۇرغان ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆز پىكرىدىن يېنىپ، خالىدەمنىڭ سەممىي، تىرىشچان، ئەستايىدىل پوزىتسىيىسى ۋە ئاددىي، كەمتەر پەزىلىتىنى ماختاشقىلى تۇردى.

«ھەي، بۇ ئىشنى قارا، — دېدىممەن ئۆز - ئۆزەمگە، — باللارغا ئەستايىدىل بىلىم بەرمەسلىكىمدىكى بۇ خىل ئېغىر ئاقىۋەت ئەمدى نېمە قىلدى؟» مەن بۇ يىل يىل بېشىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ئىشلارنى يېڭىۋاشتىن ئەسكە ئالدىم: ئۆتكەن يىلى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدا مەكتەپ رەھبەرلىكى تەقسىمات بويىچە مېنى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان 1 - يىللىق 1 - سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرلىقىغا بەلگىلىدى. مەن ھەش - پەش دېگىچە مەكتەپ يېشىغا يەتكەن 45 ئوقۇغۇچىنى ئۆز سىنىپىمغا قوبۇل قىلدىم - دە، دەرس باشلىۋەتتىم. كوپ ئۆتمەي چېكىپ تاللاشلاردىن كېيىن قوبۇل قىلىنغان بۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن مەن پەخىرلىنەتتىم. ئالدىمدا بىر تەكشى ئولتۇرغان بۇ ئۇسمۇرلەرگە قاراپ: «سىنىپىمنى چەزمەن مەكتەپ بويىچە ئۈلگىلىك سىنىپلاردىن قىلىپ چىقىمەن» دېگەن ئىشەنچكە كەلدىم. بىراق ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرپلەرنى چىرايلىق، توغرا يازالمايۋاتقانلىقىنى ۋە سان - سىفىرلارنى ئېنىق تونىيالمايۋاتقانلىقىنى كورۇپ كەيپىم ئۇچۇشقا باشلىدى. «مۇشۇ بىر نەچچە باللارنىڭ كاساپىتىدىن سىنىپىمنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر يەتسە قانداق بولار؟ قانداق قىلىشىم كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كاللام تاشتەك قاتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى مۇنداق نىيەتكە كەلدىم: «ئوقۇش باشلىنىپ تېخى ئۇزۇن ئۆتمەدى. يېتىشەلمەيۋاتقان بۇ بىر نەچچە بالىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ

قىلىۋەتمەيمۇ؟ ئۇستۇمگە ئارتۇق يۈكنى ئارتىۋېلىپ نېمە قىلاي؟»
شۇنداق قىلىپ سىنىپىمدىكى دەرستە ناچار دەپ قاراپ كەلگەن
5 نەپەر ئوقۇغۇچىنى بىرىنچى نەۋبەتتە تېزرەك «كۆزدىن يوقىـ
تىش» قارارىغا كەلدىم ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ بىر تەرەپتىن
مەكتەپ رەھبەرلىكىگە «بالا كىچىك، تېخى مەكتەپ يېشىغا توشمىـ
غان، دەرستە قىينالدى» دەپ ئۈزمەي دوكلات قىلسام، يەنە بىر
تەرەپتىن ئاتا - ئانىلىرىغا ئۇلارنىڭ تۈزەلمەس شوخلۇقلىرى
ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ: «دەرستە ناچار، ئىنتىزامدا چۇۋالچاق،
كېلەر يىلى ئوقۇسۇن» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇلارنى ئىلاجى
بار ئۆز پىكرىمگە كۆندۈرۈشكە مەجبۇر قىلدىم. دېگەندەك بۇ قىلـ
غانلىرىمنىڭ دەسلەپتىلا ئۈنۈمىنى كۆردۈم. 3 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ
ئاتا - ئانىسى كۆزى قىيمىغان ھالدا بالىلىرىنى مەكتەپتىن ئېلىپ
كەتتى. لېكىن يەنە 2 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى: «مۇـ
ئەللىم بۇ يىل بالىمىز مەكتەپتىن قالمىسۇن، دەرستە خام بولسا
ئۆزىمىز ياردەم بېرەيلى» دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇلارنىڭ
بۇ خىل يوللۇق پىكىر - تەلىۋى ئالدىدا نائىلاج ماقۇل بولغان
بولسامۇ، لېكىن يىل ئاخىرىدىكى شان - شەرەپ ئىستىكى يەنىلا
مېنى باشقا يول تۇتۇشقا مەجبۇر قىلدى، ماڭا يۈك بولۇۋاتقان
بۇ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ بىرسى دىلنۇر ئىسىملىك قىزچاق بولۇپ،
ئەدەپ - ئەخلاق، ئىنتىزامدا تولىمۇ ياخشى ئىدى. لېكىن ھەرپـ
لەرنى ئۆز جايىدا يازالمىغانلىقتىن دائىم ئۇنى كۆرسەم ئىچىم
تىت - تىت بولاتتى. بىر كۈنى ئۇ دەرس ۋاقتىدا قېشىدىكى
بىر ساۋاقدىشىنىڭ پارتا ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن قېرىنداشىنى
ئەمدىلا ئېلىپ تۇرۇشىغا يېنىدىكى ساۋاقدىشى: «قېرىنداشىمنى ئېـ
لىۋالدىڭ، ئوغرى!» دەپ جىنىنىڭ بېرىچە ئالا - چۇقان كۆتىـ

رىپ سىنىپ ئىچىنى بېشىغا كىيدى. مەن گەرچە شۇ مەيداندا
ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى كورۈپ تۇرغان بولسامۇ، لېكىن، دىل-
نۇرنىڭ تاراملاپ توكۇلگەن كوز ياشلىرىغا پەرۋا قىلمايلا ئۇنى
ئەيىپلىدىم. نەتىجىدە بۇ قىزمۇ ئۇزۇن ئوتمەي «ئوغرى» دىگەن
نام بىلەن سىنىپتىن تېزىدى. يەنە بىرسى ئىشچى قادىر ئاكى-
نىڭ ئوغلى پولات بولۇپ، ياش جەھەتتىن باشقىلاردىن خېلى چوڭ
بولسىمۇ، لېكىن ئوزى شوخ، كەپسىز بالا ئىدى. بېرىلگەن تاپشۇ-
رۇقلارنى ئىشلەپ كەلمەيتتى، دوسكىغا چىقارسام تىرناق تاتى-
لاپ تۇرۇۋالاتتى. بىر كۇنى دەرس ئالدىدا ئۇنىڭغىمۇ «نىمە
ئۇچۇن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ كەلمىدىڭ؟ ماڭ يوقۇر، دادىڭ-
نى باشلاپ كەل» دىگىنىمچە سىنىپتىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتىم. ئۇ
مۇشۇ چىقىپ كەتكىنىچە ئىككىنچى سىنىپقا قەدەم باسمىدى. شۇن-
داق قىلىپ ئىلگىرى - ئاخىر بۇ 5 نەپەر «يوك» تىن قۇتۇلۇپ،
كوڭلۇم ئىمىن تاپتى. بىراق، ئۇزۇن ئوتمەي بۇ 5 نەپەر ئوقۇ-
غۇچى مەكتىۋىمىزدە يەنە يېڭىۋاشتىن پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار
ئەمدى مېنىڭ سىنىپىمدا ئەمەس، بەلكى ئوزى يوۋاش، كەمتەر،
قاپ - قارا كوزلىرىدىن بىرخىل مۇلايىملىق چىقىپ تۇرىدىغان
خىزمەتدىشىم خالىدەمنىڭ سىنىپىدا ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار مېنى ئۇچ-
راتسىلا يەردىن ئۇستۇن قارىماي ئوتۇپ كېتەتتى ياكى بولمىسا
مەندىن ئوزلىرىنى قاچۇرۇپ يۇرەتتى. كېيىنرەك ئۇقۇپ كورۇشۇم-
چە، مەن ئۇلارنى ئوز سىنىپىمدىن ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن ئاتا-
ئانىلىرى ئوز پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ يىل مەكتەپ سىرتىدا قېلىشىغا
كوزى قىيماي قايتىدىن مەكتەپكە كېلىپ، خالىدەم بىلەن كورۇ-
شۇپتۇ ۋە بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭ سىنىپىدا ئوقۇپ قېلىشىنى قاتتىق
تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. خالىدەمۇ مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ پىك-

رىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلارنى يەنە يېڭىۋاشتىن ئۆز سىنىپىغا قوبۇل قىلىپ 2 - 3 ئايلىق جاپا - مۇشەققەتلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىسىدا ئۇلارنى يىل ئاخىرىدا ياخشى ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈۋاپتۇ ...

خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە يىغىن بىردەك ئاخىرقى ئىسىملىكنى بېكىتتى، خالىدەم «ئىلغار ئوقۇتقۇچى» بولدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قارىدىم: ئۇنىڭ ئېغىر-بېسىق تەمكىن چىرايىدىن شان - شەرەپ ئالدىدا، ماختاش ئالدىدا قىلچە مەغرۇرلۇق سېزىلمەيدىغان بىر خىل ھالەتنى كۆردۈم.

# ئاقىۋەت

بۈگۈن مەن كېسەل كۆرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەرلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ، بىر غەلىتە ئىشقا يولۇقۇپ، تولىمۇ ھەيران قالدىم.

تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئەپتىدىن ئېچىنىش، ئەنسىزلىك ۋە تەقەززالىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۈچ - تۆت ئەر كىشى بىر - بىرى بىلەن ئاستا پىچىرلىشىپ تۇرۇشاتتى. شۇ ئارىدا كېسەللەر ياتىقى تەرەپتىن ئوتتۇرا بويلۇق، ياشانغان بىر چوكان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، ئاق پەردە تارتىلغان ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئەنسىزلىك بىلەن ئىچكىرىگە سىنچىلاپ قارىدىيۇ، بىراق ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن، دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلدى - دە، يېنىدا تۇرغان ياش يىگىتتىن سورىدى:

— ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىۋاتامدۇ؟

— بىزمۇ كۆرەلمىدۇق، — دېدى ھېلىقى يىگىت خوشياقمىغان ھالدا ئايالغا قاراپ، — ئۇ سىزنىڭ بىر تۇغقىنىڭىزمىدى؟

— ياق، — دېدى ئايال بىر ئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — يولدىشىم بىلەن بىر ياتاقتا، تېخى ئۇنى تاڭ ئاتارغا يېقىن ئېلىپ كېلىشتى. ئانىسى بىچارە تولا يىغلاپ، ھوشىدىن كېتەي دەپلا قالدى.

— قانداق كېسەلكىنا؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — تەققى - تۇرقىدىن قارىغاندا، يېشىمۇ تېخى 20 لەردىن ئاشمىغاندەك تۇرىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى ئايال ئۇنىڭ سوزىنى تەستىقلاپ، — ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇنۇگۇن تېخى ساپ - ساقلا شەھەرگە كىرىپ چىققىپتىكەن. كېچە تۇن تەڭدىن ئاشقاندا، بىردىنلا قوسىغى مۇجۇپ ئاغرىپ بولالماي قاپتۇ. دوختۇرلار تەكشۇرۇپ ئۇچەي تېشىلگەن دەمدۇ - قانداق، مەن بىلمىدىم.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئوپېراتسىيە ئۆيىنىڭ ئىشىگى «تاراق» قىدە ئېچىلىپ، ئۇستى - ۋېشىغا سۇرلۇك ئوپېراتسىيە كىيىمى كىيگەن، ئاغزى - بۇرنىغا ماسكا تاقىغان 4 - 5 سېستىرا ئۇچ چاقلىق ئوپېراتسىيە هارۋىسىنى ئىتتىرگىنىچە ئۆيدىن چىقتى. ئاستىغا قارا سۇلياۋ سېلىنغان، ئۇستىگە ئاق رەختتىن كىرلىك يېپىلغان كېسەل كارۋىتى ئۇستىدە چىرايى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەن، لەۋلىرىدە قىلچە قان دىدارى قالمىغان 20 ياشلار ئوپچۆرىسىدىكى بىر يىگىت هوشسىزلاندۇرغۇچى دورىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇن - تىنسىز بىهوش هالەتتە ياتاتتى. شۇ چاغ كارىدورنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توپلىشىۋالغان كىشىلەر دەرهال ئۇزلىرىنى ئىككى يانغا ئېلىپ، دوختۇرلارغا يول بېرىشتى. هارۋا ياتاق ئىچىگە ئېلىپ كىرىلىپ، كېسەلنى ئۇز كارۋىتىغا ئالدىغان چاغدا، سېستىرادىن بىرسى قول ئىشارىتى بىلەن مېنى ياردەمگە چاقىردى. مەن تېزلىك بىلەن ياتاققا كىرىپ، كېسەلنىڭ باش تەرىپىگە ئوتتۇم - دە، ئۇنى هارۋىدىن كارۋاتقا يوتكەشكە ياردەملەشتىم. شۇ ئەسنادا ياتاقنىڭ بىر چېتىدە تولا يىغلاپ، كوزلىرى قىزىرىپ - ئىششىپ كەتكەن 60 ياشلار چا-

مىسىدىكى بىر ھوماي ئۇن سېلىپ يىغلاپ كارۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى ......

توۋا ئاجايىپ ئىش! بۇ يىگىت مۇشۇ ئەمەسمۇ؟ خاتا كو- رۈپ قالدىممۇ - يە!؟ مەن ئۆز كۆزۈمگە ئۆزەم ئىشەنمەي، ئال- دىمدا ـــ كارۋات ئۈستىدە ياتقان بۇ يىگىتكە قايتىدىن سىنچىلاپ سەپسالدىم. كۆزۈم ئۇنىڭ سول قېشى ئۈستىدىكى قوناقچىلىك قارا خالغا چۈشكەندە ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرغان جايىمدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم:

«دەل شۇ يىگىت ... كۆزۈم ھېچ خاتا كۆرمەپتۇ ...»

شۇنداق، مەن ئۇنى تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئاۋات «ئۈرۈك بازىرى» دا ئاجايىپ قىزىقارلىق بىر «كومېدىيە» نىڭ باش قەھ- رىمانى سۈپىتىدە ئۇچراتقان ئىدىم:

شەھەر مەركىزىدىن سەللا نېرىدىكى «ئۈرۈك بازىرى» ئا- جايىپ قىزىپ كەتكەن بولۇپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دو- ۋە - دوۋە قوغۇن - تاۋۇز، ئالما، ئەنجۈر ۋە ھەرخىل مېۋە چېۋىلەر ئۆزىنىڭ كوپلۇگىدىن تالقان توكتى كۆز پەسلىدىن دې- رەك بېرىپ تۇراتتى. باققاللار، دېخانلار ئۆزلىرىنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىنى خېرىدارلارغا بار ئاۋازى بىلەن ماختاپ، ئىلاجى بار ئەرزانراق بولسىمۇ، تېزرەك سېتىپ چىقىپ كېتىشكە ئالدىرى- شاتتى. مەن ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ، بازارنىڭ دوقمۇشىدا ـــ دەريا بويىدا شاپتۇل سېتىپ ئولتۇرغان بىر دېخاننىڭ ئالدىغا كەلدىم - دە، ئۇنىڭ بىلەن سودىدا تېزلا پۈتۈشۈپ، ئالدىمدىكى سەرخىل شاپتۇلنى بىر موچەنگە ئوندىن ساناشقا باشلىدىم. شۇ ئارىدا يېنىمدىكى باققالنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، شاپ- تۇل يەۋاتقان بىر يىگىت خوشياقمىغان ھالدا قوللىرىنى ئەنجۈر

يوپۇرمىغى بىلەن سۇرتۇپ ئالدىدىن 7 - 8 تال شاپتۇل ئۇچ-
كىسىنى باققالنىڭ ئالدىغا پۈتى بىلەن سۈرۈپ قويدى.
— قانچە بولدى ئۇكام؟ — دېدى باققال كوزلىرىنى
چىمىلدىتىپ سەھمى تەلەپپۇزدا يىگىتكە قاراپ، — يىگىتنىڭىز-
دىن ئۇچكىڭىز ئازدەك تۇرامدۇ - نېمە؟
— ئاكاۋۋي نېمە دەۋاتىسىز؟! — يىگىت بىردىنلا غاز-
نىڭكىدەك قوپال ئاۋازى بىلەن باققالغا ۋاقىرىدى، — ئۇچكىنى
قوشۇپ يەۋەتتى دېمەكچىمۇسىز؟
— يوقسۇ ئۇكام، — دېدى باققال ئۇزىنى زورىغا بېسى-
ۋېلىپ، — كەلگىنىڭىزگە يېرىم سائەتتەك بولدى، ئۇچكىڭىزنىڭ
ئاۋۇمىغىنىغا قاراپ دەيمىنا.
«چۇمۇلە توشۇگى توپان بالاسىغا سەۋەپ بوپتۇ» دىگەندەك
باققالنىڭ بۇ بىر ئېغىز سوزى يىگىتنىڭ يۈرىگىگە نەشتەردەك
تەگدى بولغاي، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، كاسا
يانچۇغىدىن ئون فۇڭ پۇلنى چىقىرىپ:
— مانا 10 فۇڭ، دەرھال بەش فۇڭنى ياندۇرۇۋەت! —
دىگىنىچە پۇلنى باققالنىڭ ئالدىغا ئاتتى. بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە
كەلگەن باققالنىڭ سەۋرى قاچىسى تېشىپ، ئولتۇرغان ئورنىدىن
چاچراپ تۇردى:
— ھە، نېمە دەيسەن قىزىل كوز، ئۇششۇق! ئەتىگەندىن
بېرى شاپتۇلۇمنى ئۇچكىسى بىلەن قوشۇپ يىگىنىڭ ئاز كېلىپ،
يەنە «مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۇچلۇك» دىگەندەك مەن بىلەن
ئۇرۇشماقچىمۇ سەن! — دەپ ۋاقىرىدى. يىگىتكە باققالنىڭ زەردە
بىلەن ئېيتقان بۇ سوزلىرى ئەلەم قىلدىمۇ ياكى خەلقى ئالەم
ئالدىدا پاش بولۇپ قالغان ئەيمۇنى جېدەل بىلەن بېسىقتۇرۇ-



ۋېتىشنى ئويلىندىمۇ، ئەيتاۋۇر ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق
ئەسەبىلەشكەن ھالدا ئاغزىنى بۇزۇپ باققالغا خۇددى يىرتقۇچ
بۆرىدەك تاشلاندى. باققالمۇ بوش كەلمىدى، ئۇ چاققانلىق بىلەن
قارشى تەرەپ ئاتقان مۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يەنە قول سال-
غىچە «كاپ» قىلىپ بىلىگىدىن مەھكەم سىقىپ تۇتۇۋالدى. ئۇڭغىچە
ئەتراپتىكى كىشىلەر ئارىغا كىرىپ، مىڭ تەسلىكتە ئۇلارنى ئاج-

راتتى. باققال كىشىلەرنىڭ سالا - سۇلسى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، قايتىدىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى 10 فۇڭنى قولىغا ئېلىپ، يىگىتنىڭ پۇتىغا زەرب بىلەن ئاتتى:

— ئالە پۇلۇڭنى، مەن سېنىڭ 10 فۇڭىڭنى ئالمىسامۇ، جېنىمنى گۈلدەك باقالايمەن. يىگىتنىڭ نەزىر بولسۇن!

— ئالسام ئالدىم، ساڭا بېرىدىغان بىكارچە پۇل يوق، — دېدى ھېلىقى يىگىت قىلچىلىكمۇ ئىزا تارتماستىن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئاندىن ھەش - پەش دېگىچە كىشىلەر توپى ئارىسىدا كوزدىن غايىب بولدى. باققال غەزەپتىن تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئاق كىرىپ چارلانغان كەكە ساقىلىنى سىرىپ قويۇپ، ئۆز ئىشىغا ئولتۇردى ...

مەن شۇ ئىشلارنى كوز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ، يېنىمدا كارۋات ئۈستىدە تېخىچە بىھوش ھالەتتە ياتقان بۇ يىگىتكە چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم ۋە ئىچىمدە: كونىلارنىڭ «ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دېگەن ھېكمەتلىك سوزى مۇشۇنداق ئىشلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولسا كېرەك» دەپ، ياتاقتىن چىقىپ كەتتىم ...

******




ئۇلار بۇگۈنمۇ تۈنۈگۈن كورۈشكەن گۈللۈكتە ئۇچرشىپ، يانمۇ ـ يان مېڭپ پاراڭغا چۈشتى:

— قارڭا رازيە، بۇ گۈللەر نمە دگەن چرايلق ـ هە؟! سز بۇنى ياخشى كورەمسز؟

يگت يېنىدا كېتۋاتقان ئايالغا سناش نەزرى بلەن «لاپپدە» قاراپ، ئوز سوئالغا جاۋاپ كۈتتى. ئايال يگت كورسەتكەن گۈلزارغا دەرھال بېشنى بۇراپ، برخل يېقملق

تەبەسسۇم بىلەن جاۋاپ بەردى:

— كۆلنى ياخشى كورمەيدىغان كىم بار دەيسىز؟! بىراق ئاۋۇ كۆلدىن كۆلگە قونۇپ يۈرگەن بىچارە كېپىنەكتىن بىزارمەن.

يىگىت بۇ مەنىلىك جاۋاپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى:

— سىز ھەقىقەتەن گەپكە ئۇستا جۇمۇ رازىيە، بۇندىن كېيىن ئالدىراپ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئېغىز ئاچمىسام بولغىدەك؛ قېنى، كېلىڭ، ئاۋۇ ئورۇندۇقتا بىردەم ئولتۇرايلى.

— مەسخىرە قىلماڭ قېيۇمجان، — دىدى ئايال خۇش تەبەسسۇم چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق كوزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، — مەن پەقەت كوڭلۇمدىكىنى سىزگە ئېيتتىم. خاتا يېرى بولسا ئوزىڭىز تۈزىتىپ قويسىڭىز بولدى، گەپكە كەلگەندە مەندىن قېلىشمايسىزغۇ دەيمەن؟!

— نەدىكىنى دەيسىز، ئوزەمنىڭ مۇشۇنداق گەپكە چولتىلىقىمدىن ھازىرغىچە بويتاق يۈرۈۋاتىمەن دەڭا. بولمىسا، ئاللىقاچان ئويلۇك - ئوچاقلىق بولۇپمۇ قالاتتىم ..

ئۇلار باغچىنىڭ بوك - باراقسان ئارچا دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان كىچىك يولدىن ئەگىپ ئوتۇپ، ئاكاتسىيە دەرەخلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان خىلۋەت بىر بۇلۇڭغا كېلىپ، سالاسۇنلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى ۋە بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ، ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى.

قېيۇمجان 30 ياشلار ئەتراپىدىكى ئىگىز بويلۇق، بۇغداي ئوڭلۇق، يۇمۇلاق يۈز كىشى ئىدى، چېقىر كوزلىرىدىن كىشى ئاسانلىقچە چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىرخىل قاراش چىقىپلا تۇ-

راتتى (كىشىلەر بۇ خىل كوزلەردىن ئېھتىيات قىلىشىدۇ). ئۇنىڭ كېيىۋالغان ياشلار پوسۇنىدىكى غەلىتە شىم - تۇجۇركىسىدىن تېخى ئەمدىلا 20 ياشتىن سەللا ھالقىغان ياش يىگىتلەرنىڭ سىياقى چىقىپ تۇراتتى.

رازىيە بولسا قېيۇمجاندىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زىلۋا قەددى - قامىتى، تولغان ھوسنى - جامالى ۋە ئۇچىسىدىكى نەپىس گۈللۈك قىزىل شىفىڭ دۇخاۋا كوينىكىنى خېلى ئەپچىل كوتىرىپ تۇرغان كوكسىگە قاراپلا ئۇنىڭ بىرەر قېتىم ياتلىق بولغان چوكان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان شوخ كۈلكە، قىزغىن چاقچاقلاردىن كېيىن، رەسمى ئوز گېپىگە كوچتى. قېيۇمجان رازىيەنىڭ كوزىنىڭ ئىچىگە قاراپ سورىدى:

— ئېيتىڭا رازىيە، توي خېتىنى قاچان ئالىمىز؟

رازىيە كۈتمىگەن بۇ سوئالدىن بىرئاز خىجىل بولدى. قولىدىكى گۈل چېكىلگەن ئاق گىرىپتىشىن ياغلىقى بىلەن يۈزىنى توسۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— توي خېتىنىغۇ ئالماق ئاسان، — دېدى رازىيە بىر ھازا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىپ، — لېكىن، كەلگۈسىدىكى بەزى ئىشلارنىمۇ ئازراق ئويلىشىپ باقساقمىكىن دەيمەن.

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟ — قېيۇمجان ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئۇنداق بولسا، ئوچۇغىنى ئېيتاي: كونىلاردا «كېسىلنى يوشۇرساڭ ئولۇمى ئاشكارە» دىگەن بىر ماقال بار، — دېدى رازىيە قولىدىكى يۇمران ئاكاتسىيە يوپۇرمىغىنى مىجىپ تۇرۇپ، — مەن سىز بىلەن تونۇشۇپ تا بۈگۈنگىچە بۇرۇنقى يولدىشىمدىن بولغان

5 ياشلىق بىر ئوغلۇمنىڭ بارلىقىنى سىزگە ئېيتقۇچى بولالمىدىم، ئەمدى ئېيتمىسام بولمايدۇ، ئىككىمىز ھالال جۈپلاردىن بولغىنىمىزدىن كېيىن، سىز ئاشۇ 5 ياشلىق ئوغۇلنىڭ ئاتىسى بولىسىزدە ... بىراق بۇ ئوغۇل سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىن بولغان ئەمەس، «ئوكەيلىك» دېگەن بىر قارا كولەڭگۈ كوز ئالدىڭىزدا سايە تاشلاپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا قانداق قارايسىز. بىزنىڭ باشتا مۇشۇ ھەقتە ئوبدان كېلىشىۋالغىنىمىز مۇۋاپىق ...

رازىيە ئېغىر بىر «ئۇھ» تارتىپ، قېيۇمجانغا سىناش نەزەرى بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ «5 ياشلىق ئوغلۇم بار» دېگەن گېپىدىن قېيۇمجاننىڭ چىرايى بىردىنلا ئوڭۇپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئەمما بۇ چىراي، بۇ قوشۇما رازىيەنىڭ مىختەك قادالغان كوزلىرى ئالدىدا شۇ ھامان ئەسلىگە كەلدى ... رازىيە ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىكى بۇ ئوزگىرىشلەرگە ئانچە دىققەت قىلماي كەتمىدى. شۇڭا ئۇ قېيۇمجانغا تەتۈر ئىشەنگەن ھالدا قايتا سورىدى:

— جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ، قېنى گەپ قىلىڭ؟

— مەن تېخى ئويلىشىپ كورىدىغان ئىشىمىز بار دېسىڭىز، تاغنى تالقان، چولنى بوستان قىلىدىغان شەرتى بارمىكىن دەپتىمەن. ئەمدى بىلسەم مۇشۇ بىر بالا ئىشىكەنغۇ ئاخىر؟! — دېدى قېيۇمجان ھەيرانلىق بىلەن ھىجىيىپ.

— شۇنداق، — دېدى رازىيە كۈلۈمسىرەپ، تەمكىن ئاۋاز بىلەن، — بىر بالا ئىشى، لېكىن ئويلانمىسا بولمايدىغان ئىش. ئوغلۇمغا ياخشى ئاتا بولالىسىڭىز ماڭىمۇ ياخشى ئەر بولغىنىڭىز شۇ. بولمىسىچۇ؟ ئائىلىمىزدىن بىزگە كېلىدىغىنى شات - خورام تۇرمۇش لەززىتى بولماستىن، بەلكى بەختسىز تۇرمۇش ئاۋارىچىلىكى بولىدۇ، خالاس. بۇلار ھەققىدە ئويلانمىساق بولامدۇ؟ ۋاقىت

لىق ھىسسىيات، بىردەملىك قىزغىنلىق مۇھەببەتنى بۇزىدۇ. مۇبادا مۇنداق مۇھەببەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن بەختلىك ئائىلە چىقمايدۇ. سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز، ئەگەر ۋاقىتلار ئۆتۈپ، سىزنىڭ ئوغلۇمغا بولغان مۇئامىلىڭىزدە بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا مەن ... رازىيەنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە، قېيۇمجاننىڭ «سەۋرى قاچىسى تاشتى» ـ دە، گەپنى بۆلدى:

— قويۇڭا رازىيە، سىز تېخى مېنى چۈشەنمەپسىز. مەندىكى چىن ئەقىدىنى سىز «ۋاقىتلىق ھىسسىيات، بىردەملىك قىزغىنلىق دېمەكچىمۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، مەندە ۋىجدان بار ۋىجدان، — ئۇ «ۋىجدان» دىگەن گەپنى ئالاھىدە سوزۇپ ئېيتتى، — خاتا ئويلاپسىز. مېنىڭچە بالا دىگەن ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرەك پارى، ھاياتنىڭ شىرىن مېۋىسى. ئەگەر مېنىڭ بۇرۇنقى ئايالىمدىن بىرەر بالام بولغان بولسا، سىز بىلەنمۇ تونۇشۇپ يۈرمىگەن بولاتتىم... — قېيۇمجان شۇ يەرگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك تۇرۇپ قالدى ۋە ئۆزىنى دەرھال ئوڭشاپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېلىغۇ ئارىمىزدا بىر بالا ئىكەن، ئۇنى بولسىمۇ چاندۇرماي، ئۆز ئوغلۇمدەك بېقىپ كېتىشكە ۋەدە بېرىمەن! قىسقىسى، نېمىلا بولمىسۇن بالا دىگەن يۈرەكتىن يېرىپ چىقىدىغان نەرسىدە؟!

قېيۇمجاننىڭ بۇ مەردانە، جاراڭلىق، سەممىي سۆزلىرى رازىيەگە شۇنچىلىك كۈچلۈك تەسىر قىلدىكى، شۇ تاپتا ئۇ ئازغىنە شەرمى ـ ھايانى دىمىسە، ئۆزىنى ئۇنىڭ قوينىغا ئېتىپ، بۇ خىل ئالىجاناپ گۈزەل پەزىلەتكە تەشەككۈر ئېيتقۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ قېيۇمجانغا تىكىلگەن ئوتلۇق كۆزلىرىدە بەخت ئۇچقۇنى، لەۋلىرىدە شاتلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلدى. ئۇ، قېيۇم-

جاننىڭ ۋىجدانلىق، ئاقكوڭۇل، مۇھەببەتكە سادىق، سەمىمى يىگىت ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندى.

ئۇلار توي خېتى ئالدىغان كۈننى ئېنىق توختىتىپ خەيرلەشتى ...

رازىيە شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلاتتى. ئۇ خىزمەتكە چىقىپ 1 - 2 يىل ئوتمەيلا بىر ساۋاقدىشى بىلەن توي قىلغان. تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشى تولىمۇ كوڭۇللۇك، بەختلىك ئوتكەن ئىدى. «گۈلىنىڭ تىكىنى، كۆلكىنىڭ يىغىسى» بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە بەختسىزلىك يۈز بەردى؛ ئوغلى بەختىيار تۇغۇلۇپ 2 ئايلىق بولغاندا، يولدىشى ئادىلجان راك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ئالەمدىن ئوتتى. رازىيە يىغلىدى، قاقشىدى، ئورنىغا كەلمىدى. يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن رازىيەنىڭ كوز يېشى قۇرۇپ، ئاستا - ئاستا تەقدىرگە تەن بەردى. كېيىن ئوز مەكتىۋى ۋە باشقا جايلاردىكى تونۇش-بىلىشلىرى ئارىسىدىن توي قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، خەت يازىدىغانلار چىقىشقا باشلىدى.

رازىيە دەسلەپ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۇنىمىدى، كېيىنچە يالغۇز تۇرمۇش ئوتكۈزۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، «قېنى، ئازراق ئويلىشىپ كورەي» دېگەن يەرگىمۇ كەلدى. لېكىن، ئۇ نىمىلا دېگەن بىلەن بۇرۇنقى يولدىشىدىن بىر بالىسى بولغاچقا، كەلگۈسىدىكى بەزى ئىشلاردىن ئەنسىرەيمۇ قالىدى. «تويىنغۇ قىلارمەن، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — بىر ۋاپاسىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئاتا خوۋلىغىنى كورمىگەن شۇ جىگەر - پارەمنى خارلاپ قويارمەنمۇ - قانداق، ھەر ھالدا يەتتە ئولچەپ بىر كەسكىنىم تۈزۈك» - ئۇ شۇ خىياللار بىلەن خېلى كوپلىگەن كىشىلەرنى

«ھازىرچە تۇرۇپ تۇراي» بىلەن ياندۇردى ...

بۇ يىل ئەتىياز ئۇ، تۇساتتىن بىر ئايال خىزمەتدىشىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق، قېيۇمجان بىلەن تونۇشۇپ قالدى. قېيۇمجان كورۇشكەن كۈنىلا، ئۆزىنىڭ شەھەرلىك ئىسلاھات ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئىككى يىل ئالدىدا بۇرۇنقى ئايالىدىن بالا يۈزى كورمىگەن سەۋەپلىك ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى سوزلەپ بەردى. رازىيە دەسلەپ ئۇنىڭ بۇ سوزلىرىگە يە ئىشىنىشنى، يە ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمىدى. كېيىنچە ھىلىقى خىزمەتدىشىنىڭ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي ماختاش ۋە تەرىپلەشلىرىگە قاراپ، قىزىقىپ قالدى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى قېيۇمجان رازىيەنى ئىزلەپ كېلەتتى. ئوغلىنى ئەكىلىتىپ قوياتتى. كىنو — تىياتىر بىلەتلىرىنى ئېلىپ كېلىپ: «يۈرۈڭ رازىيە، بېرىپ كېلەيلى» دەپ تۇرۇۋالاتتى ... يېقىندا قېيۇمجان: «رازىيە، دۇنيادا تىكەنسىز گۈل بولمىغىنىدەك، دۇشمەنسىز ئادەممۇ بولمايدۇ؛ تويىدىن بۇرۇن ئىشىمىزدىن چىمچەك چىقمىسۇن دىسەك، ئىمكانقەدەر بۇ ئىشنى باشقىلارغا داۋراڭ قىلمايلى» دىگىنىدە، رازىيەمۇ بۇنى بىرخىل ياخشى نىيەت بىلەن دىيىلگەن گەپ دەپ چۈشەندى بولغاي، ئانىسىدىن باشقا ھېچكىشىگە تىنمىدى. باشقىلار ئارقىلىق قېيۇمجاننى سۈرۈشتۈرۈش نىيىتىدىمۇ ياندى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ، تۈنۈگۈن مۇشۇ باغچىدا قېيۇمجان توي خېتى ئېلىش توغرىسىدا ئاخىرقى قېتىم ئېغىز ئاچقىچە، ئۆز سىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ كەلدى. مانا بۈگۈن ھەممە ئىش ئېنىق بولدى. ئۇ ھەتتا ئۇزۇنىدىن بىرى قېيۇمجانغا ئوچۇق ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ھىلىقى بالا مەسىلىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، قېيۇمجان ئوچ-ۇق كۆڭۈللۈك بىلەن چىن دىلىدىن رازى بولدى ...

× × ×

بۈگۈن چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا رازىيە ئۆيگە قايتماي، ئۇدۇل شەھەرلىك دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى. چۈنكى، بالىنىستا خېلىدىن بېرى كېسەل ياتقان ئانىسى — گۈلسۈمخان ئاچا ئۇنى توت كوزى بىلەن كۈتۈپ ياتاتتى. ئوغلى بەختىيار ئانىسىغا ھەمرا بولۇپ قارايتتى ...

شۇ تاپتا رازىيە شۇنچىلىك خوشال ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇرغۇپ تۇرغان چوڭقۇر ھاياجان، شاتلىقنى ئۇزىمۇ تىل بىلەن ئىزھار قىلىپ بېرەلمەيتتى. ئۇ مانا، يەنە بىر قانچە مىنۇتلاردىن كېيىن ئانىسى بىلەن كورۇشىدۇ، قېيۇمجان بىلەن بولغان سوھبەتنىڭ نەتىجىسىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىدۇ، كېسەل ۋە يالغۇزلۇق ئازاۋىدا قەلبى پۇچىلانغان مېھرىۋان ئانا جەزمەن ئۇنىڭغا ھەمداشلىق قىلىدۇ، ئېھتىمال مۇشۇنداق كوڭۇل شاتلىغىدىن ئانىسىنىڭ كېسىلى كوتىرىلىپ كەتىشىمۇ ئەجەپ ئەمەس.

رازىيە مۇشۇنداق شىرىن خىياللار ئىلكىدە دوختۇرخانىغا قانداق كېلىپ قالغانلىغىنى سەزمەيلا قالدى. ئۇ ئانىسى ياتقان تونۇش ياتاقنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ، بىردىنلا چوچۇپ تۇرۇپلا قالدى. تەنلىرى توك سوقۇۋەتكەندەك «جىغغىدە» قىلىپ يۈرىگى ئەنسىز سېلىپ كەتتى، ئانىسى ياتقان كېسەل كارۋىتىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى 4-نومۇرلۇق كارۋاتتا باش - كوزى پۈتۈنلەي ئاق داكا بىلەن تېڭىلغان 5-6 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا ئاغرىق ئازاۋىدىن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، توختىماي ئىڭراپ ياتاتتى. كارۋىتىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرغان 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال كوزلىرىـ

دىن تارام ـ تارام يېشىنى ئېقىتىپ، ئىلاجى بار بالىنىڭ كار-
ۋاتىنىڭ تومۇر كىرۋىڭىگە تېگىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان ئۇڭ
قولىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتى. رازىيە بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى
كورۇپ، كەينىدىكى كارۋاتتا ياتقان ئانىسى ۋە مولدۇرلەپ تو-
زىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئوغلىنىمۇ بىر ھازاغىچە ئېسىدىن
چىقىرىپ قويدى، ئۇ بىر ئازدىن كېيىن دەرھال ئېسىنى يىغىپ،
ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستاغىنە ئولتۇردى.

— بۈگۈن قانداقراق ياتىسەن، ئانا؟ — سورىدى ئۇ ئا-
نىسىنىڭ كومۇشتەك ئاقارغان ماڭلاي چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ.

— خۇداغا شۈكرى، يامان ئەمەس بالام؛ خىزمەتتىن ئەمە-
دى چۈشتۈڭمۇ؟

رازىيە ھېلىقى بالىغا قاراپ قويۇپ، بوش ئاۋازدا ئانىسى-
دىن سورىدى:

— بۇ بالىغا بىرەر ھادىسە يەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، — دېدى موماي ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ماشىنا
ئۇرۇۋېتىپتۇ.

— ماشىنا؟

— ھەئە.

— ۋاي ئىسىت ... بىچارە بالا ...

ئۇ بالىغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى كورۇپ بېقىش ئۈچۈن، ھې-
لىقى ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بالىنى ماشىنا ئۇرۇۋەتكەندە، سىلى نەگە كەتكەن؟ —
سورىدى ئۇ بالىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرقىدىن ئىچى سىرىلىپ.

— مەن ئەسلىدە ھەر كۈنى ئۇنى يەسلىگە ئاپىرىپ قو-
يۇپ، ئاندىن ئىشقا باراتتىم، — دېدى ئايال تولىمۇ مەيۈس

ئاماڭدا، — ھەي ... بۈگۈن قارا باسقاندەك 60 ياشلىق ئا-
نامنىڭ قېشىدا قويۇپ، ئىشقا كېتىپ قاپتىمەن. ئانامنىڭ كوزى
شۇ ئارادا ئۇيقۇغا ئېلىنىپ قاپتۇ. بۇ بالام مېنى ئىزلەپ، كېلىش-
مەسلىككە ئۇچراپتۇ. ھەي ئىست، بۇنى بىلگەن بولسام ... —
ئايال ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— دادىسى يوقمىدى، بۇنى ئۇقسا نىمە بولۇپ كېتەر -
ھە؟

— دادىسىمۇ بار، — دىدى ئايال قانداقتۇ يوشۇرۇش،
بىرخىل نارازىلىق ئىچىدە غۇدۇراپ، — ئۇقسىمۇ ئۇنىڭ پەر-
ۋايى پەلەك، ئوز پۇشتىدىن تورەلگەن بالىسىنى، مۇشۇ ياشقا
كىرگەنچە بىرەر قېتىم ئىزلەپ قويمىغان ئادەم، ئەمدى ئاڭلىسا
نىمە بولاتتى، دەيسىز.

ئايالنىڭ زەردە بىلەن ئېيتقان بۇ سوزلىرى رازىيەنى
ھەيران قالدۇردى، چوڭقۇر ئويغا سالدى: «ھەر قانچە تاش
يۈرەك دادا بولسىمۇ، بالىنىڭ بۇ ھالەتتە ياتقانلىقىنى ئاڭلىسا،
ئىزلەپ كېلەر ئەلۋەتتە ...»

رازىيە ئايالنىڭ يىغىسى توختىغاندىن كېيىن قايتا
سوردى:

— سىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇزلىشىپ كەتكەنمۇ؟

ئايال «ھەئە» دىگەن ئىشارىغا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئاراڭلاردا قانچە بالا بار ئىدى؟

— ئىككى.

— ئۇ سىزگە ھىچقانداق ياردەم قىلمامدۇ؟

ئايالنىڭ چىرايى بىردىنلا ئوڭۇپ، غەزەپتىن تەنلىرى تىت-
رەپ كەتتى ۋە ئاران - ئاران ئوزىنى بېسىپ دىدى:

— ياردەم دىدىڭىزما؟ ھەي ... يورۇق دۇنيادا ئۆزىگە تەلمۈ-
رۈپ تۇرغان، ئىككى بالىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇ-
رۇپ، قىز - چوكانلارنى «بالام يوق، مەن تېخى ئۆيلەنمىگەن»
دەپ ئالداپ يۈرگەن بۇ ئادەمدىن قانداقمۇ ياردەم كۈتكىلى بول-
سۇن؟ ئۇنىڭدا مېھرى - شەپقەت، ئىنسانىي خىسلەت بولىدىغان
بولسا، ئازغىنە «سۈت ھەققى» دىن قېچىپ، سوت ئورۇنلىرىدىمۇ
رەسۋا بولمىغان بولاتتى ....

— توۋا مۇنداق دەڭ تېخى، — دىدى رازىيە ئىشنىڭ
ھەقىقەتەن ئۆزى ئويلىغاندەك ئاددى ئەمەسلىگىگە كۆزى يېتىپ، —
دۇنيادا شۇنداقمۇ نا ئىنساپ، تاش يۈرەك ئادەملەرمۇ بولىدى-
كەن - ھە؟!

ئۇ بىردىنلا قېيۇمجاننىڭ باغچىدا ئۆزى بىلەن كورۇشكەن
چاغدىكى ئوچۇق - يورۇق، مەردانە قىياپىتىنى ۋە ئوغلى بەخ-
تىيارغا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان يال-
قۇنلۇق سوزلىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يەنە
بىر قېتىم قېيۇمجاننىڭ: «قويۇڭا رازىيە، سىز تېخى مېنى تو-
لۇق چۈشەنمەيسىز. ئۇ ھىلىغۇ بىر بالا ئىكەن، ئونى بولسىمۇ
ئۇنى بېقىپ كېتىشكە قادىرمەن» دىگەن سوزلىرى قايتا تەكرار-
لانغاندەك بولدى، رازىيە ئىچىدە: «ياق قېيۇمجان ئۇنداق نا-
مەرت، ۋاپاسىز ئادەملەردىن ئەمەس، بىزنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى-
مىز جەزمەن بەختلىك بولىدۇ» دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئوتكۈزۈپ،
بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى ...

رازىيەنىڭ ئايالغا ئىچى ئاغرىدى، ھىسداشلىقى قوزغالدى.
ئايالنىڭ ھىلىقى ۋىجدانسىز يولدىشىغا نىسبەتەن غەزىۋى ئورلەپ
تاشتى.

— باللارنىڭ دادىسى ھازىر مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بارمۇ؟
— بار.
— ۋاي نەدە؟ نىمە ئىش قىلىدۇ ئۇ كىشى؟
— شەھەرلىك ئىسلاھات ئىدارىسىدا ئىشچى.
— ئىسمى؟
— قېيۇمجان.
رازىيە ئەندىكىپ، ئەجەپلىنىش ھىسسىياتى بىلەن تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر ئاز ئىسىنى يىغىۋېلىپ، ئالدىراپ يەنە سورىدى:
— قېيۇمجان دىدىڭىزما؟
— ھەئە.
— فامىلىسىچۇ؟
— قادىر.
ئايالنىڭ ئاخىرقى بىر ئىغىز جاۋاۋى رازىيەگە شۇنداق كۈچلۈك تەسىر قىلدىكى، خۇددى قاتىرۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. بېشىدىن گويا بىر چېلەك سوغاق سۇ قۇيۇلغاندەك بەدەنلىرى تىترەپ، شۈركىنىپ كەتتى. كۆزلىرىدە ئاچچىق ئەلەم ۋە بىرخىل غەزەپ - نەپرەتنىڭ يېقىمسىز سوغ نۇرى ئەكس ئېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا قىستاپ كېلىۋاتقان كۆز يېشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، تاشقىرىغا ئىتتىك چىقىپ كەتتى...

●●●●●●

# سۆشۈل

تومۇز كۆنلىرىنىڭ بىرى، كەچقۇرۇن.

كىمدۇر بىرسى خوشىنىسىغا تاشلاپ كەتكەن كىچىكىنە بولاق ئەمدىلا ئىشتىن قايتقان ئابدىكېرىمنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ قولىدىكى گېزىتنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، لىپاپ ئۈستىدىكى تونۇش پوچۇركىغا تىكىلگىنىچە بىر پەس جىمجىت تۇرۇپ كەتتى. كېيىن بولاقنى ئېچىپ، ئىچىدىكى تازا ئىشلەپ تىكىلگەن چىمەن دوپپا ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىنغان بىر پارچە خەتنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدى. خەت ئۇنىڭ قەدىناس دوستى مەخمۇتجاننىڭ تۇل قالغان ئايالى مېھرىگۇلدىن كەلگەن ئىدى. ئابدىكېرىم خەتنى ئالدىراش ئوقۇدى - دە، چوڭقۇر بىر ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ، غەلىتە بىر خىل بىئاراملىق ئىچىدە ئاستا ئورنىدىن تۇردى. يانچۇغىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ قاتتىق - قاتتىق بىر نەچچە قېتىم شورىۋېلىپ، ئۆي ئىچىنى ئۇيان - بۇيان ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى بىردەم كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرىزىدىن يىراق - يىراقلارغا تىكىلسە، بىردەم قولىدىكى خەتكە مىختەك قادالغىنىچە تۇرۇپ قالاتتى، ئاخىرى ئۇ سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ خىيالغا كەتتى.

× × ×

1964 - يىلى، كۈز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى، ئابدىكېرىم دەرستىن چۈشۈپلا ئۆدۆل ئۆيگە باردى ۋە تاماقنى يەپلا شىرە تۈۋىگە كەلدى - دە، ھەر كۈنىدىكى ئادىتى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى ئالدىغا يېيىپ، بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ تازا جىددى ئىشلەۋاتقاندا، ئىشىك يەڭگىل چېكىلىپ مېھرىگۈل ئۆيگە كىرىپ كەلدى، ئابدىكېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مېھرىگۈلمۇ ئابدىكېرىمنىڭ تەكلىۋىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئورۇندۇققا ئولتاردى - دە، كوزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۆي ئىچى تولىمۇ پاكىز، رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دەرىزە تەرەپتىكى بۇلۇڭغا تاقاپ قويۇلغان كىتاپ جازىسىغا ھەرخىل كىتاپلار رەتلىك تىزىلغان. ئوچۇق دەرىزىدىن يېتىۋاتقان كۈننىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان ساپاق - ساپاق ئۈزۈملەر كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى.

— ئابدىكېرىم، — دىدى مېھرىگۈل چاقچاق تەلەپپۇزىدا، — قىزىم رىزۋانگۈل ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە سىزدە ئوقۇسۇنمىكىن دەۋاتىمەن، سىز قانداق قارايسىز؟

— بولىدۇ مېھرىگۈل، ئۇ مەندە ئوقۇسا، جان - دىلىم بىلەن ياخشى تەربىيىلەيمەن - دە.

ئابدىكېرىم سوزلىگەچ دەپتەرلەرنى شىرەنىڭ بىر چېتىگە رەك سۈرۈپ قويدى.

— سىز زە، ھەر قېتىم كىرسەم مۇشۇنداق ئالدىراش، بىكار ۋاقتىڭىزنى تاپقىلى بولمامدىكىن - تاڭ؟ — مېھرىگۇل چاچ ئۇرۇملىرىنى ئويناغاچ، ئابدىكېرىمگە «لاپپىدە» بىر قارىۋالدى - دە، يەنە سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۈگۈن سىزدىن بىرەر كىتاپ ئارىيەت ئېلىپ ئۇگىنەي، دەپ كىرگەنتىم، ھاۋاخان ئاچامۇ ئويدە يوق ئوخشايدۇ، ئۇدۇللاپلا سىزنىڭ قېشىڭىزغا كىرىشىم، بىرىپ تۇرامسىز؟

مېھرىگۇل ئويناق كوزلىرىنى ئۈمىت بىلەن ئۇنىڭغا تىكىپ جاۋاپ كۈتتى.

— بىرىپ تۇرمامدىغان! — ئابدىكېرىم كۈلۈپ كەتتى، — مېھرىگۇل، سىز ئائىلىدىكى ئىشلاردىن ۋاقىت چىقىرىپ، كىتاپ كورۇپ بىلىم ئالاي دەۋاتقان يەردە، مەن قانداقمۇ ماقۇل دىمەي!

............

ئاردىن يېرىم يىل ئوتتى، مېھرىگۇل ئابدىكېرىمدىن خېلى كوپ كىتاپلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇدى، چۈشەنمىگەن جايلىرىنى ئېرىدىن، شۇنداقلا، ئابدىكېرىمدىن سوراپ ئۇگەندى. چۈنكى ماتېماتىكىغا ھەۋەس باغلىغان مېھرىگۇل مەخمۇتجاندىن كورە، ئابدىكېرىمنىڭ ياردىمىگە كوپرەك مۇھتاج ئىدى. لېكىن، ئاردىن كوپ ئوتمەي مېھرىگۇلنىڭ مىجەز - خۇلقىدا تۇساتتىن يېڭى بىر ئوزگىرىش پەيدا بولدى: يەنى، ئۇ ئابدىكېرىمنى كورگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن سوزلەشكەن چاغدا، ئوزىمۇ سېزىپ يېتەلمەيدىغان قانداقتۇ بىرخىل ھاياجان ئىللىق نۇر تالالىرىدەك ۋۇجۇدىنى تېشىپ ئوتۇپ يۈرەك تارىلىرىنى نازۇك چېكىشكە باشلايتتى. بەزىدە ئۇ، ئابدىكېرىمنىڭ يېنىغا ئالىمبۇرۇن كوڭلىگە پۈكۈپ قويغان بىر قاتار مۇرەككەپ

چىكىش سۇئاللارنى يەشكىلى كىرىشمۇ، بىراق، ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن ھېچقانچە نەپ ئالالماي قايتىپ چىقاتتى، ئۆيىگە چىقىپ قانچە ئويلىغىنى بىلەنمۇ ئوخشاشلا قولى ئىشقا بارمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ، ئوماق قىزى رىزىۋانگۈلنى باغرىغا بېسىپ ئېغىر ئۇھ تارتاتتى ياكى كوچىغا قاراپ تۇرغان ئوچۇق دەرىزىدىن كىمىنىڭدۇر كېلىشىنى كۈتكەندەك بىر ئۆيىگە كىرىپ، بىر سىرتقا چىقىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە ئۆز-ئۆزىگە «تۇۋا، تۇۋا، بۇ نېمە ئىش» دېگىنىچە ئاستا پىچىرلاپ، ئۈمىتسىز ھالدا ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

× ×

بىر كۈنى ئۇ، تۇنجى قاردىن كېيىنكى دالا مەنزىرىسىنى كۆرۈپ دىلى باشقىچە سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە شۇ ھامان ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىكى تەشتەكتە ئېچىلغان بىر تال ئەترە گۈلنى ئۈزىۋالدى-دە، كىتاپ ئېلىش باناسى بىلەن ئابدىكېرىمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى، ئابدىكېرىم ھويلىدا قار تازىلاۋاتاتتى، ئۇ مېھرىگۈلنىڭ قولىدىكى گۈلگە قاراپ ھەيران قالدى ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— پاھ! ... نېمە دېگەن ئېسىل گۈل-ھە؟! سىز بۇنى نەدە ئېچىلدۇردىڭىز؟

— نەدە بولاتتى، ئۆيىمىزدىكى تەشتەكتە، — دېدى مېھرىگۈل ئابدىكېرىمگە قادالغان ئوقيادەك كىرپىكلىرىنى يەرگە ئاغدۇرۇپ، — خالىسىڭىز سىزگە سوغا قىلاي...

— رەھمەت، مېھرىگۈل، — دېدى ئابدىكېرىم گۈلنى ئېلىۋېتىپ بىر ئاز ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — ئۆيگە كىرىڭ، بىر دەم ئولتۇرۇپ چىقارسىز؟

— خوش، مەن چىقاي، ھېلىقى كىتاپنى بېرىپ تۇرسىڭىز.

مېھرىگۈل بۇ نۆۋەت ئابدىكېرىمدىن دەرسلىك كىتاپ ئەمەس،

بەلكى قايسى بىر يازغۇچىنىڭ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان چوڭ بىر رومانىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇيگە كىرگەندىن كېيىن، خېلى بىر ھازاغىچە ئابدىكېرىمنىڭ ھىلىقى گۈلنى قولىغا ئېلىپ پۇرىغان چاغدىكى يېقىملىق چىرايىنى كوز ئالدىغا كەلتۇرۇپ، قولى ئىشقا بارماي ئولتۇرۇپ كەتتى. كېيىن، يۇرىكىنىڭ قەيرىدىدۇر پەيدا بولغان غەلىتى خىيالدىن چوچۇپ، قولىدىكى رومانىنى ئوقوشقا كىرىشتى ...

× × ×

كۈنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئوتۇپ ھەش - پەش دىگىچە باھارمۇ كەلدى ...

تاڭ سەھەردە يېغىشقا باشلىغان يامغۇرمۇ توختىغان ئىدى. ئابدىكېرىم خەلق باغچىسىنىڭ بوك - باراقسان قارغايلار بىلەن قاپلانغان بىر بۇلۇڭىدىكى گۈللۈككە ياندىش توختىتىلغان ياغاچ ئورۇندۇقتىن جاي ئالغىنىغا بىر سائەت بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى شۇنداق تۇۋەن ئىدىكى، يامغۇردىن كېيىنكى ساپ ھاۋامۇ، توپا - چاڭدىن ئادالانغان يوپۇرماقلارنىڭ تاڭ شامىلىدا لەرزان شىلدىرلاشلىرىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە ھوزۇر بېغىشلىمايتتى. «ئەستا ... بۇ خوتۇننىڭ نىمە قىلغىنى بۇ؟! — دەيتتى ئۇ ئوز - ئوزىگە، — ئۇنىڭ بۇ خېتىنى مەخمۇتجانغا بەرسەم نىمە بولار؟ ...» ئۇ بۇ سوزلەرنى ئىچىدە نەچچە قېتىم تەكرارلىدىكىن تاڭ، ئاخىرى كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەي، خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولدى. كوز ئالدىدىن ماۋۇلار ئوتمەكتە ئىدى:

بۇندىن 4 يىل بۇرۇن دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ، ئەمدىلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ئابدىكېرىم بۇ مەكتەپكە يېڭى كەلگەندە، تېخى 17 - 18 ياشلارغا كىرگەن ياش بالا ئىدى. ئۇ، مەكتەپكە كەلگەن بىرىنچى كۈنىلا مەخمۇتجان ئۇنى ئۆز ئىنىسىدەك ياخشى كۈتۈۋالدى. تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالدى، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى.

ئابدىكېرىم بويتاقلار ياتىقىدا يېتىپ قوپاتتى. ئەمما 3 ۋاقلىق تامىقى مەخمۇتجاننىڭ ئۆيىدە بولاتتى. بىرەر قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا ئابدىكېرىم كىرمەي قالسا، مەخمۇتجان ئۇنى ئىزلەپ بىر يەرلەردىن تاپاتتى - دە، «بىزدىن كۆڭلىڭىز ئاغرىپ قالدىمۇ؟ نېمىشكە كىرمەيسىز؟» دەپ چېچىلاتتى. كېيىنچە ئابدىكېرىم ئايلىق ئىش ھەققىنى ئېلىپ، بىر قىسىم پۇلىنى ئۇنىڭغا «مەخمۇتجان ئاكا، 3 ۋاقلىق تامىقىم سىزدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ پۇلنى ئېلىپ قويۇڭ» دەپ تەڭلىگىنىدە، خېلى قاتتىق دەشنامۇ يەۋالدى. «سىز مېنى چۈشەنمەپسىز - دە ئۇكا، رتەك يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە، دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇسىز؟ پۇل لازىم بولىدىغان نى - نى كۈنلەر ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، سىز ياش، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمىدىڭىز، يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ...» دەپ پۇلنى ئېلىشنى رەت قىلدى مەخمۇتجان، كېيىنچە ئابدىكېرىم تاماققا كېتەرلىك بىر قىسىم گۆش - ياغ، سەي - كۆكتاتلارنى ئېلىپ كىرىپ: «بۇلارنىمۇ ئالارسىلەر، مەنمۇ مۇشۇ ئۆينىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدىم ... ئەگەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى دېسەڭلار ...» دەپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. بۇ ئۇسۇل ھەر ھالدا ئۈنۈم بەردى ... شۇنداق قىلىپ، ئابدىكېرىم مەخمۇتجاندەك داكىشىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ مەكتەپتە خوشال - خۇرام، خاتىرجەم ئۆتتى.

ئابدىكېرىم بۇ ئۆيدە 2 يىلدىن كۆپرەك تۇز - تاماق يەپ، ھاۋاخان بىلەن تويى قىلغاندىن كېيىنلا قايتىپ چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مەخمۇتجاننىڭ ئايالى مەريەم ئۇشتۇمتۇت قوزغالغان يۈرەك سانجىقى كېسىلى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. مەريەم ئاقكۆڭۈل، ساددا، يۇۋاشلىقى بىلەن، ئابدىكېرىمدە ئىنتايىن ياخشى تەسىرات قالدۇرغان ئىدى، ئەكسىچە مەخمۇتجاننىڭ كېيىنكى ئالغان خوتۇنى مېھرىگۇلنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىگە بىر يىلدىن ئاشقان، ھەتتا بىر بالىلىقمۇ بولغان تۇرۇقلۇق، ئۇزىگە «مۇھەببەت» ئىزھار قىلىپ خەت يازغانلىقىنى ئابدىكېرىم زادىلا چۈشىنەلمەيدى. «بۇنىڭ بۇنداق بىمەنە خېتىنى يېزىشقا قانداقمۇ قولى باردىكىنە؟! مەن ئۇنىڭغا توغرا نىيەت بىلەن ياردەم بەرگەن ئىدىمغۇ؟ ئەمدى كېلىپ ...»

ئابدىكېرىم خىيالىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. ئۇ، يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، گويا كاللىسىدىكى بۇ مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلىرىنى ئاشۇ تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان تاماكا ئىسىغا قوشۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قاتتىق شوراشقا باشلىدى. «ياق، — دىدى ئۇ ئاخىرى ئۆزىگە كەسكىن خىتاب قىلىپ، — بۇ ئىشنى مەخمۇتجانغا ئۇقتۇرماسلىقىم كېرەك. ئىش تەتۈرىگە مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بۇزۇلۇپ، بالىسى يېتىم قالسا ئۇ چاغدا ...» ئابدىكېرىم خىيالىنى يىغىپ مېھرىگۇلنىڭ ھېلىقى خېتىنى جاۋاپسىز قالدۇرۇش قارارىغا كەلدى - دە، قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى «پىررىدە» چۈرۈۋېتىپ، دەس ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ ئەمدى خېلىلا يەڭگىللەپ قالغان ئىدى.

× × ×

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، مېھرىگۇل نىرۋا خاراكتېرلىك يۇرەك كېسەلى بىلەن ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى، جىددى داۋالاش نەتىجىسىدە خېلىلا ياخشىلىنىپ، دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىققان بولسىمۇ، چىرايى يەنىلا سولغۇن، كۆزلىرى ھەسرەتلىك ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىرەرسىدىن ئازار يىگەندەك ياكى بولمىسا نامەلۇم بىر كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلىدىن دىلى پۈچۈلانغاندەك كۆرۈنەتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ كىتاپ ئوقۇشنى زادىلا توختاتمىدى. ئابدىكېرىمنىڭ ئۆيىگىمۇ ئادەتتىكىدەك كىرىپ ـ چىقىپ تۇردى. ئەمما، كۆزلىرى ئابدىكېرىمگە قورقۇمسىراپ قارايتتى. بۇنى ئابدىكېرىمنىڭ يۈرىگى تۇياتتى. ئابدىكېرىمنىڭ ئايالى ھاۋاخان ئاددى ـ ساددا، ئاقكۆڭۈل، سەمىمى يېزا قىزى بولغاچقا، مېھرىگۇلنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىشىنى ئادەتتىكى خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت دەپ قاراپ، باشقىچە خىياللارغا ئورۇن بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇ، مېھرىگۇل كىرسە ئۇچۇق يورۇق ـ ئولتۇرۇپ تاكى گەپ ـ سۆزلىرى تۈگىگىچە قانغىدەك مۇڭدىشاتتى. بىرلىكتە تاماق ئېتىپ، بىرلىكتە غىزالىناتتى.

بىراق يېقىندىن بۇيان، ئابدىكېرىم ئۆيىگە ئەتە ـ ي كەچ قايتىدىغان، ھەرقانداق ئىش بولسا، مەكتەپ ئىشخانىسىدا تۈگىتىپ كېلىدىغان بولۇۋالدى. مېھرىگۇل ئالدىغا ئۇچراپ قالسا، ئاۋالقىدەك ئوچۇق ـ يورۇق سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ مېھرىگۇلنىڭ سولغۇن چىرايىنى ۋە پەرىشان مەيۈس كۆزلىرىنى يوشۇرۇن ھالدا كۆزىتىپ، بىردىنلا يۈرەك باغرى

ئۆتكۈر پىچاق بىلەن تىلىپ تاشلىغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ، بىر تەرەپتىن مېھرىگۈلنىڭ ھېلىقى خېتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن قاتتىق ئۆكۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ- غا چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتماقتا ئىدى. ئاخىرى ئۇ، مېھرىگۈلنىڭ نىمە دەپ ئۆيلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىر پارچە خەت يازدى. خېتىدە، مېھرىگۈلنىڭ دەسلەپ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش يولىدا زور تىرىش- چانلىق كۆرسەتكەنلىكىنىڭ توغرا بولغانلىقى، ھازىرمۇ ھەم شۇ ئارزۇ - مەقسەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن باشقا، ھالال جۈپتى مەخمۇتجاننىڭ پاك مۇھەببىتىگە چىن ۋاپا - ساداقەت بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپ بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتۈش- نى تەۋسىيە قىلدى. مېھرىگۈل خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا خېلىلا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىنى گويا بىر يەرتقۇچ ھايۋان يىرىك تىللىرى بىلەن يالماۋاتقاندەك قاتتىق ئازاپلاندى، كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈپ، ئىتەكلىرى- نى تولدۇردى. مەخمۇتجان ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ئۇ كۆز يې- شىنى دەرھال يوشۇرۇپ، باش ئاغرىق باناسى بىلەن ئۆزىنى كارۋاتقا تاشلاپ يېتىۋالدى...

× × ×

1966 - يىلى باشلانغان ھېلىقى «زور ئىنقىلاپ»نىڭ شىددەتلىك قارا بورىنى يۇقۇرىدىن تۈۋەنگە، شەھەردىن يېزىلار- غىچە قوتراپ، بىردەمدىلا مەخمۇتجان بىلەن ئابدىكېرىم خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ كىچىككىنە مەرىپەت باغچىسىنىمۇ ئۆكتەي - تۆك- تەي قىلىۋەتتى. ھەركەت باشلانغان دەسلەپكى كۈنلەردىلا، مەخ-

مۇتجان ئۆزىنىڭ ئون نەچچە يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ
ياش ئەۋلادلارغا بىلىم بەرگەن «گۇنايى» ئۈچۈن «بۇرژۇئا ئى-
لىم نوپۇزلۇغى»، «ئاق مۇتەخەسسىس»، «پومېششىكنىڭ كۈچىگى»
دېگەنگە ئوخشاش بەدناملار بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش،
چېپەن قىلىندى، دەرس ئۆتۈش ھوقۇقىمۇ ئېلىپ تاشلىنىپ، مە-
سىلە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلدى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەھۋالدا
تېخىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولدى:
بىر كۈنى ھېچ كۈتمىگەندە قوللىرىغا بايراق تۇتقان،
يەڭلىرىگە «قىزىل قوغدىغۇچى» بەلگىسى تاقالغان بىر توپ دې-
خان ياشلىرى ئۇدۇل مەكتەپ ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىردى-دە،
«پومېششىك ئۇنسۇر مەخمۇتنى تارتىپ چىقىرايلى!»،
«پومېششىك ئۇنسۇر مەخمۇتنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن ئۇ-
زۇل-كېسىل ھېساب ئالايلى!» دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاشقا
باشلىدى. ئارقىدىن ئۇلارغا باشلىق بولۇپ كەلگەن بىرەيلەن
مەكتەپ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى قاسىمغا
ھاجانقۇم دادۇيدىكى چوڭ پومېششىك داۋۇتنىڭ ئوغلى مەخمۇت-
نىڭ ئۇزۇندىن بۇيان تەركمۆنى يوشۇرۇپ قالغانلىقى، ئۆزلىرى-
نىڭ بولسا بۇ قېتىم ئۇنىڭغا «پومېششىك ئۇنسۇر» قالپىقىنى
كىيگۈزۈپ، ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېتىشكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.
بۇنى ئاڭلىغان قاسىممۇ ئۆزلىرىنىڭ مەخمۇتنى تارتىپ چىقارغان-
لىقى «دەل جايىدا» بولغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ
بۇ ئىنقىلاۋى قىزغىنلىقىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دەملىقى
كەلگەنلەر شۇ ھامان مەخمۇتنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ، بېشىغا
ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيگۈزۈپ، ئايالى مېھرىگۈل ۋە نارىسىدە
بالىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكىمۇ يول قويماي ئالدىغا سېلىپ

ھەيدەپ ماڭدى. ئاندىن كۆپ ئۆتمەي مېھرىگۈلمۇ بالىلىرى بىلەن ماجانقۇمغا ھەيدەلدى. ئابدىكېرىم بىلەن ھاۋاخان ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ چىقىپ، بالىلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ:

— مېھرىگۈل ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ، جاھان داۋاملىق مۇنداق بولۇۋەرمەس... مەخمۇتجانغا ياخشى قاراپ، پات - پات خەت يېزىپ تۇرۇڭلار، — دەپ خوشلاشتى.

× × ×

بىلمەيلا ئارىدىن 4 يىل ئۆتۈپ كەتتى. كەچ كۈز، دەرەخ شاخلىرىدىكى ئاخىرقى يوپۇرماقلار ساپاقلىرىدىن ئايرىلىپ شامالدا پىقىراپ ھاۋادا بىر مەھەل قاڭقىغاندىن كېيىن، يولنىڭ چېتىنى بويلاپ يىراقلارغا كېتەتتى. تەبىئەتنىڭ كۆڭۈلسىز چىرايىدىن قەھرىتاننىڭ تۈيدۈرماي ئاستا - ئاستا يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى.

ئابدىكېرىم بىر كۈنى نىمە ئۈچۈندۇر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە مەكتەپتىن مەھەللىگە، چوڭ يولدا پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ كېلىۋاتقان مېھرىگۈلنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ، مېھرىگۈل يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇنىڭدىن قىزغىن ھال - ئەھۋال سوراپ كۆرۈشتى ۋە ئۆيىگە باشلىدى. مېھرىگۈلنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆيىگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ھاۋاخانمۇ ئۇنىڭ بىلەن سەممىي سالاملاشتى. ئالدىغا چاي - مېزە كەلتۈرۈلدى. داستىخان ئۈستىدە ئابدىكېرىم مەخمۇتجاننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. مېھرىگۈل مەيۈسانە ھالەتتە سۆزلەپ بەردى: يېزىدا «پومىششىك

ئۇنسۇر» دېگەن بەدنام بىلەن مەخمۇتجاننىڭ كۆرمىگەن خورلۇقلىرى قالماپتۇ. ئانا - ئانىسىدىن قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي تارتىۋېلىنىپ تالادا قاپتۇ. ئېغىر ئەمگەك ۋە ئارقىمۇ - ئارقا قىلىنغان كۆرەش، پەيپەندىن ھالسىزلىنىپ تۇرغاندا، ئۆپكە كېسىلى بولۇپ يېتىپ قاپتۇ... ئۇ ئىشلاردىن ئابدىكېرىمنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ بۇندىن بىر ئاي بۇرۇن ماجانقۇمغا بېرىپ مەخمۇتجاننى يوقلاپمۇ كەلگەن ئىدى.

— بېشىمنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قاتتى، — دېدى ئېغىر ئۇھ تارتىپ مېھرىگۈل، - بىچارىنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئالدىنقى كۈنى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدىم. دوختۇرخانىدىمۇ بىرەر يار - يۆلەكچى بولمىسا بولمايدىكەن، شۇڭا ئۇنى يالغۇز قويۇپ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كېلىشىم...

— كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، بىز دەرھال بارايلى، — دېدى ئابدىكېرىم مېھرىگۈلنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ، — قولىمىزدىن كېلىشىچە داۋالىتىپ كۆرەيلى، ياخشى بولۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس.

ئابدىكېرىم بىلەن مېھرىگۈل دوختۇرخانىغا مېڭىشتى. ھاۋاخان مېھرىگۈلنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «بىچارە، ئىلگىرىكى ئالمىدەك قىزىل يۈزلىرى سارغىيىپ، جۈدەپ كېتىپتۇ. «پومىشچىكنىڭ ئايىلى» دېگەن قالپاق، ھەددى ھېسابسىز ئېغىر ئەمگەك بۇنىمۇ تۈگەشتۈرۈپتۇ - دە!...»

ئۇلار دوختۇرخانىغا كېلىشتى.

مەخمۇتجان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان ھالدا، جىمجىت ياتاتتى. كېسەلدىن ئۇنىڭ چىرايى سامانىدەك سارغايغان، بەدىنى

بولسا بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئىدى. ئابدىكېرىم ئېڭىشىپ تۇرۇپ:

— مەخمۇت ... مەخمۇت... كوزلىرىڭنى ئاچقىنا، مانا مەن كەلدىم. ۋاي ئىست، مۇشۇنچە هالغا كېلىپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى ۋە كوزلىرىدىن ياشلىرىنى ئاققۇزغان پېتى مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى.

مەخمۇتجاننىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كوزلىرىمۇ ھەسرەت، ئېچىنىش ئىلكىدە ياشقا تولدى ...

مانا مەخمۇتجاننىڭ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. بىراق ئۇنىڭ كېسىلىدە ھېچقانداق ياخشىلىنىش كورۇنمەيتتى، ئەكسىنچە ھالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. كېچىلىرى كىرپىنىك قاقماي ئۇيقۇسىز چىقاتتى. بەزى كۈنلىرى بىر نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، قانداقتۇر بىر نىمىلەرنى دەپ جويلۇپ، مېھرىگۈلنى ئەنسىرىتەتتى، بۇ كۈنلەردە ئابدىكېرىممۇ ئۇنى ھەركۈنى دېگىدەك يوقلاپ تۇردى.

كوپ ئۆتمەي قىش كىردى. تۇنجى قار ياققان بىر كۈنى كەچ، ئابدىكېرىم مەخمۇتجاننى يوقلاپ ياتاققا كىرىپ، ئۇنىڭ تومۇرىغا بېرىلىۋاتقان ئاسما ئوكۇلنىڭ تولىمۇ تەستە مېڭىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ يادىكىغۇ چىراي تامدەك تاتىرىپ، بۇرۇن توشۇكلىرى كېڭىيىپ، نەپەس ئېلىشىمۇ تېزلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى كورگەن ئابدىكېرىم بۇگۈن ئەھۋالنىڭ ھەر كۈنكىدىن باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھىس قىلدى - دە، مېھرىگۈلنى ئازراق دەم ئېلىشقا دەۋەت قىلىپ، ئوزى مەخمۇتجاننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇش قارارىغا كەلدى. كەم بىماسۇن، باش توخۇ بىلەن تەڭ، مەخمۇتجاننىڭ ئەھۋالىدا تۇساتتىن ئوزگىرىش

بولدى. دوختۇر، سېستىرالار ئارقا - ئارقىدىن ياتاققا كىرىپ جىددى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى. لېكىن ئۈنۈمى بولمىدى. قىستاپ كەلگەن قاتتىق بىر يۆتەلدىن كېيىن، مەخمۇتجان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئابدىكېرىمگە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئەمدى مەن ئۆرە بولالمايدىغان ئوخشايمەن ... مېھرىگۇل ۋە ئىككى بالام يالغۇز قالدى ... سەن مېنىڭ ھاياتىمدىكى بىردىن - بىر ۋاپادار دوستۇم ... مېنىڭ روھىمنى خۇرسەن قىلاي دىسەڭ، ئاشۇ نارسىدە يېتىم باللىرىمغا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارسەن ...

ھايال ئۆتمەي، مەخمۇتجان يورۇق دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى ...

× × ×

يىللار ھەقىقەتەنمۇ رەھىمسىز ئىكەن، مەخمۇتجان ئالەمدىن ئۆتۈپ بەش يىلغا قالماي، ئىككى پەرزەنتىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كەتتى. پىراق ئوتىدا ئورتەنگەن مېھرىگۇل بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ پانى دۇنيادىن ئۈمىت ئۈزۈپ، باقى دۇنياغا سەپەر قىلىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەخمۇتجاننىڭ تەلتۆكۈس ئاقلانغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش چىقىپ قالدى ۋە ھايال ئۆتمەي، ئىلگىرى مەخمۇتجان خىزمەت قىلغان مەكتەپكە قايتىپ كېلىپ، نەپىقە پۇل بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئابدىكېرىم ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇندىن بۇيان ئۇلار داۋاملىق خەت يېزىشىپ تۇرۇشتى. خەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ھاۋاخان يازاتتى. ئۆتكەن

يىلى ھاۋاخان ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئىش ئابدىكېرىمگە شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى خۇشچاقچاق قىلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. خىزمەتتىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلىرىنى چوكى بويىغا يېتىپ قالغان، كىچىككى ئەتىم ماڭغان توت پەرزەنتىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. كىشىلەرگە كەمدىن ـ كەم ئارىلىشاتتى. مېھرىگۇلگە ھاۋاخاننىڭ ۋاپاتى توغرىلىق خەت يازمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بىراق، كۈتۈلمىگەندە، مېھرىگۇل خەت يېزىپ، ئۇنى كونا ـ يېڭى ئىشلارنى يەنە بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى...

× × ×

ئابدىكېرىم چوڭقۇر بىر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ، شىرە ئۈستىدە تۇرغان دوپپىغا بىر ھازا جىمجىت تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن قولىدىكى خەتنى يېڭىۋاشتىن ئوقۇشقا باشلىدى.

«ھۆرمەتلىك ئابدىكېرىم، — دېگەن ئىدى مېھرىگۇل خېتىنىڭ ئاخىرىدا، — بۇ دوپپىنى سىزگە ئاتاپ تىككىنىمگە يىگىرمە يىلغا يېقىنلىشىپتۇ. بىراق سىزنىڭ ئاشۇ بىر پارچە خېتىڭىزدە يازغانلىرىڭىز دائىم ئېسىمدە بولغاچ،بۇنى سىزگە بېرىشكە پېتىنالمىدىم. شۇنداقلا خېتىڭىزدىكى نەسىھەتىڭىزگە ئەمەل قىلىپ، مەختۇمجانغا ھەرگىزمۇ ئالاكوڭۇللۇك قىلمىدىم. كاج پەلەك مېنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتكەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، يەنىلا ئۇنىڭ تەرىتىدە ئولتۇرۇپتىمەن ... يېقىندا ئاڭلىسام، ھاۋاخان ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئۇنىڭ ۋاپاتى مېنى قاتتىق ئېچىندۇردى. سىزگە



ۋە بالىلارغا ئىچىم ئاغرىغىنىدىن بىر بەچچە كۈننى ئۇيقۇسىز
ئۆتكۈزدۈم ... يېقىندىن بۇيان سالامەتلىكىم ناچارلىشىپ، دوخ-
تۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. ساقىيامدىمەن ياكى ... ئۇيان ئويلاپ،

بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى، ئاشۇ بىر چاغلاردىكى بەختىۋاش كۆڭلۈم-
نىڭ يالدامىسى — مۇشۇ دوپپىنى سىزگە ئەۋەتىشكە جۈرئەت قىل-
دىم (راستىمنى ئېيتسام، بۇنى سىزدىن بولەك كىشىگە راۋا كۆر-
مىدىم!) بۇنى بۇ دۇنيادا ساناقلىق كۈنلىرى قالغان بىر ناتىۋان-
نىڭ كۆڭلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىڭىزنى تىلەيمەن!..»

ئابدىكېرىم ھاياجانلانغانلىقىدىن، بىر ھازا تىنىمقاپ ئولتۇ-
روپ كەتتى. كۆز ئالدىدا ئانىسىز بالىلىرى ۋە دوختۇرخانىنىڭ
كارىۋىتىدا ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىۋاتقان مېھرىگۈلنىڭ ئايانچلىق سى-
ماسى تەكرار - تەكرار پەيدا بولدى. مېھرىگۈلگە ئىچى ئاغرى-
غىنىدىن، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنىڭ قېشىغا سەپەر قىلدى...

ئابدىكېرىم ئاخىرقى قارارغا كېلىپ، قولىغا قەلەم ئالغاندا،
ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئاشقان ئىدى.

# ئۆلمەس شامى ئۆچكەندە



شەھەرلىك دوختۇرخانا تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە يېتىپ داۋالىنىۋاتقان سىڭلىم رەيھانىغا قاراۋاتقىنىمغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. بىر كۈنى ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزۈش ئۈچۈن، يېنىمىزدىكى خوشنا ياتاقتا چاي ئىزلەپ كىرىپ قالدىم. ياتاق ئىچى پاكىز ۋە ئازادە بولۇپ، بىر چەتتىكى يالغۇز كېسەل كارىۋىتىدا كېسەل ئازاۋىدىن چىرايى تامدەك تاتارغان، لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەن، ئوڭ پۈتى پۈتۈنلەي ئاق داكا بىلەن تېڭىۋېتىلگەن 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت تورۇسقا قاراپ ياتاتتى.

مەن ياتاقتا كىرىپ ئۇنىڭدىن قىسقىغىنە هال - ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، كارۋاتقا تاقاپ قويۇلغان يېشىل سىرلىق تومپۇچكا ئۈستىدىكى گۈللۈك چايدانغا قول ئۇزاتتىم. ئەپسۇسكى، چايداندا چاي دىدارى كورۇنمەيتتى.

— هەي بۇ ئىشنى قاراڭ! تەلىيىڭىزگە چايمۇ تۈگەپ قاپتىكەن - دە، — دېدى ھېلىقى يىگىت مەيۈسلەنگەن قىياپەتتە مەن تەرەپكە بېشىنى بۇراپ، — بۇ ياقتا مەندىن باشقا ھېچكىم يوق، شۇڭا چايمۇ تۈگەپ قالغان بولسا كېرەك.

— خىجىل بولماڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ كوڭلىگە يارىشا چايداننى قويۇۋېتىپ، — كەچقۇرۇن چاي قاينىغاندا ئۆزەم ئالغاچ كىرىمەن.

— رەھمەت سىزگە.

مەن كېيىمنى تۈگىتىپ ئەمدىلا ئارقامغا يېنىشىمغا، ئۇ بىردىنلا بېشىنى كوتىرىپ:

— سىڭلىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سوراپ قالدى، مەنمۇ ئۇنىڭ بۇ ھىممىتىگە يارىشا يېڭىۋاشتىن ئۇ ياتقان كارۋاتنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— ھازىرچە خېلى ياخشى، لېكىن كوپرەك ياتسۇن دېسەك قولىمىز قىسقا كەپ قالدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا چىقىپ كەتسەكمىكىن دەۋاتىمىز، — دەپ جاۋاپ بەردىم.

— قولىمىز قىسقا كەپقالدى دەڭ، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا سوزۇمنى تەكرارلاپ، — ئەگەر پۇل بىلەنلا ياخشىلىنىپ كېتىدىغان ئىش بولسا، ئۇزۇنراق ياتقىنى ياخشى. چۈنكى، پۇل دىگەن ھامان تېپىلىدىغان نەرسىغۇ، لېكىن ئادەمنىڭ تېپىلمىغى تەس.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ نېمە ئۈچۈندۇ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى - دە، قانسىز لەۋلىرى خۇددى كۆز شامىلى توسقان ياپراقتەك تىترەپ بىر ھازا ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. مەن بېشىمنى كۆتىرىپ قايتا ئۇنىڭغا سەپسالغىنىمدا، پۈتۈن كېسەل-لىك ئازابى گويا ئۇنىڭ ياداڭغۇلۇقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىگە يىغىلىپ قالغاندەك. كۆز چانىقىدىن دو-ملاپ چۈشكەن بىر تامچە ياش ئاستا مەڭزىنى بويلاپ ياستۇققا ئېقىپ چۈشتى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل كۆڭۈل يېرىمچىلىقىغا بىر-ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن بولسىمۇ تەسەللى بېرىپ، ياتاقتىن چى-قىش ئۈچۈن دەرھال ئورنۇمدىن قوزغالدىم. بىراق ئىشىك تۈۋى-گە بارا - بارمايلا ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ مېڭىشتىن توختاتتى.

— ئېيتىڭا، سىڭلىڭىز ئۈچۈن يەنە قانچىلىك پۇل لازىم بولىدىكەن؟

— 100 يۈەن.

— ئۇنداقتا، قانچە لازىم بولسا مەن بېرىپ تۇراي، — دېدى ئۇ، جاۋابىمنى كۈتمەيلا، ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويغان بىر توپ پۇلنى قولىغا ئېلىپ، — مانا بۇنى ئېلىڭ، مەن بۈگۈن نېمە ئۈچۈن بۇ ياتاقتا يالغۇز غېرىپسىنىپ ياتىمەن، مانا شۇ پۇل ئۈچۈن بولمىدىمۇ؟ پۇلۇم بار دېگەندىمۇ يولدا خەجلەپ كۆڭلۈڭ تارتقان نەرسەڭنى ئېلىپ يېيەلمىسەڭ ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ ھۆ-كۈمەت ياخشىمىغۇ بۇ ئاق خالاتلىق قىزلارنى ماڭا ھەمرا قىلغان ئىكەن، بولمىسا قانداق قىلاتتىمكىن - تاڭ؟!

مەن ئۇنىڭ بىردە غەزەپتىن بوغۇلۇپ، بىردە چوڭقۇر ئې-چىنىش ئىچىدە تىترەپ چىققان مەيۈس ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرەك

باغرىم «شۇررىدە» ئېرىپ كەتكەندەك بولدى - دە، خېلىدىن بې-
رى كوڭلۇمگە پۈكۈپ قويغان، لېكىن ئالدىراپ سوراشقا جۈرئەت
قىلالمايۋاتقان بىر سوئالنى ئازىمدىن چىقىرىۋەتتىم:

— قارايدىغان ئادىمىڭىز يوقمۇ؟

— شۇنداق،— دىدى ئۇ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ،— ھازىرچە
ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىمىم يوق. بۇنىڭ مۇنداق بولۇشىغىمۇ ئۆزۈم
سەۋەپچى بولغان،— ئۇ سوزلەپ شۇ يەرگە كەلگەنىدە، داكا بى-
لەن ئورالغان پۇتىنىڭ ھەدىرلىشىدىن كېيىنكى ئاغرىق ئازاۋىدىن
قاتتىق بىر تولغاندى - دە، يۈز - كوزلىرىنى غەلىتە پۈرۈشتۈ-
رۈپ بىر پەس جىمىپ كەتتى،— ھەممە ئەيىپ ئۆزەمدە، ئەقىل-
سىزلىق قىلمىغان بولسام، مۇنداق يالغۇزچىلىقتا، ھەسرەت - نادا-
مەتتە قالمىغان بولاتتىم...

مەن ئۇنىڭ بۇ سوزلىرىدىن ئۇنىڭ ھازىرقىدەك كېسەل بولۇپ
يالغۇز يېتىشىنىڭ ئالدىقاندىقتۇ ماڭا مەلۇم بولمىغان بىر سىرلىق
ھايات سەرگۈزەشتىسى بىلەن مەھكەم باغلانغانلىقىنى سېزىپ يې-
تىپ، ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى تەپسىلىرەك بىلىپ بېقىش نىيىتى-
دە كوچىلاپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— قارىغاندا بېشىڭىزدىن ئوتكەن ئىشلارمۇ ئاز ئەمەستەك
تۇرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خالىسىڭىز باشتىن - ئاياق سوزلەپ بېرەي،
لېكىن تاشقىرىدا سوز - چوچەك قىلىپ يۈرمەڭ،— دىدى ئۇ سو-
ئالىمغا جاۋاپ بېرىپ.

مەن ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە، ئۆزەمدىن باشقا ھېچكىمگە
تىنماسلىققا ۋەدە بېرىپ، 2 مىنوت ئارىلىقىدا سىگىلىمغا دورا ئىچ-
كۈزۈپ قويۇپ، ياتاققا قايتىپ كىردىم ۋە يېڭىۋاشتىن ئۇنىڭ كار-

ۋىتىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ، يېنىدىكى بىر تال ئاغرىق پەسەيتكۈچى دورىنى چاققانلىق بىلەن ئاغزىغا سالدى. كەينىدىن مەن ئېلىپ كەلگەن بىر پىيالە چاينى ئوتلىۋېتىپ سۆزىنى باشلىدى:

— مەن بۇندىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى بۇ چوڭ شەھەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆز يۇرتۇم گۈل چىمەندىن ناھىيە بازىرىغىمۇ بېرىپ باقمىغان ئاددى بىر دېخان بالىسى ئىدىم. ھېلىقى ئون يىللىق «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە دادام رەھمتى ئالەمدىن ئۆتتى، ئارقىدىن ئاناممۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. بۇنىڭغا بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ئېغىر - يەڭگىل ئىشلىرى ئۈكام قادىرجان بىلەن ئىككىمىزگە قېلىپ قالدى. ئۇ چاغدا بىز ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلمەستە ئىشقا چىقىپ، كەچ قايتىپ، دۈيدە شۇنچە كۆچەپ ئىشلىسەكمۇ يىل ئاخىرىدا يەنىلا قولىمىزغا دارامەت تەگمەي، ئەكسىچە قەرز چىقاتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتمەي، ئاناممۇ ئالەمدىن ئۆتتى. بىز ئاكا - ئۇكا ئىككەيلەن خۇددى قانىتىدىن ئايرىلغان قۇشتەك ئىگە - چاقىسىز، بىر كۈن ئاچ، بىر كۈن توق كۈن كەچۈرۈشكە باشلىدۇق. ئىشتىن يېنىپ تاماق ئېتىش، تاماقتىن كېيىن كىر - قات يۇيۇشنىڭ بىز ئەرلەر ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزىڭىز ئوبدان چۈشەنىسىز. مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇنلىقى تام خوشنىمىز قاسىم ئاكامنىڭ 17 - 18 ياشلارغا كىرگەن قىزى ئايشەگۈل توساتتىنلا ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى ۋە بىزدىن ھال - ئەھۋال سوراپ «ئەركىنجان ئاكا، مەرىيەم ئاچا كوز يۇمغاندىن كېيىن، ئۆيدىكى بارلىق ئېغىر - يەڭگىل ئىشلار سىزگىلا يۈكلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قادىرجان ئۈكام تېخى كىچىك، دادام بىلەن ئانام بۇگۈن سىلەرنىڭ غېمىڭلارنى يەپ: «قىزىم، ئۇلارنىڭ نان - پان-

لىرىنى بولسىمۇ يېقىپ بېرىشكە ياردەملەشكىن، خوشنا دېگەن مۇ-
شۇنداق كۈنلەردە ئەسقاتمىسا، نېمىسىنى ئارزۇلايدۇ» دەپ سىزنىڭ
قېشىڭىزغا كىرگۈزگەن ئىدى. ئىشلىرىڭىز بولسا قارىشىپ بەرسەم
قانداق؟» دېدى. مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قىزلارغا خاس ئۇياتچان
تارتىنچاق ۋە لېكىن چىن قەلبىدىن سەممىيلىك، مېھرىۋانلىق
چىقىپ تۇرغان قاپ - قارا كۆزلىرىگە قاراپ، نېمە دەپ جاۋاپ بېرى-
شىمنى بىلەلمەيلا تۇرۇپ قالدىم. ئۇمۇ جاۋابىمنى كۈتمەيلا ھويلى-
دا تۇرغان سۈپۈرگىنى قولىغا ئېلىپ خېلىدىن بېرى تازىلانمىغان
ھويلا - ئارام، ئۆي ئىچىنى بىردەمدىلا چىننىدەك قىلىۋەتتى،
ئاندىن تاماق ئېتىپ بەردى. ئاشتىن كېيىن بىر ئۇچاق نان
يېقىپ بېرىپ، بىزنىڭ «ئايشەمگۈل، تاماق يەپ چىقىڭ» دېگىنى-
مىزگىمۇ قارىماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن، ئۇ
پات - پات ئۆيىمىزگە كىرىپ قولىدىن كېلىشىچە بىزگە يار - يۆلەك
بولىدىغان ھەتتا مەن ئۆيدە يوق بەزى كۈنلىرىمۇ ئۇكام قادىر-
جاندىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى سوكۇپ ئۇڭلاپ،
كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى يۇيۇپ قويىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئىنىم قادىرجان ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ
يېتىپ قالدى، گۈڭشې دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردىم، كىم بىلسۇن،
«ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك دوختۇرخانىدىن يېنىشىمىزغا
قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ ئۈستى - بېشىمىزنى چىلىق - چىلىق
سۇ قىلىۋەتتى، بىر تەرەپتىن قوساقنىڭ ئاچلىقى، يەنە بىر تە-
رەپتىن كۈز يامغۇرىنىڭ جاندىن ئۆتەر ئاچچىق - سوغىقى قوشۇ-
لۇپ، چىشلىرىمىز بىر - بىرىگە كىرىشىپ، تەنلىرىمىز جاقىلداپ تىتى-
رەپ كەتتى. بىز ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى.
مەن ئالدىراپ - تېنەپ ئۇچاققا ئوت يېقىشقا تۇتۇش قىلدىم،

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا، يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان، بېشىغا گەرس ياغلىق چىگكەن ئايشەمگۈل بىر تاماق كورىسىنى كوتەرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەن چوڭقۇر ھاياجان ئىلكىدە دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— ئايشەمگۈل، سىزنىمانچە ئاۋارە بولىدىغانسىز. ھەممۇ كوپ جاپا چەكتىڭىز، — دېگەن بىر ئېغىز سوزنىلا ئاغزىمدىن چىقىرالىدىم.

— ئاۋارە بولغىدەك نېمىسى بار، — دېدى ئۇ قولىدىكى ئاشنى قاچىلارغا ئۇسۇۋېتىپ، — مەن سىزنىڭ دوختۇرخانىغا كەتكىنىڭىزنى ھېلىلا بىلدىم، بۇرۇنراق بىلگەن بولسام باشقىچىرەك بىر نەرسە ئېتىپ تۇرىدىكەنمەن، سۇيۇق ئاش بولسىمۇ ئىچىپ بېقىڭلار.

— رەھمەت سىزگە ئايشەمگۈل، — دېدىم مەن بۇندىن باشقا ياخشىراق بىرەر سوز تاپالماي، — بۇ قىلغىنىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

سوھبەتدىشىم دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىردىن قاتتىق ئۇھ تارتتى - دە، كارۋاتتىن چۈشۈپ كەتكىدەك بىرخىل كۈچ بىلەن تولغىنىپ دەرىزە تەرەپكە تارتىۋالدى ۋە بىر مىنۇتچە جىملىقتىن كېيىن، تېزدىنلا بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى سوزلەۋېرىپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويماي يەنە، — دەپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن:

— نەدىكىنى، سوزلەۋېرىڭ، زېرىكمەيمەن، — دەپ جاۋاپ بەردىم.

ئۇ سوزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرىمىزدىكى بۇ سەمىمى ياردەم، چوڭقۇر مېھرىۋانلىق ۋە ئوز ئارا چۈشىنىش بىزنى تەبىئى ھالدا

مۇھەببەتنىڭ يېشۇرۇن، نازۇك يىپلىرى بىلەن مەھكەم باغلاپ، ياشلىق ھايات گۈلزارىمىزدا تۇنجى بەخت گۈلىنى ئېچىلدۇردى.

كۆپ ئۆتمەي قاسىم ئاكام ۋە بەختى ئاچاملارنىڭ ئىختىيارلىقى ۋە ھەر جەھەتتىن يار-يۆلەك بولۇشى بىلەن ئاددىي-ساددىلا توي قىلىپ بېشىمنى ئوڭشىۋالدىم. ئۆيىمىزنىڭ بۇ چاغدىكى تۇرمۇش ئەھۋالى ئاۋالقىدىن ئانچە چوڭ پەرقلەنمىسىمۇ، لېكىن تويدىن كېيىنكى ئايشەمگۈلنىڭ ماڭا بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتى، ئائىلە باشقۇرۇشتىكى ئىشچان، چىۋەر، زېرەكلىكى بۇ نامرات ئائىلىمىزگە بەخت ۋە خۇشاللىق بېغىشلىدى. ئارىدىن بىر يىلغا يېتەر-يەتمەي بىر بالىلىقمۇ بولۇپ قالدىم. ئىنىم قادىرجانمۇ ئۈرۈمچىدىكى بىر مەكتەپكە ئوقۇشقا كەتتى.

1977-يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى. بىر كۈنى ئىشتىن يېنىپ ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشۇمغا، مەھەللىمىزدىكى ھاشىمجان ئىسىملىك كونا ساۋاقدىشىم كىرىپ كەلدى. ئۇ سۆھبەت ئارىلىقىدا ئۇيان-بۇيان گەپ ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا ئانچە-مۇنچە سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تۇرمۇشتا خېلى ھاللىنىپ قالغانلىقىنى، بولغاندا مېنىڭمۇ ئازراق دەسمى سېلىپ ئۆز تەلىيىمنى سىناپ بېقىشىمنىڭ لازىملىقىنى دەۋەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ دەسلەپتە ئىككىلەندىم، ئارقىدىن ھاشىمجان ئاز-تولا پۇل بېرىپ تۇرۇشنى ۋەدە قىلغاندىن كېيىن «قېنى، تەۋەككۈل ئۆز تەلىيىمنى سىناپ باقايمۇ» دېگەن نىيەتكە كەلدىم. يولدىشىم ئايشەمگۈلمۇ كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەندەك: «بوپتۇ ئەركىن، بۇ ئويىڭىزمۇ ياخشى بوپتۇ. كونىلاردا «مىدىرلىغان تاغ ئاشار، تاغ كەينىدە باغ ياسار» دېگەن بىر ماقال بار، ناۋادا تەلىيىمىز ئوڭ-

دىن كېلىپ، تۇرمۇشىمىز ئازراق ياخشىلىنىپ قالسىمۇ ئەجەپ ئە-
مەس. سىز ئۆيىنىڭ باشقا ئىشلىرىنى ماڭا قويۇپ بېرىپ، ھاشىم-
جان بىلەن خاتىرجەم مېڭىۋېرىڭ» دەپ بۇ ئىشىمنى قىزغىن قول-
لىدى. ئەتىسى يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇ، قىزىم سادىقەتنى باغرى-
غا مەھكەم باسقان ھالدا، ئۆزىدىگە ئاتاپ ئالغان بىردىن-بىر
تويلۇق سوۋغام — ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىنى قۇلىغىدىن ئې-
لىپ: «ئەركىن، مانا بۇنى ئېلىۋېلىڭ، لازىم بولسا، سېتىپ
خەجى-خىراجەت قىلارسىز» دەپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى.
تۇنجى قېتىملىق سەپىرىمدە راستىنلا ئىش ئوڭدىن كەلدى.
شەھەرگە ئېلىپ بارغان 5 تاغار كۆلە-قاق ۋە قۇرۇق ئۈزۈم
ئەسلى سېتىۋالغان باھادىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك پۇلغا يارىپ،
قايتىشىمدا يېزىلاردا يوق بىر تۈركۈم سانائەت ماتېرىياللىرىنى
ئېلىپ قايتتىم. يېزا بازىرىدىكى تىجارىتىممۇ خېلى ياخشى بولدى.
شۇنداق قىلىپ كۆپ ئۆتمەي شەھەردىن يېزىغا، يېزىدىن شەھەر-
گە قاتناپ يۈرۈپ، خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن تىجارەتچىلەردىن
بولۇپ قالدىم. يېنىمدىكى پۇلمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ يۈرىكىم
يوغىنىدى. كېيىنكى يىلى شەھەر ئىچىدىن چاققانغىنا بىر يۈرۈش
ئۆي سېتىۋالدىم، ئاۋات كوچىلاردىن بىرسىگە دۇكان ئېچىپ،
ئۆيگىمۇ كۆپ بارمايدىغان بولۇپ قالدىم. كېيىنچە ئۆزەمگە ئوخشاش
باشقا تىجارەتچىلەر بىلەن تەڭ رىقابەتلىشىپ، شاڭخەي، بېيجىڭ،
گۇاڭجۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ، بىمالال مال ئېلىپ
كېلەلەيدىغان، پۇلنى پۇلغا ئۇرۇپ خەجلەيدىغان داڭلىق «شياڭگاڭچى»
لار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىم. پۇلنىڭ كۈچى بىلەن يۈز ئابرو-
يۇم يۇقۇرى كۆتىرىلىپ، ھۆرمىتىم ئاشتى. تونۇش-بىلىش دوست-
يار-ئاغىنىلەر كۆپەيدى. ھەتتا ئۇلپەتداشلىرىم بىلەن ئولتۇرغان

سورۇنلاردا بىرەر يۈزيۈەنىنىڭ كۆزىگە قارىمايلا خەجلەپ چىقىپ كېتىدىغان ھالغا يەتتىم.

بىراق، پۇل كۆپەيگەندىن كېيىن، سېنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىڭدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدىكەن. بارا-بارا ئۆزەم تۇرغان بۇ شەھەردىكى نازىنىن قىز-چوكانلارنى كۆرۈپ كۆزۈم قىزاردى. ئاي-ئايلاپ ئۆيگە بارمايدىغان، بارسامۇ بىر-ئىككى كۈن تۇرۇپ قايتىپ كېتىدىغان بولدۇم. ئايالىم بۇ ئىشتىن قاتتىق نارازى بولدى. بىر-ئىككى قېتىم جېدەللىشىپمۇ قالدۇق. بىر قېتىم شاڭخەيگە كېتىپ، يېرىم يىلدەك تۇرۇپ قالدىم. ئۆيگە بىرەر پارچە خەت ياكى پۇلمۇ ئەۋەتمىدىم. لېكىن ئايالىم ئىككى قېتىم خەت يېزىپ، ھازىر يېزىلاردا يېڭى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنى، ئائىلىمىزگىمۇ 10 مو مەسئۇلىيەت يېرى تەقسىم قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا قىينىلىپ قالغانلىقىنى، بولغاندا مېنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىپ، ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەلەپ قىلدى. مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنىڭغىمۇ پىسەنت قىلمىدىم، ئەكسىچە «يېزىغا بېرىپ يەر تېرىپ نېمە كەپتىكەن، ئۇنىڭسىزمۇ جان باقالايمەنغۇ» دەپ ئويلىدىم ۋە يامىنى كەلسە ئۇنىڭ خېتىنى بېرىپ، ئۆزەم خالىغان شەھەر قىزلىرىدىن بىرنى تاللاپ، توي قىلىشۋېلىش قارارىغا كەلدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ مەقسىدىممۇ ئەمەلگە ئاشتى: شۇ قېتىم شاڭخەيدىن كېلىپ ئۇدۇل ئۆيگە باردىم-دە، قەستەن ئۇنىڭ خېتىنى بېرىۋېتىش نىيىتىدە، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەمنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرالمايدىغانلىقىمنى، ئۆي ئىچى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا بولسا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭلا مەسئۇل بولۇش كېرەكلىكىنى، ئەگەر بۇنىڭغا قوشۇلمىسا خېتىنى بېرىۋېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ بۇ گەپلىرىمنى

ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى ۋە شۇ ھامان كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز يېشىنى توختىتالماي، قىزىم ساداقەتنى كۆتەرگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن قاسىم ئاكاملا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ «بولۇپتۇ، ئەركىنجان ئەمدى كوزىگە ياغ تولۇپ، قىزىمىزدىن چانىغان بولسا، خېتىنى بەرسىمۇ مەيلى» دەپ ئادەم كىرگۈزدى. مەن ئىشنىڭ مۇنداق تېز بىر تەرەپ بولۇشىدىن خۇشال بولۇپ كەتمىسەممۇ، لېكىن ئۆيگە كېلىشتىن بۇرۇن داخىيەندە تونۇشۇپ قالغان بىر ياش چوكانغا بەرگەن ۋەدەمنىڭ راستىن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قالدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى راستىنلا ئۇنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئېلىپ بېرىپ، قىزىم ساداقەتنى ئۇنىڭغا بېرىدىغان، بالىنىڭ سۈت ھەققى ئۈچۈن ھەر ئايدا مەلۇم ساندا پۇل تۆلەيدىغان بولۇپ خېتىنى بېرىۋەتتىم. شۇ كۈنى ئۇ يولدا قايتىپ كەلگىچە ماڭا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. لېكىن، ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگەندىلا، چوڭقۇر ئېچىنىش ۋە ھەسرەت بىلەن ماڭا قاراپ: «خەير-خوش ئەركىن! مەن سىزنى ئىلگىرى مۇنچىلا ئۆزگىرىپ كېتەر، دەپ زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئەمدى سىز يالغۇز مېنىلا ئەمەس، نارەسىدە قىزىڭىز ساداقەتنىمۇ مەڭگۇ بەختسىز قىلدىڭىز، مەيلى بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ شورى، لېكىن سىز ساداقەتنى ھەرگىز ئەستىن چىقارماڭ» دېدى-دە، قىستاپ كېلىۋالغان كۆز يېشىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ — سورىدىم مەن، ئىشنىڭ ئاخىرىنى بىلىشكە قىزىقىپ.

— ياق، — دېدى ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، — پەقەت بىر قېتىملا

يىراقتىن چالا ـ پۇلا كوردۇم. بۇ ــ 3 يىل بۇرۇنقى ياز ئايلىرى۔
نىڭ بىرى ئىدى. مەن ئاكاتسىيە دەرەخلىرى قويۇق سايە تاش۔
لاپ تۇرغان دۇكىنىمدا، كېيىنكى ئايالىم شاراپەت بىلەن مال سې۔
تىپ ئولتۇراتتىم. شۇ ئەسنادا 4 ــ 5 ياشلار چامىسىدىكى بىر
قىزچاقنى يېتىلىگەن سەھرا سۇپەت بىر ئايال، ئاسماندىن چۈشكەن۔
دەكلا دۇكاندىن 7 ــ 8 مېتىر يىراقتىكى كوچا ئاغزىغا كېلىپ
توختىدى. ئارقىدىن قولى بىلەن ھەلقى قىزچاقىنى مېنى كورسىتىپ،
قانداقتۇ بىرنىمىلەرنى دېدى. مەن بۇ ئىشتىن دەرھال بىر نەر۔
سىنى سېزىپ يەتتىم ـ دە، يۇرىكىم «قاتتىدە» قىلىپ ئۇزلۇكىمدىن
ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم، ئاندىن ھەش ـ پەش دىگىچە ئورنۇمدىن
قوزغىلىپ، دۇكاننى ئايالىمغا تاشلاپ قويۇپلا، يېنىمدىكى چايخانىغا
كىرىپ ئوزەمنى دالدىغا ئالدىم. يىراق چايخانا ئىشىگىدىن كىرى۔
ۋاتقان چېغىمدا ماڭا 2 ـ 3 قەدەملا يېقىنلاپ قالغان بۇ قىز۔
نىڭ «دادا! دادا!» دەپ ۋاقىرىغان يېقىملىق، زىل ئاۋازى خېلى
ئۇزۇنغىچە كىشىلەر توپى ئارىسىدا جاۋاپسىز تىترەپ، يۇرەك ـ باغ۔
رىمنى قاتتىق ئېزىۋەتتى. بۇ ئەسلىدە، ئوز قىزىم ساداقەت ئىدى.
مەن بۇ چاغ ئۇنىڭ بىلەن كورۇشكىنىمدە، چۇقۇم ئايالىم شارا۔
پەت بىلەن ئوتتۇرىمىزدا چوڭ جەنگى ـ جىدەلنىڭ چىقىشى تۇرغان۔
لا گەپ ئىدى. چۈنكى مەن توي قىلغاندىن بېرى ئۇنىڭدىن بالى۔
نى تۇگۇل، ئىلگىرى قىلغان توينىمۇ يوشۇرۇپ كەلگەن ئىدىم.
چايخانىدا يېرىم سائەتتىن كوپرەك ئولتۇرۇپ دۇكانغا قايتسام،
ئايالىم بىر ئەپلەك دۇكاندا ئولتۇرۇپ مال سېتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ
سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىكى چاققانلىقى ۋە پۇختىلىغى يالغۇز مېنى۔
لا ئەمەس، ھەتتا باشقا كەسپداشلىرىمنىمۇ قايىل قىلاتتى. ئۇ
يېنىغا كەلگەن ھەر قانداق پىششىق خېرىدارنىڭمۇ ھەر باپ بىلەن

پۇلنى سۇغۇرۇۋېلىشقا ئۇستا ئىدى. توي قىلغىنىمىزغا ئىككى يىل-
دىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئارىمىزدا پەرزەنت يوق، پەقەت پۇل
تېپىش كويىغىلا كىرىپ كەتتۇق. ئارىدىن يەنە بىر قانچە يىل
ئۆتۈپ كەتتى. ئاڭلىسام قىزىم ساداقەت چوڭ بولۇپ مەكتەپكە
كىرىپتۇ. ئۇ ھەتتا ئۇز قولى بىلەن ماڭا 2 ـ 3 پارچە خەتمۇ
يازدى. دەسلەپكى خەتلىرىدە ئۇ ئانىسى بىلەن تۇرمۇشتا خېلىلا
قىينىلىپ قالغانلىقىنى، مۇمكىن بولسا، بىرەر قېتىم مېنىڭ بېرىپ
يوقلاپ كېلىشىمنى تەلەپ قىپتۇ. مېنىڭ ئۇ چاغلاردا كورۇپ كې-
لىشكە نە كوزۇم بولسۇن، پەقەت 20 ــ 30 يۇەنلا پۇل ئەۋەتىپ
قويۇپ بولدى قىلدىم. كېيىنچە يازغان خەتلىرىگىمۇ جاۋاپ ياز-
مايدىغان، ھەتتا پۇل ـ پىچەكمۇ ئەۋەتمەيدىغان بولۇپ كەتتىم...

ــ ئۇنداقتا، ــ دېدىم مەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇ-
زۇپ، ــ خېلى كوپ كېسەل تارتىپسىز، بۇ يەرگە كىرگىنىڭىزگە قانچە
ۋاقىت بولدى؟

ئۇ ئۇزۇن سوزلەپ بىر ئاز ھارغىنلىق ھىس قىلدى بول-
غاي، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ سوزىنى داۋاملاش-
تۇردى.

ــ دوختۇرخانىغا كىرگىنىمگە 3 ئايدىن ئاشتى. دەسلەپكى
كۈنلەردە سۇنغان پۇتۇم شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كەتتىكى، خۇددى
تاپىنىمدىن 7 باشلىق يالماۋۇز يىڭنە بىلەن تېشىپ قېنىمنى شو-
راپ ئىچىۋاتقاندەك، سوڭەك ـ سوڭەكلىرىم زىڭىلداپ مىدىرلاشقىمۇ
ئىمكان بەرمىدى. بۇ چاغدا كېيىنكى ئايالىم يېنىمدا ئولتۇرۇپ
تاماق ۋە باشقا ئىشلىرىمدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. بىراق، پۇتۇم-
نىڭ تىز سوڭىكى قاتتىق زەخمىلىنىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن سېسىپ
كەتكەچكە ئاخىرى داۋالاش ئۇنۇم بەرمەي، تىزىمدىن كېسىپ

تاشلاندى. «دەرت كەلسە قوش كەپتۇ» دەپ بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئازاۋىنى تارتالمايۋاتسام، پۈتۈم كېسىلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ھەلىقى ئاپاسىم شاراپەتمۇ بىر كېچىدىلا سۇغا چۈشكەن تاشتەك كۆزدىن غايىپ بولدى. خوشنىلاردىن ئاڭلىسام پۈتۈم كېسىلگەن شۇ ئاخشىمى ئۇ ئۆيدىكى بارلىق مال-مۈلۈك ۋە نەق پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭدىن كەلگەن ۋاپا ئەنە شۇ. مەن ھازىر ئۇنى ئويلىسام ئۆز-ئۆزەمگە نەپرەتلىنىمەن.

شۇ پەيتتە كاللامدا چېكىش بىر سوئال پەيدا بولدى-دە، ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپلا سورىدىم.

— ئەدلىيە ئورۇنلىرىغا خەۋەر قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ياق. خەۋەر قىلمىدىم. چۈنكى مەن توي قىلغاندا قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتمەيلا ئۆزەمگە نىكا قىلدۇرۇۋالغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى ئۇنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنىمۇ بىلمەيمەن.

— پۇتىڭىز قانداق بولۇپ زەخىملەنگەن؟

— توختاڭ، بۇنىمۇ سۆزلەپ بېرەي، — دىدى ئۇ دەرھال جاۋاپ بېرىپ، — بۇ يىل 1-ئاينىڭ قاتتىق سوغاق كېچىلىرىنىڭ بىرى، مەن بىلەن بىر كەسىپتىكى ئاغىنىلەردىن بىرسى ئۇشتۇمتۇت ئىشىگىمنى قېقىپ، شاڭخەيدىن ئېلىپ كەلگەن بىر تۈركۈم ماللارنى ئۆز ئۆيىدىن يوتكەپ ئەكىلىۋېلىشىمنى ئېيتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ موتىسىكىلىتىنى ئوت ئالدۇردۇم-دە، ھېلىقى ئاغىنىنى كەينىمگە ئولتۇرغۇزۇپ دەرھال يولغا چىقتىم، بۇ چاغ پۈتۈن شەھەر جىمجىت ئۇيقۇغا چۆمگەن بولۇپ، كۈمۈش رەڭ تۇمان بىلەن قاپلانغان بىپايان كەڭ ئاسماندا ئاندا-ساندا كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار غۇۋا چىمىرلاپ تۇراتتى. تۇنۇگۈن كەچكىچە ياققان قېلىن قار، ماشىنىلار-

ىنىڭ ئۆزمەي ئوتتۇشىدىن كوچىلاردا ئەينەكتەك مۇز قاتلىمى ھاسىل قىلغان ئىدى. مەن موتسىكلىتنى چوڭ يولدا بولۇشىغا قويۇۋېتىپ، 5 مىنۇتتىن كېيىن بىز كىرىدىغان كىچىك بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، رولىنى تېزدىنلا سولغا بۇرىدىم، بىراق تېز كېتىۋاتقان موتسىكلىت بەختىمگە قارشى مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ كېتىپ يەرگە يىقىلدىم، ھېلىقى ئاغىنەم موتسىكلىتنى ئۈستۈمدىن ئېلىپ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندا سول پۇتۇم گويا ھاۋادا ئېسىلىپ مېنىڭ ئىختىيارىمدا ئەمەس ئىدى، ئاخىرى دوختۇرخانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم...

ئۇ سۆزىنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، ئۇزۇندىن بېرى قەلبىنى ئازابلاپ كېتىۋاتقان بارلىق دەرت - ئەلەم ۋە ھەسرەت، ئېچىنىشلىرى گويا مۇشۇ ھېكايىسى بىلەن تەڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكەندەك چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى - دە، ئۈن - تىنسىزلا جىمىپ كەتتى. مەن ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشىدىكى ياستۇقىنى ئېگىزرەك يۆلەپ قويۇپ ئۆز ياتىقىمغا قايتىپ كىردىم.

× × ×

ھايات بىر ئادەم ئۈچۈن، ھېچقانداق ئىگە - چاقىسىز، كۈنلەپ، ئايلاپ قوزغىلالماي كارۋاتتا يېتىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپ - ياشلا تۇرۇپ تەڭ كېرەكلىك بولغان بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قېلىش — كىشىلىك ھاياتتا نېمە دېگەن ئېغىر ئىش - ھە؟! ئۇنىڭ كېسىلگەن پۇتى ئەمدى مەڭگۈ ئەسلىگە كەلمەيدۇ، ئەسلىگە كەلگەندىمۇ قولتۇق تايىقىغا ياكى سۈنئىي پۇتقا تايىنىپ ماڭالىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇ بۇ ھالغا كەلگىچە قانچە ئاي، قانچە كۈنلەر-

نى مۇشۇنداق قىينچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزەركىن؟

مەن ياتاقتا قايتىپ كىرىپمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە مۇشۇلارنى ئويلىدىم ۋە قولۇمدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىم كەلدى...

قىش ئۆتۈپ كەتتى. كۈن ئاستا ــ ئاستا ئىسسىپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيقۇدا ياتقان يەر ــ زېمىنمۇ ياشقىچە جانلىنىپ قالدى. ئېتىز ــ ئېرىق بويلىرىدىكى تال ــ تېرەكلەر كەينى ــ كەينىدىن بىخ سۈرۈپ، باش باھاردىن دېرەك بەردى. دىمەك، تەبىئەت ئۆزگەرمەكتە، ھاياتمۇ ئۆزگەرمەكتە ئىدى.

مېنىڭ پۈتكۈل ئوي ــ پىكرىم يەنىلا ئەركىندە ئىدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن خوشنا ياتاقتىكى كېسەل بېقىۋاتقان بىر ئايال بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن كۈتمىگەندە ئايشەمگۈلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ئايال ئەسلىدە ئەركىن بىلەن بىر يۇرتلۇق بولۇپ، دوختۇرخانىدىكى بىر تۇققىنىنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭدىن ئايشەمگۈلنىڭ ھازىرمۇ تۇرمۇشلۇق بولالماي، قىزى سادافەتنى بېقىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم ــ دە، دەرھال ئادرېسىنى يېزىۋېلىپ، ياتاقتا چىققاندىن كېيىن، ئايشەمگۈلگە تەۋەككۈل قىلىپ تۆۋەندىكىچە بىر پارچە خەتنى يازدىم:

«ھورمەتلىك ئايشەمگۈل:

سىزگە ۋە سىز ئارقىلىق قاسىمكام، زوراچام، ئوماق قىزىم سادافەتكە سالام! مەن سىلەرنىڭ تېنىچلەرگە سالامەتلىك، تۇرمۇشۇڭلارغا خۇشاللىق تىلەش بىلەن چەكسىز ئۈمىت ۋە ئىشەنچ بىلەن تولغان بۇ خېتىمنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. دوختۇرخانىدىكى مۇساپىرلىق، تەقدىرداشلىق سۆيۈپتىم بىلەن سىزگە شۇنى يازىمەن

كى، شۇ كۈنلەردە بىر پۈتى تامامەن تىزىدىن كېسىلىپ تاشلانغان قەدىناس يولدىشىڭىز ئەركىن بىز بىلەن بىر دوختۇرخانىدا دا ۋالىنىپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ هازىرقى يالغۇزلىغى ۋە ھەسرەت - ئە- لەممىدىن قاتتىق ئېچىنىمەن. مەن سىزنىڭ يەنىلا ئۆتكەنكى ئىش- لارنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ تاشلاپ، مۇھەببەتكە سادىق ئالىجاناپ خىسلىتىڭىزنى ئىپادىلەپ، سويۇملۇك قىزىڭىز ساداقەتىنى بىرگە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى بىر نوۋەت يوقلاپ كېتىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن!

هورمەت بىلەن: سىزگە ناتونۇش بولغان ئەنۋەر
«فېۋرال - 15 يىل - 1984»

مەن خەتنى يېزىپ پوچتىدىن سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزەمنى گويا ئېغىر بىر يۈكتىن خالى بولغاندەك هىس قىلدىم ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئانچە - مۇنچە ئەركىننىڭ ياتىغىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بى- لەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغان، چاي - پاي ئېلىپ كىرىپ قو- لۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىپ تۇرىدىغان بولدۇم. سىڭلىم رەيهانمۇ ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن چاي ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن كا- رىدورغا چىقىشىمغا، ياندىكى ئىشىكتىن مەكزىلىرى ئالۇچىدەك قىپ - قىزىل، لەۋلىرى نېپىز، قاڭشالىرى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق 7 - 8 ياشلاردىكى بىر قىزنى يېتىلگەن 26 - 27 ياشلار چامىسىدىكى قارا قاش، زىلۋا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك بىر چوكان ئىشىكتىن ئىڭىرقىغان هالدا كارىدورغا كىرىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى كورۇپ دەرهال ئىككى ھەپتە بۇرۇن ئايشەمگۈلگە يازغان هېلىقى بىر پارچە خېتىم ئېسىمگە كەلدى - دە، «بۇ

شۇلارنىڭ ئۆزى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟» دېگەن بىر خىيال چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن ئۆچۈپ ئۆتتى، مەن قولۇمدىكى چايدانلىقنى باشقا بىرسىگە بېرىپ، بۇ ئىككەيلەننى يىراقتىن كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئانا - بالا ئىككەيلەن ئەركىن ياتقان ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، دوختۇر ئىشخانىسىدىن چىققان بىر سېستىراغا ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن قانداقتۇر بىر نەرسىلەرنى سوراشقا باشلىدى. سېستىرا شۇ ھامان قولى بىلەن ئەركىن ياتقان ياتاقنى كۆرسىتىپ قويۇپ تاشقىرىغا ماڭدى.

مەن ئۇلار ياتاققا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، كىشى قەلبىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدىغان بۇ كۈتمىگەن ئۇچرىشىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن كەينىدىنلا ئۇسۇپ كىرىشنى بىر ئەپ كۆرۈپ، قىيا ئېچىلغان ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇلارغا سەپسېلىپ قارىدىم: ئەركىن كۈتمىگەندە ياتاققا كىرىپ كەلگەن ئايالى بىلەن قىزىنى كۆرۈپ، دەسلەپ بىردىنلا ئېغىر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك، دەرھال ياستۇقتىن بېشىنى كۆتەردى - دە، بىر ھازاغىچە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا ئولتۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. كەينىدىن ھىچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ئەجەپلىنىش ھېسسىياتى بىلەن بىردەم ئايشەمگۈلگە، بىردەم خېلى چوڭ بولۇپ قالغان سادائەتكە قاراپ، پۈتۈننىڭ ئاغرىقىنىمۇ قارىماي كارۋاتتىن يەرگە چۈشۈشكە تەمشەلدى. بۇ چاغ ئۆزىدىن 2 قەدەمچە نېرىدا قاراپ تۇرغان ئايشەمگۈل چاقچانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، مۇرىسىدىن تۇتقان ھالدا تىترىگەن ئاۋازى بىلەن: «بولدى مىدىرلىماڭ، سادائەت قېشىڭىزغا بارسۇن!» دەپ، خېلىدىن بېرى دادىسىدىن ھېتىقاپ تۇرغان سادائەتنى ئەركىننىڭ ئالدىغا يېقىنراق ئېلىپ كەلدى ۋە ئىخ-

تىيارسىز كوزىدىن دومۇلاپ چۈشكەن ياشلىرىنى قول ياغلىقى بە-
لەن سۈرتۈپ يەرگە قارىۋالدى. ساداقەتمۇ ئۆزۈندىن بىرى كو-
رۈپ باقمىغان بۇ «ناتونۇش» ئادەمدىن بىرئاز ياتسىرىدىمۇ ياكى
ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى كىسەللىك ئەھۋالى سەۋەبى قەلبىنى ئەزدىمۇ،
ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپلا «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى. ئەركىنمۇ
يىپىى ئۆزۈلگەن مارجاندەك تاراملاپ توكۇلگەن كوز يىشىنى سول
قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈپ، يەنە بىر قولى بىلەن ساداقەت-
نىڭ ئۇششاق ئورۇلگەن قاپ ـ قارا چاچ ئورۇملىرىنى توختى-
ماي سىلاشقا باشلىدى...

مەن بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى كورۇپ ئىچ ـ ئىچىمىدىن
خوشال بولۇپ ياتاققا قايتتىم ۋە ئەختىيارسىز ئوز ھاياجىنىمنى
بىسىۋالالماي كوزۇمگە ياش ئالدىم.

ئارىدىن بىر قانچە كۇنلەر ئوتۇپ كەتتى. بىر كۇنى
ئاخشىمى ياتىغىمدا كىزىت كورۇپ ئولتۇرغىنىمدا، ئەركىن ئۇشتۇم-
تۇتلا قولتۇق تايىغى بىلەن مىڭىپ قىشىمغا كىرىپ كەلدى. مەن
ئۇنى بۇ ھالەتتە كورۇپ شۇنچىلىك خوشال بولۇپ كەتتىمكى،
ئولتۇرغان كارۋاتتىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ: «ئەركىن يىڭى-
قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، ھەر نىمە بولسا مىڭىپ قاپسىز!»
دەپ ۋاقىرىۋەتتىم. ياتاقتىكى باشقا كىسەللەرمۇ ئۇنىڭ پۇتىنىڭ
ياخشىلىنىپ قالغانلىغىنى قىزغىن تەبرىكلەشتى.

ئەركىن ھەم خوشاللىق، ھەم خىجىللىق ئەكس ئىتىپ
تۇرغان كوزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلدى ـ دە، ئوڭ قولىنى ئاستا
مۆرەمگە قويۇپ:

— رەھمەت ئەنۋەر، سىزنىڭ دوختۇرخانىدا ماڭا بىر
تۇققان قىرىنداشتىنمۇ چارە كوڭۇل بولۇپ، ئوز قىزىم ۋە ئا-

ئىلەم بىلەن قايتا ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان سەممى يارد ىمىڭىزنى ھەرگىز ئەستىن چىقارمايمەن،— دېدى.

مەن ئۇنىڭ يەنە ئارىلاش تىترەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كېيىنكە ئۇلاپلا:

— سىز ماڭا نىمە ئۈچۈن رەھمەت ئېيتاتتىڭىز؟ بۇ بىزنىڭ ئۆز ئارا بىر - بىرىمىزگە قىلىشقا تېگىشلىك ياردىمىمىزغۇ؟— دەپ جاۋاپ بەردىم.

مەن ئەركىننى ئۆز يېنىمدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋېتىپ، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ سەپسالدىم، ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا بۇندىن 2 ئاي بۇرۇن كېسەل كارۋىتىدا ئۇچراتقان، لەۋلىرىدە قان دىدارى يوق، جۇدەڭگۈ، غەمكىن چىراي ئەركىن ئەمەس، بەلكى يۈز - كوزلىرىگە خېلىلا قان يۈگۈرۈپ قالغان، قاپ - قارا بۇرۇتى ئۆزىگە بىر چىرايلىق ياراشقان قاۋۇل، بەستلىك بىر يىگىت كۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ گەپ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ پات ئارىدا دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانلىقىنى، كەتكەندىن كېيىنمۇ ماڭا داۋاملىق خەت يېزىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇنى ئاڭلاپ بىر ئاز ھەيرانلىق ھىس قىلدىم - دە:

— سىز ئەمدى نەگە قايتماقچى؟— دەپ سورىدىم.

— نەگە بولاتتى،— دېدى ئۇ قەتئىي ئىشەنچ بىلەن قولىدىكى تاياقنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ،— ئۆز يۇرتۇم گۈلچەمەنگە. قىزىم سادافەت تۇغۇلغان كونا ئۇيىمىزگە.

مەن ئۇنىڭ بۇ سوزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز مۇھەببىتىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە ھەممىدىن ئايرىلغان؛ ھەتتا جىسمانى جەھەتتىمۇ ئېغىر مەيىپ بولۇپ، يالغۇز ياشاش ئىققىدا.

رىنى يوقاتقان بىر بەختسىز ئەر ئۈچۈن يېڭىۋاشتىن شەپقەت قولىنى سۇنۇپ، كەلگۈسىدىكى ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تەييار تۇرغان ئۇنىڭ ئايالى ئايشەمگۈلگە يەنە بىر قېتىم ئۆز ئىچىمدە چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇدۇم.

شۇ ئەسنادا بىز ئولتۇرغان ياتاق ئىشىكى ئالدىدا ئايشەمگۈل بىلەن ساداقەتمۇ پەيدا بولۇپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ ئەركىننى ئۆزى ياتقان ياتاققا ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلدىم - دە، دەرھال يانچۇقۇمغا قول سېلىپ، ئۇ ئۆتكەندە ماڭا بېرىپ تۇرغان ھېلىقى 100 يۈەن پۇلنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم، ئەركىن پۇلنى قولىغا ئالمايلا تۇرۇۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي:

— ئەركىن كونىلاردا «ھەمساپىلىق دوست ئايرىلماس» دېگەن بىر ماقال بار، بۇ پۇل سىزگە بۇنىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ لازىم بولىدۇ، ئېلىڭ، — دېگىنىمچە ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىغا مەجبۇرى سېلىپ قويدۇم.

× × ×

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندە، ئەركىندىن كۈتمىگەندە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ ئۇنىڭ ماڭا يازغان ئىككىنچى خېتى ئىدى. ئەركىن بۇ خېتىدە، مېنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھېلىقى ئەرزىمەس ياردىمىم ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۆز يۈرەك تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىدىن يېزىسىغا قايتىپ بېرىپ، يېڭىۋاشتىن ئايشەمگۈل بىلەن يارىشىۋالغانلىقىنى، بۇ ئارىدا ئۈرۈمچىگىمۇ بېرىپ، سۈنئى پۇتمۇ سالدۇرۇپ

كەلگەنلىكىنى، شۇندىن ئېتىۋارەن ئايشەمگۈل ئېتىز - ئېرىق، ئۆي ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا، ئۆزىنىڭمۇ مەھەللىدە كىچىك بىر تىجارەت دۇكىنى ئېچىپ، بۇرۇنقى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ تىچ، ئىناق، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. مەنمۇ بۇ خەتتىن كېيىن ئۇ ئىككەيلەننىڭ ئۇزۇن يىللىق جۇدالىق ۋە ئەستىن چىقارماس بەختسىزلىكتىن كېيىن، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن يېڭى ھاياتىغا ۋە ئاللىقاچان ئۆچۈپ قالغان ئۈمىت شامىنى قايتا نۇرلاندۇرغان پاك مۇھەببىتىگە يەنىمۇ زور بەخت، خۇشاللىق، چىن ۋاپا، ساداقەت تىلەپ بىر پارچە جاۋاپ خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ يېڭى تۇي مەرىكىسىنى تەبرىكلىدىم.

يازغۇچى تۇرسۇن نىياز 1940 - يىلى قەشقەر پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ غولتوغراق يېزا، بەشتۈپ كەنتىدە دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.

1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1960 - يىلغىچە شىنجاڭ ئىنىستىتوتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1966 - يىلغا قەدەر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

1984 - يىلغىچە «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇخبىر، تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئىشلەيدۇ. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

تۇرسۇن نىياز 1960 - يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ۋە 20 پارچە ھېكايە، نەسىر ھەم مەسىلىلىرى گېزىت-ژورناللاردا ئېلان قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇ «ئۇزۇن سەپەر ناخشىلىرى» شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى.

بۇ ھېكايىلار توپلىمىغا ئاپتورنىڭ «ئۈمەت شامى ئۆچكەندە»، «چۈشىنىش»، «ئاقىۋەت» قاتارلىق 7 پارچە ھېكايىسى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# 姐　妹　(维文)

(小 说 集)

著者：买买提艾力·祖农
吐尔逊·尼亚孜
责任编辑：阿不里米提·乌斯满

喀什维吾尔文出版社出版
新 疆 新 华 书 店 发 行
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米1/32开本10·875印张
1985年10月第1版，1986年5月第1次印刷
印数：1—9700

统一书号：M10264—47　定价：0·64元

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەبەيدۇللا مەھەممەت

نومۇرى: M 10264—47

باھاسى: 4.6 يۈەن